لا إله إلا الله

عقيدة وشريعة ومنهاج حياة

# «لاالە الاالله» ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھاياتنىڭ پرىنسىپى

ئاپتورى: مۇھەممەد قۇتۇب (مىسىر)

بِسْـــــــــــــمِ اللّٰهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

﴿قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، هاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر"[1].»

---

[1] سۈرە ئەنئام: 162 ـ ئايەت.

# مۇندەرىجە


ئاپتوردىن ئىككى كەلىمە سۆز..........................5
كىرىش سۆز ..............................28
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىدە «لائىلاھە ئىللەللاھ»نىڭ تەلەپلىرى ...........................66
1. ئىمانىي تەلەپ .....................110
2. ئىبادەتتىكى تەلەپ ..................135
3. شەرىئەتتىكى تەلەپ..................162
4. ئەخلاقىي تەلەپ ....................194
5. ئىدىيىۋى تەلەپ ....................227
6. مەدەنىيەت تەلىپى ...................252
7. ئىپادىلەش تەلىپى ...................276
«لائىلاھە ئىللەللاھ» چۈشەنچىسىنىڭ بۇزۇلۇشى ..........299
«لائىلاھە ئىللەللاھ»نى بۇزىدىغان ئامىللار..............341
ئىسلام ئۆيغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەجبۇرىيىتى ..........382

بِسْــــــــــــمِ اللّٰهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

﴿ فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَاسْتَغْفِرْ لِذَنْبِكَ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَاللَّــهُ يَعْلَمُ مُتَقَلَّبَكُمْ وَمَثْوَاكُمْ﴾

«بىلگىنكى، اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر-ئايال مۇئمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، اللە سىلەرنىڭ (بۇ دۇنيادىكى) ھەرىكىتىڭلارنى ۋە (ئاخىرەتتىكى) جايىڭلارنى بىلىدۇ (شۇڭا ئاخىرەتلىك ئۈچۈن تەييارلىنىڭلار)[1].»

① سۈرە مۇھەممەد: 19 - ئايەت.

# ئاپتوردىن ئىككى كەلىمە سۆز

مەن بۇنىدىن ئىلگىرى كۆپ قېتىم «لاإلــه الاالله» ھەققىدە يازدىم.... يەنى «لاإله الاالله»نىڭ الله تەرەپتىن كەلگەن مەنىسى نېمە؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيىلىگەن تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار «لاإلــه الاالله»نى تـوغرا ئۇقـۇمى بىلەن قانداق چۈشەندى؟ نېمە ئۈچۈن «لاإله الاالله» دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسلى مەنىسىنى يوقۇتۇپ، ئېغىزدىلا دەپ قويىسا بولىدىغان «ئادەتتىكى كەلىمە»گە ئايلىنىپ قالدى؟ قانداق قىلغاندا «لاإلــه الاالله»غا ئۇنىڭ مۇكەممەل ئېنېرگىيىسىنى ۋە ئومۇمي جانلىقلىقىنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولىدۇ؟... دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە يازدىم. دېمىسىمۇ، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا (يەنى «لاإلــه الاالله»غا ئۇنىڭ مۇكەممەل ئېنېرگىيىسىنى ۋە ئومۇمي جانلىقلىقىنى قايتۇرۇپ كەلگەندىلا) ئاندىن ئۇممەت ئىسلام ھەقىقىتىگە قايتالايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يارىتىلىشتىكى مەقسىتىنى (ۋەزىپىسىنى) ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. نەتىجىدە اللەنىڭ ئۇممەتكە قىلغان ۋەدىسى ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ.

﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾

«(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان

اللەغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر[1].»

﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِّتَكُونُواْ شُهَدَاء عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا﴾

«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق[2].»

﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُم فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّن بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا﴾

«الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ[3].»

مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى «بىز مۇسۇلمانمۇ؟[4]»، «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى[5]»، «تۈزىتىشكە تېگىشلىك

---

① سۈرە ئال ئىمران: 110 ـ ئايەت.

② سۈرە بەقەرە: 143 ـ ئايەت.

③ سۈرە نۇر: 55 ـ ئايەت.

④ بۇ ئەسەرنىڭ ئەرەبچىسى 1959 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

⑤ بۇ ئەسەرنىڭ ئەرەبچىسى 1987 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

چۈشەنچىلەر[①]» ۋە «هازىرقى دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى ئىسلامى نۇقتىدىن كۆزىتىش[②]» دېگەن ئەسەرلىرىمدە «لاإله الاالله» ھەققىدە توختالغان ئىدىم.

بىراق، مەن ھەر دائىم قەلبىمدە «لاإله الاالله» ھەققىدە تېخىمۇ تولۇقراق يېزىشقا بولغان بىر قىزغىنلىقنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم. چۈنكى، مېنىڭ يازغانلىرىم «لاإله الاالله»نىڭ ئۇقۇمى، ئۇنىڭ تەلەپلىرى ۋە ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدە دېمەكچى بولغانلىرىمنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى.

مەن بۇ ئەسىرىمدە «لاإله الاالله»نىڭ مەزمۇنىنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە تولۇق ئىپادىلىدىم دەپ ئېيتالمايمەن. چۈنكى، دەرۋازا ھېلىھەم ئوچۇق. الله «لاإله الاالله» ھەققىدە يازالىغۇدەك ئىمكانىيەت ۋە ئىقتىدار ئاتا قىلغان ھەر بىر كىشى بۇ بوْيىچە تېما ھەققىدە قانچىلىك يازسا بولىدۇ. مەن بۇ ئەسىرىمدە ئىلگىرىكى يازمىلىرىمدا تولۇق يورۇتۇپ بېرىلمىگەن بىر قىسىم نۇقتىلار ھەققىدە مەركەزلىك توختالدىم ۋە «لاإله الاالله» ئۇقۇمى ھەققىدە ئىلگىرى بايان قىلىنمىغان ئومۇمىي تەرەپلەرگە بەكرەك نەزىرىمنى ئاغدۇرۇش بىلەن كۇپايىلەندىم.

مېنىڭ «لاإله الاالله» ھەققىدە قايتا-قايتا يېزىشىمغا كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ مۇشۇ مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى سەۋەپ بولدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئىسلامىي دەۋەتچىلەر، يەنە بەزىلىرى بولسا ئىسلام سېپىدىكى ئالدىراڭغۇ ياشلار، يەنە بەزىلىرى بولسا ئىسلامىي دەۋەت قالپىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان ئەلمانىيلار ئىدى... ئەلمانىيلار قارىماققا ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋاتقاندەك،

---

① بۇ ئەسەرنىڭ ئەرەبچىسى 1980 - يىلى يېزىلىپ، 1988 - يىلى نەشر قىلىنغان.
② بۇ ئەسەرنىڭ ئەرەبچىسى 1990 - يىلى نەشر قىلىنغان.

مۇسۇلمانلار مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئۇلار كىشىلەرنى ئىسلامنىڭ ئەسلى يۆنىلىشىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئازدۇرىدىغان پىكىرلەرنى تارقىتىشىدۇ①.

ئەلمانىيلار گەرچە «ئىسلام تونى»غا ئورىنىۋالسىمۇ، كۆز-قاراشتا بىر-بىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلەنسىمۇ، بىراق، ئۇلارنىڭ مەيدانى ناھايىتى روشەن بولۇپ، ئۇلار ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىشتا بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئەلمانىيلارنىڭ بەزىلىرى «دىن — پەقەتلا قەلبىدىكى ئېتىقاد بولۇشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا ئاتالمىش «كەڭ قورساق»لار بولۇپ، ئۇلار بوغۇلۇپ تۇرۇپ «دىن — قەلبىدىكى ئېتىقادتىن باشقا بەش پەرزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالسا بولىدۇ» دەيدۇ. ئەمما، ئۇلار ھەر قانداق ئەھۋالدا دىنىنىڭ ئاشۇ چەكلىك دائىرىدىن ھالقىپ، رېئال تۇرمۇشقا سىڭىپ كىرىشىنى، بولۇپمۇ دىنىنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭچە چوقۇم دىننى سىياسىيدىن، سىياسىينى دىندىن ئايرىۋېتىش كېرەك. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىشىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىق لازىم. ئەلمانىيلار ئوچۇق ئاشكارا ھالدا «دىنغا قارشى تۇرىمىز» دېمەستىن، بەلكى، ئۆزىنى نىقاپلاپ «رادىكالىزمغا قارشى

① 2012-يىلى 8-ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئامېرىكىلىق جون. ل. ئېسپوستو بىلەن دالىيە مۇجاھىد بىرلىشىپ يازغان «ئىسلامىيەتكە لىللا قارايلى» ناملىق ئەسەر ئەلمانىيلارنىڭ كىشىنى ئازدۇرىدىغان پىكىرلەرنى ئۈستىلىق بىلەن ناھايىتى چىرايلىق نىقاپلاپ تارقىتىۋاتقانلىقىنىڭ تىپىك مىسالى. بۇ ئەسەردە ئىسلامدىكى تۈپ مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغان جىھاد ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلانغان، ھەق بىلەن باتىل ئارىلاشتۇرۇلۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ يولى خىرەلەشتۈرۈلگەن، ئىسلامنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بولسا «ئاشقۇن» دەپ ئەيىبلەنگەن (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

تۇرىمىز» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ «رادىكالىزم[1]» دېگىنى اللە مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ رېئايە قىلىشى ئۈچۈن نازىل قىلغان دىنىنىڭ تۈپ ھەقىقىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىر ئاماللار بىلەن كىشىلەرنى ھەقىقى دىندىن چەكلەش ۋە توسۇشتۇر.

ئىسلام بىلەن ئەلمانىي ئېقىملار ئوتتۇرىسىدا ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تىركىشىش شارائىتى ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ-بولۇپمۇ كۆپلىگەن ئالدىراڭغۇ ياشلار-نىڭ شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسىنى مەركەز قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھازىرقى جەمئىيەتلەرنىڭ ئىسلام جەمئىيىتى بولۇشى ئۈچۈن بىردىنبىر كەم بولۇۋاتقانلىقى دەل ئاشۇ «شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلىش» مەسىلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپلىگەن ياشلارنىڭ ئېڭىدا شەرىئەت مەسىلىسى پەقەت «جازانى يولغا قويۇش[2]»قىلا مەركەزلىشىپ قالدى. بۇ ياشلار شەرىئەتنىڭ نەقەدەر كەڭرىلىكىگە، جازانى يولغا قويۇشتىن باشقا نۇرغۇن ئىجابىي تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلار «كىشىلەر ئاشۇ جازالارنى يولغا قويغان ياكى كىشىلەرنى "مۇسۇلمان" دېگەن نامغا ئىگە قىلىدىغان بەزىبىر ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ بارغان ھامان تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئورۇنداپ بولغان بولىدۇ نەتىجىدە، توغرا بىر ئىسلامىي ھايات مەيدانغا كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمما، كىشىلەرنىڭ مائارىپ پروگراممىلىرى، ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنىڭ بۇگۈنكىدەك بولۇشى

---

① رادىكالىزم - ئاتالغۇسى يېقىندىن بىرى ئۇيغۇر تىلىدا «ئاشقۇن» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. (2012- يىلى 8-ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئىسلامىيەتكە لىللا قارايلى» ناملىق ئەسەرگە قاراڭ!) (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

② ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش، زىناخورنى چالما-كېسەك قىلىش....دېگەندەك (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. ئۇلار «هۆكۈمرانلىق»نىڭ «شەرىئەت بويىچە هۆكۈم قىلىش» تەرىپىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، ئېتىقاد ۋە ئىبادەتكە ئالاقىدار تەرىپىگە قىلچە نەزەر سالمايدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا بۇ ياشلار قانۇن چىقىرىشتىكى «شېرىك»كە ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىپ، ئېتىقاد ۋە ئىبادەتتىكى شېرىككە هەرگىز كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ دىندا مۇشۇ ئۈچ تەرەپ ئوخشاشلا مۇهىم بولۇپ، هەممىسى «لاإله الاالله»نىڭ ئۇقۇمى دائىرىسىگە تەۋە. «بۈگۈنكى دەۋر مۇسۇلمانلىرى»نىڭ هاياتىدا «چاتاق» مۇشۇ ئۈچ تەرەپتە تەڭ يۈز بېرىۋاتىدۇ.

ئەگەر بىرەر مۇتەپەككۇر ياكى دەۋەتچى مەقسەتسىز هالدا (مەلۇم بىر تەرەپكە يان باسمىغان هالدا) «مەن مۇشۇ دەۋردە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ياكى كەڭ كۆلەملىك يامرىغان مەلۇم بىر جىنايەتكە تاقابىل تۇرۇۋاتىمەن، مۇشۇ مەسىلىدە كىشىلەرنى اللەنىڭ هۆكمىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن جىهاد قىلىۋاتىمەن» دېگەن نىيەت بىلەن مۇشۇ ئۈچ تەرەپنىڭ بىرىنى باشقىلىرىغا قارىغاندا بەكرەك مەركەز قىلىپ قالغان بولسا، ئەمما، باشقىلىرىغىمۇ نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، يېتەرلىك دەرىجىدە ئەهمىيەت بەرگەن بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ.

مەسىلەن، شەيخ ئىسلام ئىبن تەيمىيە ـ الله ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن! ـ اللەنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى مەسىلىسىنى بەكرەك مەركەز قىلدى. چۈنكى، شۇ دەۋردە ئازغۇن «پىرقە»لەر مۇشۇ مەسىلىدە هەقتىن يۈتۈنلەي ئېغىپ، ئەقىدىنى بۇزدى. نەتىجىدە بۇ مەسىلىنى بەكرەك مەركەز قىلىش «زاماننىڭ ئېهتىياجى» بولۇپ قالدى. ئەمما، ئۇ نوقۇل بۇ مەسىلىنىلا مەركەز قىلماستىن، بەلكى، كىتاب ۋە پەتىۋالىرىدا باشقا مەسىلىلەرنىمۇ سۆزلىدى ۋە

باشقا تەرەپلەرگىمۇ يېتەرلىك ئەھمىيەت بەردى.

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب ـ اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ـ ئەۋلىيا، مازار ۋە قەبرىلەرگە ئىبادەت قىلىش مەسىلىسىنى بەكرەك مەركەز قىلدى. چۈنكى، بۇ مەسىلە ئۆز دەۋرىدە «زامانىنىڭ ئېھتىياجى» بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەر تۈرلۈك كىتابلىرىدا باشقا مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ سۆزلىدى ۋە باشقا تەرەپلەرگىمۇ يېتەرلىك ئەھمىيەت بەردى.

سەيىد قۇتۇب بولسا شەرىئەتنى قانۇن قىلىش مەسىلىسىنى بەكرەك مەركەز قىلدى. چۈنكى، بۇ مەسىلە بۈگۈنكى دەۋردە «زامانىنىڭ ئېھتىياجى» بولۇپ قالدى. بىراق ئۇ «قۇرئان سايىسىدا»، «ئىسلامىي تەسەۋۋۇرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» ۋە «ئىسلامىي تەسەۋۋۇرنىڭ پرىنسىپلىرى» ناملىق ئەسەرلىرىدە باشقا تەرەپلەر ھەققىدە ئەتراپلىق ۋە يېتەرلىك سۆزلىدى.

بىراق، ئاشۇ ئۇستازلارنىڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ئۇلارنىڭ ھەممە مەسىلىگە تەڭ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىشتى ـ دە، ئىبنى تەيمىييەنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى پەقەت «ئىسىم ۋە سۈپەت مەسىلىسى»نىلا مەركەز قىلىۋالدى. گويا پەقەت ئاشۇلا «ئەقىدە» دەك...

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولسا يالغۇز قەبرىدىكى شېرىككىلا ئېسىلىۋالدى. گويا پەقەت ئاشۇلا «شېرىك[①]» دەك...

① سەئۇدىي ئەرەبىستاندا نەشر قىلىنغان ياكى سەئۇدىيلىق ئالىملار تەرىپىدىن يېزىلغان تەۋھىد كىتابلىرىدا «قەبرىدىكى شېرىك»نى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈش ۋە «ھاكىمىيەتتىكى شېرىك»تىن ئۆزىنى قاچۇرۇش خاھىشى بىر قەدەر ئېغىر (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

سەيد قۇتۇبنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولسا شەرىئەتنى قانۇن قىلىش مەسىلىسىگىلا چىڭ يېپىشتى. گويا پەقەت ئاشۇلا «دىنىنىڭ ئاساسى»دەك...

ئاشۇ ئەگەشكۈچىلەر چوقۇم ئۇستازلانىڭ بارلىق ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىشقا ئادەتلىنىشى، ئۇستازلار ئۆز دەۋرىدىكى مۇئەييەن شارائىت سەۋەبىدىن بەكرەك مەركەز قىلىپ قالغان تەرەپلەرگىلا چىڭ ئېسىلىۋالماسلىقى لازىم.

* * * * *

مېنىڭ بۇ سەھىپىلەردە گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغىنىم: مەيلى ئېتىقاد ساھەسى بولسۇن ياكى ئىبادەت شۇئارلىرى[1] ساھەسى بولسۇن ياكى شەرىئەتنى قانۇن قىلىش ساھەسى بولسۇن «لاإله الاالله»نىڭ بىز سۆزلەپ ئادەتلەنگەن ئاشۇ بىر نەچچە ساھەدىلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت. دېمىسىمۇ، الله بۇ ئۈچ ساھەنى بىردەك ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان بولۇپ، بۇ ئۈچىنىڭ ياكى ئۈچتىن بىرەرىنىڭ بۇزۇلۇشى «لاإله الاالله»نىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى، «لاإله الاالله» ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى بىردەك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەيلى چوڭ ئىش بولسۇن ياكى كىچىك ئىش بولسۇن، «لاإله الاالله» بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا باغلىنىشى بولسۇن ياكى كىشىلەرگە «لاإله الاالله» بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى يوقتەك كۆرۈنسۇن ھېچبىر ئىش «لاإله الاالله»نىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدۇ. مۇنۇ ئايەت كەرىمە

---

① ئىبادەت شۇئارلىرى ئەرەب تىلىدا «الشعائر التعبدية» دېيىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى «ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج» قاتارلىق ئېنىق شەكىل ۋە تەرتىپكە ئىگە بولغان ئىبادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ بەزى جايلاردا «ئىبادەت شۇئارلىرى»، بەزى جايلاردا «بەش پەرز» دەپ تەرجىمە قىلىندى (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ.

﴿قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، هاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت- ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر"[1].»

بىز توغرا ئېتىقادقا ئىگە بولغان، ئىبادەتتە شېرىكتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلغان ۋە سوت مەھكىمىلىرىمىز اللهنىڭ شەرىئىتى بىلەن هۆكۈم قىلىدىغان هالەتتىمۇ، ئەگەر بىز ئىلمىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائى ۋە ئىدىيىۋى جەھەتتە قالاق بولساق، ئاندىن شۇ هالەتتە تۇرۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ قالاق هالىتىمىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن هېچقانداق هەرىكەت قىلمىساق، ئۇنداقتا، بىز «لاإله الاالله»نىڭ تەلىۋىگە تولۇق رىئايە قىلغان بولمايمىز. چۈنكى، بۇ ئىشلارنىڭ هەممىسى «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، بۇ هەقتە الله ۋە پەيغەمبەرنىڭ مۇسۇلمان ئۈممەتكە زۆرۈر بولغان روشەن تەلىماتلىرى بار. بۇ تەلەپلەر مەيلى «پەرز ئەيىن» بولسۇن ياكى «پەرز كۇپايە» بولسۇن ياكى «پەرز» دېگەن نام بىلەن ئاتالمىغان بولسۇن دىنىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى بولسىلا، «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنىڭ قاتارىدىن بولسىلا هەممىسى ئوخشاشلا مۇهىم ۋە زۆرۈردۇر.

كۆپلىگەن ئىسلام پائالىيەتچىلىرى مەندىن مۇنداق دەپ سورىشىدۇ: بىز قاچانغىچە «لاإله الاالله» هەققىدە سۆزلەۋېرىمىز؟ بىزنىڭ كېيىنكى باسقۇچقا... يەنى «ئەمەلىي هەل قىلىش»

[1] سۈرە ئەنئام: 162 ـ ئايەت.

باسقۇچىغا «كۆچۈش» ۋاقتىمىز تېخى يېتىپ كەلمىدىمۇ؟!

مانا، ئاشۇ سوئاللار مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشىمدىكى تۈرتكىلىك ئامىل بولۇپ قالدى!

بىرىنچىدىن، بۇ يەردىكى مەسىلە ھەرگىزمۇ «لاإلــه الاالله» ھەققىدە «سۆزلەپ» قويۇش مەسىلىسى ئەمەس. بەلكى، «لاإلــه الاالله» ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرى ھەققىدە سۆزلەش بولسا ئۇزاق يولدىكى تۇنجى قەدەم بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋەتچىلەر مۇشۇ يولدا ماڭغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇممەت «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرى ئاساسىدا تەربىيىلەپ چىقىلىدۇ. ئىش ئالدى بىلەن كىچىك بىر بازا تەربىيىلەشتىن باشلىنىدۇ. بۇ بازا ئۇممەتنىڭ ئىچىدىكى باشقا كىشىلەرگە ئۈلگە بولىدۇ. كىشىلەر ئاشۇ ئۈلگىنىڭ نۇرى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئون ئۈچ يىل، مەدىنىدە ئون يىل مۇشۇنداق قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى دەۋەتچىلەرمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك.

ئەمما، بۈگۈن بۇ ئىش تېخى پۈتمىدى. ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر مەزگىللىك ۋاقىتقا ۋە ئۇنى ئورۇنداش ئۈچۈن يېتەرلىك تىرىشچانلىققا مۇھتاج. بۇ جەرياندا «لاإلــه الاالله» ھەققىدىكى سۆز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە تەربىيە ۋە تەييارلىق باسقۇچلىرىدىن ھەر بىر باسقۇچتا، بەلكى، ھەر قانداق بىر باسقۇچتا «لاإله الاالله» ھەققىدىكى سۆز ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا ئۇچراشقانغا قەدەر «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرى ھەققىدىكى سۆزدىن ئەسلا توختاپ قالغان ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، ئىسلام پائالىيەتچىلىرى «كۆچۈش»نىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە سۆزلەۋاتقان «ئەمەلىي ھەل قىلىش» بولسا قانداقتۇر تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق باشقا بىر تەرەپكە يۈزلىنىش مۇددىئاسىدا «لاإله الاالله»دىن «كۆچۈش» ئېھتىياجى تۇغۇلغىدەك «لاإله الاالله»نىڭ سىرتىدىكى مەسىلە ئەمەس. بەلكى، «لاإله الاالله»نىڭ بىر تەركىۋى قىسمى بولۇپ، بىز باشقا بىر تەرەپكە يۈزلىنىش مەقسىتىدە «لاإله الاالله»دىن «كۆچۈش»كە مۇھتاج بولمايمىز! مەيلى بىزنىڭ ئىزدىنىشلىرىمىز قانداق بولسۇن، يۈزلىنىشلىرىمىز قانداق بولسۇن بىز ھەر دائىم «لاإله الاالله»دىن ئىبارەت ئومۇمىي بىر دائىرىنىڭ ئىچىدە بولىمىز. بۇ دائىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيمىز. چۈنكى، اللەنىڭ دىنىدا ۋە رېئال تۇرمۇشتا «لاإله الاالله»نىڭ دائىرىسى بولغان «نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم»نىڭ سىرتىدا قالىدىغان ھېچبىر ئىش مەۋجۇت ئەمەس.

ئەمما، رېئال تۇرمۇشتا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئەمەلىيەت شۇكى، بىز «لاإله الاالله»نىڭ ساھەلىرى ئىچىدىكى بىر ساھەدىن يەنە بىر ساھەگە، ئۇنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ئىچىدىكى بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا كۆچىمىز... خۇددى تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار مەككىدىكى ئاجىز جامائەت باسقۇچىدىن مەدىنىدىكى كۈچەيگەن جامائەت باسقۇچىغا كۆچكەندەك، مەدىنىنى مەركەز قىلغان دۆلەت باسقۇچىدىن ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت باسقۇچىغا، ھەتتا، يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا سوزۇلغان چوڭ دۆلەت باسقۇچىغا كۆچكەندەك كۆچىمىز. شەخسلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئەقىدىنى مۇستەھكەملەش باسقۇچىدىن ھەرىكەتچان جەمئىيەت قۇرۇش

باسقۇچىغا كۆچكەندەك، ئۆز ئەتراپىدا توپلىشىپ تۇرغان جاھىلىيەتكە روبىرو تۇرۇش باسقۇچىدىن ئىلاھىي پرىنسىپنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئىچكى، تاشقى، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق... قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەردە ئەمەلىي ئىجرا قىلىش باسقۇچىغا كۆچكەندەك كۆچىمىز. بىراق، ھەر قانداق ئەھۋالدا «ئىش» «لاإله الاالله»نىڭ دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ غەيرىگە «كۆچمەيدۇ»، شۇنداقلا، «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرى ھەققىدىكى دائىملىق سۆزمۇ ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ.

* * * * *

بىزنىڭ ھازىرقى رىئاللىقىمىزدا كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ئىلىم، مەدەنىيەت، «تېخنولوگىيە»، ئەدەبىيات، سەنئەت، ئىدىيە، ئىجتىمائىيەت ۋە ئىقتىساد مەسىلىلىرى ئىگىلەپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇ مەسىلىلەر پۈتۈنلەي «ئوبيېكتىپ» مەسىلە ياكى ساپلا «سەنئەت» مەسىلىسى ۋەياكى دىنىي رامكىنىڭ سىرتىدىكى «ئەلمانىزم» مەسىلىسى بولۇپ، بۇنىڭدا مۇئمىن بىلەن كاپىر باراۋەر. ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان تىرىشچانلىقى چوقۇم ئوبيېكتىپ بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئەقىدە بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق. بۇ خىل ئېھتىياج (ئۇممەتنىڭ ئىلىم-پەننى قوغلىشىش ئېھتىياجى) تەبىئىيكى «قالاقلىقتىن قۇتۇلۇش»، «مەدەنىيەت كارۋىنىغا يېتىشىۋېلىش»، «يېڭى دۆلەت» ۋە «دەۋرگە لايىق تۇرمۇش» بەرپا قىلىش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان.

كىشىلەرنىڭ بۇ خىل كۆز-قاراشقا كېلىپ قېلىشى مۇنداق ئۈچ خىل سەۋەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك:

بىرىنچى سەۋەپ، ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ «بۆگۈنكى دەۋر مۇسۇلمانلىرى»غا كۆرسەتكەن تەسىرى... «بۆگۈنكى دەۋر مۇسۇلمانلىرى» ئىلىم، مەدەنىيەت ۋە تېخنولوگىيە مەسىلىسىدە ئۆزى ئۈچۈن يېتەكچى ۋە يولباشچى قىلىۋالغان ياۋروپا دىنىنى يالغۇز ئەقىدە ئىچىگىلا «قاماپ» قويىدى ۋە ئۇنى چۆرۈپ تاشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىنى (ئىلىم، مەدەنىيەت ۋە تېخنولوگىيە...قاتارلىقلارنى) دىنىي رامكىدىن پۈتۈنلەي يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغان «ئەلمانىزم» روھى بىلەن قوبۇل قىلدى.

ئىككىنچى سەۋەپ شۇكى، ئىسلام ئۈممىتى ـ ئەقىدە جەھەتتىكى قالاقلىقى ئىچىدە ـ ئىزچىل تۈردە «لاإلــه الاالله»نى ئارقىغا چىكىندۈرۈپ، ئۇنى ھەقىقى مەزمۇنىدىن قۇرۇقداپ قويىدى ۋە ئۇنى ئېغىزدىلا ئېيتىپ قويسا بولىدىغان «ئادەتتىكى كەلىمە»گە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ياكى كۆپ بولغاندا ئېغىزدا ئېيتقاندىن باشقا كۆڭۈلدە ساقلىنىدىغان تۇيغۇغا ۋە بەش پەرزگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا رىئال تۇرمۇشتا «لاإلــه الاالله» ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان ئەڭ چوڭ ئىش ئاشۇ كۆڭۈلدىكى تۇيغۇ ۋە بەش پەرزدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ تەسىرى ۋە ئەقىدە جەھەتتىكى قالاقلىقنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تەسىرنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىلىم، مەدەنىيەت تېخنولوگىيە كۈچى قاتارلىق ئىشلار «لاإلــه الاالله»نىڭ ساھەلىرى ئىچىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ناۋادا بىز ئاشۇ ساھەلەردە مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنداقتا، ئىش كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا «لاإلــه الاالله»دىن ئاشۇ ساھەلەرگە «كۆچۈشىمىز»گە مۇھتاج بولىدۇ.

ئەمما، ئۈچىنچى سەۋەپ كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى چۇلغىۋالغان ۋەھىمىنىڭ ئەكس ساداسىدۇر... يەنى كىشىلەر: «تېخنولوگىيە ئىنقىلاۋى» دۇنيانى «كىچىك كەنت»كە ئايلاندۇرۇپ قويدى. كەنت ئاھالىلىرى ھاياتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن ئورتاق ئىدىيە ۋە ئورتاق چۈشەنچىدە بىر-بىرى بىلەن چىقىشىپ ياشىشى لازىم. بۇ يەردە ئىلىم، مەدەنىيەت ۋە تېخنولوگىيە تەرەققىياتى بىردىنبىر «ئۆلچەم» ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئۆلچەمنىڭ شەكلى، ھەجمى ۋە مەزمۇنى بىردەك بولۇپ، ئۇنى زەپەر قۇچقان غەرب ئىشلەپ چىقىرىدۇ. «ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى» ئىستىمال قىلىش ئۈچۈن ئۇنى غەربتىن «ئىمپورت قىلىدۇ»، بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق، بۇنىڭدىن باشقا تاللاشمۇ يوق دەپ قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان ۋەھىمە ۋە باتىل گۇماندۇر...

ياۋروپانىڭ دىنغا قارىتا تۇتقان خاتا مەسلىكى (پوزىتسىيىسى) ھەرگىزمۇ ئەگەشكىلى بولىدىغان ئۈلگە ئەمەس... چۈنكى، دىنىنى دۈشمەن تۇتقان ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ يىرىمى يىمىرىلىپ بولدى... كېيىنكى يىرىمى بولسا يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر بىز جاھىلىيەتنىڭ كۆز ئالدىمىزدا يىمىرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يىمىرىلگەن ئۈلگىگە چىڭ ئېسىلساق، ئۇنداقتا، بىز پۈتۈنلەي ھاماقەتلىك قىلغان بولىمىز. (ھېلىمۇ بۇ ئۈلگىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق)، مۇبادا بىز ئۇنىڭ يىمىرىلمەي مۇستەھكەم تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھالەتتىمۇ ئەگەر ئۇنىڭغا ئېسىلساق، ئوخشاشلا ئەخمەقلىق قىلغان بولىمىز. چۈنكى، اللە بىزگە ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى سەۋەبىدىن ئاخىرەتتە

زىيان تارتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئۇلار دۇنيادىمۇ زىيان تارتقان تۇرسا ھەمدە ئۇلارنىڭ يىمىرىلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۈيۈك مۆجىزىنى الله بىزگە كۆرسەتكەن تۇرسا بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىمىز؟!

﴿وَتِلْكَ الْأَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ وَمَا يَعْقِلُهَا إِلَّا الْعَالِمُونَ﴾

«بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ.①»

ئەقىدە قالاقلىقى «پەرز كىپايە»نى بەلكى، «پەرز ئەين»نىمۇ «لاإله الاالله»نىڭ دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتتى. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى بولسا دەل مۇشۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن مەيدانغا كەلدى. شۇڭا ئىسلام پائالىيەتچىلىرى بۇ خاتالىققا چۈشۈپ قالماسلىقى، «لاإله الاالله»دىن، «لاإله الاالله»نىڭ ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆزدىن، بۇ سۆزنى تەكرارلاشتىن ۋە ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشتىن زېرىكىپ قالماسلىقى لازىم. ھېچبولمىغاندا «لاإله الاالله» ئۇممەتنىڭ ھاياتىدا... ھەر قايسى ساھەلەردە... پەيدا بولغان مەدەنىيەت، ئىلىم، تېخنولوگىيە، ئىدىيە ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى قالاقلىقنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى بولغان ئەقىدە جەھەتتىكى قالاقلىقتىن ئۇممەتنى قۇتقۇزالايدىغان دەرىجىدىكى بەلگىلىك رىئاللىققا ئايلىنىشى لازىم. چۈنكى، الله قۇرئان كەرىمدە گەرچە «لاإله الاالله»نىڭ ھەر قايسى پىرىنسىپلىرى بەلگىلىك رىئاللىققا ئايلىنىپ بولسىمۇ، بىراق، بۇ ھەقتىكى

---

① سۈرە ئەنكەبۇت: 43 ـ ئايەت.

سۆزنىڭ مەڭگۇ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى بىرگە ئۆگەتتى. شۇڭا مەدىنىدە يەنى مۇسۇلمان جەمئىيەت، مۇسۇلمان دۆلەت قۇرۇلۇپ بولغان، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان بىر ئۇممەتنىڭ ئىچىدە ئىلاھىي پرىنسىپ يولغا قويۇلغان («لاإله الاالله» ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان)دىن كېيىنمۇ اللهنىڭ مۇنۇ سۆزى نازىل بولدى:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ آمِنُواْ بِاللّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِيَ أَنزَلَ مِن قَبْلُ وَمَن يَكْفُرْ بِاللّهِ وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيدًا﴾

«ئى مۇئمىنلەر! اللهغا، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە الله ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى اللهنى، اللهنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ[1].»

يۇقىرىقى ئايەت بىزگە گەرچە «لاإله الاالله»نىڭ پرىنسىپلىرى ئەمەلىي رېئاللىقتا ئىشقا ئېشىپ بولسىمۇ، بىراق، بۇ ھەقتىكى سۆزنىڭ مەڭگۇ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى، «لاإله الاالله» ھەر دائىم ئەسلىتىشكە، ھەر دائىم مۇستەھكەملەشكە مۇھتاج!.

ئەمما، «يەر شارى "كىچىك كەنت"كە ئايلىنىپ قالدى، بىر كەنت ئاھالىلىرى چىقىشىپ ياشاش لازىم» دېگەن شوئار نىمە

---

① سۈرە نىسا: 136 ـ ئايەت.

دېگەن يالغان ۋە ساختا «توقۇلما» ھە!؟[1].

ئاشۇ «كەنت»تە... بوسنىيە-گېرتسېگوۋنادا، بىرمادا، فىلىپپىندا، ھىندىستاندا، كەشمىردە، پەلەستىندە، تۈركىستاندا خۇداسىزلار، بۇتپەرەسلەر، مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار مۇسۇلمانلارنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلىۋاتىدۇ (بۇنداق ۋەھشىيلىكنى ياۋايى ھايۋانلارمۇ سادىر قىلمايدۇ). بىز مۇسۇلمانلار پەقەت مۇسۇلمان بولغىنىمىز ئۈچۈنلا ئاشۇ «كەنت»تە ئۆلتۈرۈلۈش ۋە قىرغىن قىلىنىشتىن باشقا نېمىگە ئېرىشتۇق؟! بۈيۈك الله ھەقىقەتەن راست ئېيتتى:

﴿وَلَن تَرْضَى عَنكَ الْيَهُودُ وَلاَ النَّصَارَى حَتَّى تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ﴾

«سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ[2].»

«بىر كەنتتە چىقىشىپ ياشاش»نى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بىزنىڭ ئاشۇ كەنتتىكى زالىملار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىمىز ئۈچۈن «مۇرتەد» بولۇشىمىزنى خالامدۇ؟ ياكى ئۇلار بىزنىڭ «زالىم قەۋم» بىلەن بىرگە ياشىشىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم ۋە پەن-تېخنىكىلىرىنى ئۇلار تەقدىم قىلىۋاتقان شەكىلدە قوبۇل قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلامدۇ؟ ياكى جاھىلىيەتكە خاس تەرەپپازلىق بىلەن بىزگە قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان كەنت زالىملىرىدىن «ئىجارە ئالىدىغان ئۆي»گە ئېرىشىش ئۈچۈن سالاھىيىتىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزنى، الله بىزنى پەرقلىق قىلىپ

---

① جۇڭگودا تەكتلىنىۋاتقان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» شوئارى بۇ خىل يالغانچىلىق ۋە ساختىپەزلىكنىڭ تىپىك مىسالى.

② سۈرە بەقەرە: 120- ئايەت.

ياراتقان پرىنسىپلىرىمىزدىن ۋاز كېچىشىمىزنى ئارزۇ قىلامدۇ؟

ئۇلار دەۋاتقان ئاشۇ «كەنت»تىكى بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق قېنى؟!...

نېمە ئۈچۈن فرانسىيىگە ياكى فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا «بىر كەنت» ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن رىقابەتلىشىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ؟! جۇڭگولۇقلارنىڭ «كەنت»نىڭ سىرتىدا «تۇرمۇش كەچۈرۈش»ىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ؟ ياپونلارنىڭ «كەنت»نىڭ بىر تەرىپىدە ئۆزىگە ئايرىم «داچا» قۇرۇۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ؟! ئەمما، نېمىشقا زالىم كەنت خوجايىنلىرى بىلەن چىقىشىپ ياشاش ئۈچۈن پەقەت مۇسۇلمانلاردىنلا ئۆزىنىڭ خاس سالاھىيىتىدىن ۋاز كېچىش تەلەپ قىلىنىدۇ؟![1]...

مانا بۇ، «بىر كەنتتە چىقىشىپ ياشاش» شوئارىغا قارىتا بىزنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىمىز. ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا «"تېخنولوگىيە" ئىنسانىنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ ياكى ئىنساننىڭ ئىنسانىيلىقى پەقەت "تېخنولوگىيە" ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ» دەيدىغان گۇمان بولسا «ھازىرقى ئىنسان»نىڭ ئىنسانىي پرىنسىپلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىنكى «ماددا» ئالدىدىكى تەسلىمچىلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇ.

الله ئىنسانىنى ياراتتى، ئىنساننىڭ اللهنىڭ ئىزنى بىلەن

① فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر كاپىتالىستىك تۈزۈمدىكى دۆلەت؛ جۇڭگو سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى دۆلەت؛ ياپونىيە بولسا كاپىتالىزمىمۇ سوتسىيالىزمىمۇ تەۋە ئەمەس، بەلكى، خان-پادىشاھلارنى ئىلاھ دەپ قارايدىغان ساموراي روھىغا ئىگە دۆلەت. بۇلارنىڭ قايسى خىل تۈزۈمدە بولۇشى ئۇلارنىڭ خەلقئارالىق ئىتتىپاقىغا ۋە دۇنياۋى دوستلۇقىغا قىلچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ تۈزۈم ۋە پرىنسىپلىرىدىن ۋاز كېچىش تەلەپ قىلىنمايدۇ (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

زېمىندا خوجايىن بولۇشى ئۈچۈن ياراتتى:

﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ”مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن“ دېدى[1].»

الله ئىنسانىنى زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئىنسانغا ئاسانلاشتۇردى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئاسمان-زېمىننىڭ ئېنېرگىيىلىرىنى ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەردى:

﴿هُوَ أَنشَأَكُم مِّنَ الأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا﴾

«الله سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى[2].»

﴿وَسَخَّرَ لَكُم مَّا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا﴾

«الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى[3].»

ئىنسان مەيدانغا كەلتۈرگەن بارلىق «پەن-تېخنىكا»لار ئىنساننىڭ اللهنىڭ ئىزنى بىلەن يەر شارىدا خوجايىن بولۇپ، زېمىننى گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئىدى... بىراق، قەدىمقى بۇددىزىم جاھىلىيىتىدە ئىنسان بۇتنى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغاندەك «ھازىرقى زامانىۋي ئىنسان» ئۆز قولى بىلەن ياسىغان نەرسىلەر ئالدىدا باش ئەگدى ۋە

---

① سۈرە بەقەرە: 30- ئايەت.

② سۈرە ھۇد: 61- ئايەت.

③ سۈرە جاسىيە: 13- ئايەت.

«مېخانىكا»غا قۇل بولدى.

دەل شۇنىڭدەك، ئىنسان اللە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەن چاغدا ئۆزىنى باتىل ئىلاھلارغا قۇل قىلىپ تاپشۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئەركىنلىكىنى يوقۇتىدۇ. گۇمان، خاھىش ۋە ئارزۇلار ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. بۇ گۇمان، خاھىش ۋە ئارزۇلار مەيلى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن كېلىپ چىققان بولسۇن ياكى زېمىندا يوغانچىلىق قىلىۋاتقان ھوقۇقدارلار تەرىپىدىن مەجبۇرىي تېڭىلغان بولسۇن ئوخشاش!...

ئەمما، ئەقىدىلىك كىشىنى باتىل ئىلاھلار قۇل قىلالمايدۇ. ئارزۇ-ھەۋەسلەر ئۇنى بويسۇندۇرالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ شېرىكى يوق يالغۇز بىر اللەغا ئىبادەت قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ اللەنىڭ غەيرى ئالدىدىكى ساختا قۇللۇقنىڭ خارلىقىدىن ئازات بولىدۇ.

«كەنت»تىكى زالىملارنىڭ تۇرالغۇسىغا قىزىقىۋاتقانلار بىزنىڭ «تەرەققىيات» ۋە «مەدەنىيەت»نى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، قالاقلىق تامغىسىنى ئۆزىمىزدىن يوقۇتىشىمىز ۋە «دەۋر روھى» بىلەن ياشىشىمىز ئۈچۈن «تېخنولوگىيە ئىنقىلاۋى»نىڭ ئۇلارنى قۇل قىلغاندەك بىزنىمۇ قۇل قىلىشىنى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيلىقىنى يەپ كەتكەندەك بىزنىڭمۇ ئىنسانىيلىقىمىزنى يەپ كېتىشىنى خالامدۇ؟!

توغرا، بىز مۇسۇلمانلار بۈگۈن ھەر قايسى ساھەلەردە ھەقىقەتەن ئارقىدا قالدۇق. ئەمما، قالاقلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز توغرا ئەمەس!.

بىزنىڭ قوللىنىشقا تېگىشلىك ئۇسۇلىمىز شۇكى، بىز ئالدى بىلەن «لاإله الاالله»نى چىقىش نۇقتىسى قىلىمىز ئاندىن ئىلمىي تەرەققىيات ۋە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ بارلىق ئامىللىرىنى

«لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز. نەتىجىدە ئالدى بىلەن يەر شارىدا ھۆر بولىمىز، ھۆرلىكىمىزنى شېرىكى يوق، يالغۇز بىر اللەغا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئالىمىز. ئاندىن كېيىن زالىم كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن يېتەكچى ۋە يولباشچى بولىمىز. ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيمىز. ھەرگىزمۇ ھازىرقىدەك ئۇلارغا بېقىندا بولۇپ ئۇلارنىڭ قەدەملىرى ئاستىدا ئېزىلمەيمىز.

ھەر قانداق ئەھۋالدا بىز بىرىنچىدىن، بارلىق تەلەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان «لاإله الاالله»نىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەقىقى توغرا ئۆلچەملەر بىلەن نىجاتلىق ۋە ياخشىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، يەر شارى رىئاللىقىدا ئارزۇيىمىزدىكى ئىسلاھات تەرەپكە باشقا ھەر قانداق بىر تۈرتكە بىلەن ئەمەس، بەلكى، «لاإلــه الاالله»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تۈرتكىسى بىلەن ھەرىكەتلىنىشىمىز كېرەك... گاھىدا ئىمان شېرىك تۈرلىرىدىن بىرەر تۈر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ﴿وَمَا يُؤْمِنُ أَكْثَرُهُمْ بِاللّهِ إِلاَّ وَهُم مُّشْرِكُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ تولىسى اللەغا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ[1].» بۇنداق چاغدا بىز ھەر بىر ھەرىكىتىمىزنى «لاإلــه الاالله» پەرز قىلغان ۋە ئايدىڭلاشتۇرغان شەرىئەت ئۆلچەملىرى بىلەن ئۆلچىشىمىز كېرەك.

﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ﴾

«اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان

---

[1] سۈرە يۈسۈف: 106 ـ ئايەت.

چاغدا، ئەر-ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)[1].»

مانا بۇنىڭ بىلەن بىز ئىسلام ئۇممىتىگە ئۈمىد قىلىۋاتقان غايىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز. ئۇممەت ئۆز ۋەزىپىسىنى توغرا ئۇسۇلدا ئادا قىلغان چاغدا الله مۇشۇ ئۇممەتكە تەقدىر قىلغان «ياخشىلىق»قا ئېرىشەلەيمىز.

﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّهِ﴾

«(ئى مۇھەممەد ئۇممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللەغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر[2].»

«لاإلـه الاالله»دا ئەكس ئەتكەن ئىلاھىي پرىنسىپتىكى بۇ ئومۇمىي ھەقىقەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن مۇنۇ سەھىپىلەرنى يازدىم...

ئى الله! ئەگەر بۇ ئەسىرىم ئارقىلىق بىرەر مەنپەئەتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بەرسەڭ ئۇنىداقتا، بۇ سېنىڭ مەرھەمىتىڭدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ماڭا مېنىڭ توغرا نىيىتىم كۇپايىدۇركى، مەن ئۇنىڭ ساۋابىنى سەندىن ئۈمىد قىلىمەن:

﴿إِنْ أُرِيدُ إِلاَّ الإِصْلاَحَ مَا اسْتَطَعْتُ وَمَا تَوْفِيقِي إِلاَّ بِاللّهِ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ﴾

---

① سۈرە ئەھزاب: 36- ئايەت.

② سۈرە ئال ئىمران: 110- ئايەت.

«مەن پەقەت (سـىلەرنى) قولۇمـدىن كېلىـشىچە تۈزەشـنى خالايمەن، مەن پەقەت اللەنىڭ ياردىمى بولغانـدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنـالايمەن، (ھەمـمە ئىـشتا) اللەغـا تـايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغـا يۈزلىنىمەن[1].»

ـ مۇھەممەد قۇتۇب

---

① سۈرە ھۇد: 88ـ ئايەت.

# كىرىش سۆز

بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز قەۋملىرىگە ئېلىپ بارغان دەۋىتى «لاإلـــه الاالله» يەنـى «ئـى قەۋمـىم! اللەغـا ئىبـادەت قىلىڭــلار، سـىلەرگە اللەدىــن باشـقا مەبـۇد (بەرھەق) يوقتـۇر» دېگەنــدىن ئىبارەت بىرلا دەۋەت ئىدى...

قۇرئان كەرىمدىكى كۆپلىگەن سۈرىلەردە بولۇپمۇ ئەئراف، ھۇد ۋە شـۇئەرا سـۈرىلىرىدە ھەر قايـسى قەۋمـلەرگە ئەۋەتىلــگەن پەيغەمبەرلەرنــىڭ ئوخــشاش بىــر شــەكىلدىكى تــارىخى بايــان قىلىنىدۇ. ھەر بىر پەيغەمبەر ئوخشاش بىر سۆز («لاإله الاالله»)نـى جاكالايدۇ. ئـۇ كىتـىپ، ئۇنىڭـدىن كېيىن كەلـگەن پەيغەمبەرمـۇ يەنە شـۇ سـۆز («لاإلـــه الاالله»)نـى ئوتتۇرىغـا قويـىدۇ. دەۋرنىــڭ ئوخــشىماسلىقى، مىللەتلەرنىــڭ تىلىنىــڭ ئوخــشىماسلىقىدىن قەتئىيــنەزەر گويــا پەيغەمبەرلەرنىــڭ ھەممىـــسى پەقەت بىـــرلا پەيغەمبەردەك!...

﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَى قَوْمِهِ إِنِّي لَكُمْ نَذِيرٌ مُّبِينٌ،أَن لاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ اللّهَ إِنِّيَ أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ أَلِيمٍ﴾

«شۈبھىــسىزكى، بىــز نــۇھنى قەۋمــگە پەيغەمــبەر قىلىـــپ ئەۋەتتـــۇق، ئـــۇ: "مەن ھەقىـــقەتەن ســـىلەرگە ئوچـــۇق ئاگاھلانـدۇرغۇچىمەن. بىـر اللەدىـن باشـقىغا ئىبـادەت قىلمـاڭلار، سىلەرنىڭ قاتتىق كۈننىـڭ ئازابىغـا ئۇچرىـشىڭلاردىن قـورقىمەن"

دېدى[1].»

﴿وَإِلَى عَادٍ أَخَاهُمْ هُودًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ﴾

«ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق، ھۇد ئېيتتى: "ئى قەۋمىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر"[2].»

﴿وَإِلَى ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَالِحًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ﴾

«سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: "ئى قەۋمىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر"[3].»

﴿وَإِلَى مَدْيَنَ أَخَاهُمْ شُعَيْبًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ﴾

« مەديەن (ئەھلى)گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: "ئى قەۋمىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر"[4].»

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: "مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار" دەپ ۋەھيى

---

① سۈرە ھۇد: 25-26- ئايەتلەر.
② سۈرە ھۇد: 50- ئايەت.
③ سۈرە ھۇد: 61- ئايەت.
④ سۈرە ھۇد: 84- ئايەت.

قىلدۇق[1].»

سۈرە «ھاققە»نىڭ ئايىتى قەۋملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت تەبىئىيكى، ھەر بىر ئۈممەتنىڭ اللە تەرەپتىن ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى بايان قىلىشتۇر. بىراق، «رَسُول» (ئەلچى) سۆزىنى بىرلىك كەلتۈرۈش «پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى گويا بىر پەيغەمبەردۇر» دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار «لاإلــه الاالله» يەنى «ئى قەۋمىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر» دېگەندىن ئىبارەت بىرلا دەۋەتنى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭدا قىلچە ئۆزگىرىش يوق.

﴿وَجَاء فِرْعَوْنُ وَمَن قَبْلَهُ وَالْمُؤْتَفِكَاتُ بِالْخَاطِئَةِ، فَعَصَوْا رَسُولَ رَبِّهِمْ فَأَخَذَهُمْ أَخْذَةً رَّابِيَةً﴾

«پىرئەۋن ھەم ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەر ۋە شەھەرلىرى دۈم كۆمتۈرۈۋېتىلگەنلەر (يەنى لۇت قەۋمى) خاتا ئىشلارنى قىلدى. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى اللە قاتتىق جازالىدى[2].»

قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان كۆپلىگەن ئايەتلەردىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نۇقتا شۇكى، اللەنىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلىرى ھەرگىزمۇ ئۆز قەۋملىرىگە «ھەقىقەتەن بۇ يەردە بىر ئىلاھ بار» دەپ قويۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلگەن ئەمەس. چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتى بۇنى

---

[1] سۈرە ئەنبىيا: 25- ئايەت.

[2] سۈرە ھاققە: 9-10- ئايەتلەر.

پەيغەمبەرسىزمۇ بىلەلەيدۇ. يەنە ئۇلارغا: «سىلەر ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىدىغان ئىلاھقا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ قويۇش ئۇچۇنمۇ ئەۋەتىلگەن ئەمەس. چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتي گەرچە بىر مەزگىللىك تۇمانلارنىڭ قاپلىۋېلىشىغا ۋە زالالەتنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ ئۆزى تونۇيدىغان ئىلاھقا ئىبادەت قىلىش تەرىپىگە ئۆزلىكىدىن، پەيغەمبەرسىز يۈزلىنەلەيدۇ.

﴿وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِن بَنِي آدَمَ مِن ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنفُسِهِمْ أَلَسْتَ بِرَبِّكُمْ قَالُواْ بَلَى شَهِدْنَا﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: "مەن سىلەرنىڭ پەرۋەدىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟" دېدى (يەنى اللە ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: "ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق" دېدى[1].»

ئۇنداقتا، جاھىلىيەتنىڭ تۈپ جىنايىتى نېمە؟

بارلىق جاھىلىيەتلەرنىڭ تۈپ جىنايىتى باشقا ئىلاھلارنى اللەغا شېرىك قىلىش، ئىلاھنى كۆرگىلى ۋە تۇتقىلى بولىدىغان ھېسسي شەكىلدە گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋملىرىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، بەلكى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى يىگانە بىر اللەغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن.

---

① سۈرە ئەئراف: 172 ـ ئايەت.

ھەتتا، ﴿مَا هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا يُهْلِكُنَا إِلَّا الدَّهْرُ﴾ «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز)، پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز[①]» دەيدىغان خۇداسىزلارنىمۇ اللەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغان دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز. چۈنكى، ئۇلار «پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇ ئالەمدىن يوق قىلىدىغان كۈچنى زامان (الـدَّهْرُ) دەپ قارىغان. ئاندىن ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىگە ئوخشاشلا تاشقى سەۋەبلەرگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنى بىردىنبىر تەسىر كۆرسەتكۈچى دەپ ئېتىقاد قىلغان. بىراق، بۇنىڭدىن ئۇلار اللەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغان دېگەن مەزمۇن كېلىپ چىقمايدۇ. چۈنكى، ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىكى كۆپلىگەن مۇشرىكلارمۇ اللەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايدۇ. بىراق، كائىناتتىكى تەسىر كۆرسەتكۈچىنى «تەبىئىي قانۇنىيەت» دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنى مۇقەررەر كۈچ ئىگىسى دەپ ئاتىشىدۇ.

ئەمما، ئاشۇ خۇداسىزلارنىڭ سۆزلىرىدىن شۇنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرىمىزكى، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ۋە قىيامەتنى كەسكىن ئىنكار قىلاتتى ۋە ﴿مَا هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا﴾ «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر» دەيتتى. ئۇلار بۇنىڭدا گەرچە اللەنىڭ بارلىقىغا ئىشەنسىمۇ، بىراق، تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان ئەرەب مۇشرىكلىرىدىن قىلچە پەرقلەنمەيتتى. شۇڭا قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ «اللە بار، ئۇ ياراتقۇچى، بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى، ھەر بىر شەيئىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇنىڭ قولىدا» دەيدىغان ئىقرارىنى دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

---

① سۈرە جاسىيە: 23 ـ ئايەت.

﴿قُل لِّمَنِ الْأَرْضُ وَمَن فِيهَا إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ، سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ، قُلْ مَن رَّبُّ السَّمَاوَاتِ السَّبْعِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ، سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ، قُلْ مَن بِيَدِهِ مَلَكُوتُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ يُجِيرُ وَلَا يُجَارُ عَلَيْهِ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ، سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ فَأَنَّى تُسْحَرُونَ﴾

«ئېيتقىنكى، ”زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلار كىمنىڭ؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار) “. ئۇلار: ”اللەنىڭ“ دەيدۇ. (بۇنىڭدىن) پەند ـ نەسىھەت ئالامسىلەر؟ ئېيتقىنكى، ”يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟“ ئۇلار ”اللە“ دەيدۇ. ئېيتقىنكى، ”ئۇنىڭ (ئازابىدىن) قورقامسىلەر؟“ ئېيتقىنكى، ”ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار). ئۇلار: ”اللە“ دەيدۇ. ئېيتقىنكى، ”سىلەر قانداقمۇ قايمۇقتۇرۇلىسىلەر؟“[①].»

﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ﴾

«ئەگەر سەن ئۇلاردىن: ”ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى؟“ دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: ”اللە“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ[②].»

﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّن نَّزَّلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَحْيَا بِهِ الْأَرْضَ مِن بَعْدِ مَوْتِهَا لَيَقُولُنَّ اللَّهُ﴾

«ئەگەر سەن ئۇلاردىن: ”بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ

① سۈرە مۇئمىنۇن: 84 ـ 89 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ئەنكەبۇت: 61 ـ ئايەت.

ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەن كىم؟“ دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم ”الله“ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ[1].»

گەرچە ئۇلار اللەنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىگە ئىقرار قىلسىمۇ، بىراق، تىرىلىشكە ئىشەنمەيتتى. بەلكى، ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلمايتتى. بەلكى، ئۇلار «تىرىلىش» ھەققىدە ئۇلارغا سۆزلەيدىغان كىشىدىن ئەجەپلىنەتتى ۋە بىر-بىرىگە مۇنداق دېيىشەتتى:

﴿هَلْ نَدُلُّكُمْ عَلَى رَجُلٍ يُنَبِّئُكُمْ إِذَا مُزِّقْتُمْ كُلَّ مُمَزَّقٍ إِنَّكُمْ لَفِي خَلْقٍ جَدِيدٍ، أَفْتَرَى عَلَى اللَّهِ كَذِبًا أَم بِهِ جِنَّةٌ﴾

«سىلەرگە سىلەر (قەبرىلەردە چىرىپ) تىتما-تالاڭ بولۇپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم يېڭىدىن يارىتىلىسىلەر دەپ خەۋەر بېرىدىغان بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ قويايلىمۇ؟ ئۇ اللەغا يالغاننى توقۇدىمۇ؟ يا ئۇ ئېلىشىپ قالدىمۇ؟[2].»

ئەگەر بىز مۇنازىرە نۇقتىسىدىن ئۇلارنىڭ يوق قىلغۇچى كۈچنى «زامان» دەپ قارايدىغانلىقىنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلار «اللەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلاتتى» دەپ پەرەز قىلىپ باقساق، ئۇنداقتا، ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالغىنىمىزدا بۇ خىل ئۇقۇمنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىمىز. چۈنكى، قۇرئان ئايەتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تارىخنى تەتقىق قىلىش...تىن شۇ ئايان بولىدۇكى، خۇداسىزلار (دەھرىيلەر ياكى ئاتېئىزىمچىلار) جاھىلىيەتتىكى كۆپ سانلىقنى ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى،

---

① سۈرە ئەنكەبۇت: 61- ئايەت.

② سۈرە سەبەئ: 7-8- ئايەتلەر.

اللەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغۇچى بۇ تۈر (ئاتېئىزىم) ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىكى غەيرى تەبىئىي (ئىنسان تەبىئىتىگە يات بولغان) شارائىت سەۋەبىدىن كۆپىيىپ كەتتى[1]. مىسال ئۈچۈن ئېيتىدىغان بولساق، ياۋروپادا كوممۇنىزم يىمىرىلگەن ھامان كىشىلەر ئۆزىنىڭ دىنلىرىغا-گەرچە بۇ دىن خاتا بولسىمۇ-قايتىپ كېتىشتى. مانا بۇ ئىشلار بىزگە كوممۇنىزم تارقاتقان ئاتېئىزىمنىڭ ئىنسان روھىيىتى بىلەن يىلتىزداش ئەمەس، بەلكى، دۆلەت كىشىلەرگە دىكتاتورا ئارقىلىق مەجبۇرى تاڭغان «تېڭىلما» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

* * * * *

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بارلىق جاھىلىيەتلەرنىڭ تۈپ جىنايىتى باتىل ئىلاھلارنى اللەغا شېرىك قىلىش، ئىلاھنى كۆرگىلى ۋە تۇتقىلى بولىدىغان ھېسسىي شەكىلدە گەۋدىلەندۈرۈشتىن باشقا يەنە «تىرىلىش»نى ئىنكار قىلىشتۇر. شۇڭا اللە ئىنسانىيەتنى تەۋھىد دەرىجىسىگە يۈكسەلدۈرۈش ۋە اللەنى شېرىكتىن پاكلاش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن.

اللە ئىنساننى مۇۋەھھىدلىك تەبىئىتى (اللەنى بىر دەپ بىلىدىغان تەبىئەت) بىلەن ياراتتى.

﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾

«باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، اللەنىڭ

① ئاپتورنىڭ «ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيىۋى ئېقىملار» (مذاهب فكرية معاصرة) ناملىق كىتاۋىنىڭ «ئاتېئىزىم» (الإلحاد) دېگەن بۆلۈمىگە قاراڭ! (ئاپتوردىن).

دىنىغا (ئەگەشكىنكى) اللە ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، اللەنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن، ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ[①].»

{مَا مِنْ مَوْلُودٍ إِلاَّ يُولَدُ عَلَى الْفِطْرَةِ ، فَأَبَوَاهُ يُهَوِّدَانِهِ أَوْ يُنَصِّرَانِهِ أَوْ يُمَجِّسَانِهِ}

«ھەر قانداق بالا ساغلام تەبىئەت (يەنى ئىسلام) ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئاندىن ئاتا-ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ياكى مەجۇسىي قىلىپ تەربىيىلەيدۇ[②].»

ئىنسان تەبىئىتى «تەۋھىد»نى بىلىدۇ. بىراق، بۇزغۇنچى مۇھىت[③] ئىنسان تەبىئىتىنى بۇزۇۋېتىدۇ... مانا بۇ ئىنسانىنىڭ يەرشارىدىكى ۋەقەلىكى.

ئىنسان تەبىئىتى ئەسلىدە ئەڭ گۈزەل قامەتتە (توغرا يولدا) بولۇپ، بۇزغۇنچى مۇھىت ئۇنى ئەڭ ناچار ھالەتكە (خاتا يولغا) چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بىراق، بۇزغۇنچى مۇھىت مۆئمىنلەرگە ھېچقانداق سەلبى تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

﴿لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ فِي أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ، ثُمَّ رَدَدْنَاهُ أَسْفَلَ سَافِلِينَ، إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فَلَهُمْ أَجْرٌ غَيْرُ مَمْنُونٍ﴾

«بىز ئىنساننى شەك-شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاخقا قايتۇردۇق. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

---

① سۈرە رۇم: 30- ئايەت.

② ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

③ بۇزۇلغان ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

بۇلارغا ئۇزۇلمەس ساۋاب بېرىلىدۇ[1].»

اللە ئىنسانغا پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلدۇردى ۋە ئىنسانىنى كۆپلىگەن مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا اللە يەنە ئىنسانغا كۆپلىگەن ئالاھىدىلىكلەرنى خاس قىلدى. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى ئىنساننىڭ غەيبكە ۋە كۆرمىگەنگە ئىشىنىش ئىقتىداردۇر. ئىنسان بۇ خاس ئىقتىدارى ئارقىلىق كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، شېرىكى ۋە ئوخشىشى بولمىغان يىگانە بىر اللەغا ئىمان كەلتۈردى.

﴿لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ البَصِيرُ﴾

«ھېچ شەيئى اللەغا ئوخشاش ئەمەستۇر، اللە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر[2].»

﴿لاَّ تُدْرِكُهُ الأَبْصَارُ وَهُوَ يُدْرِكُ الأَبْصَارَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾

«كۆزلەر اللەنى كۆرمەيدۇ، اللە كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، اللە (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر[3].»

بىراق، ئىنسان بۇزغۇنچى مۇھىتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماي، ئىزچىل تۇردە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ساپ تەبىئىتىنى ساقلاپ قالغاندىلا ئاندىن ئاشۇ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئەگەر ئىنسان بۇزغۇنچى مۇھىتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىسا، ئۇنداقتا، ئۇ اللە ياراتقان يۇقىرى چوققىدىن پەسكە چۈشۈپ كېتىدۇ-دە، ئۇنىڭ روھىنى چاڭ-توزانلار قاپلايدۇ. چاڭ-توزانلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان روھ ئەسلىدىكى

---

① سۈرە تىن: 4-6- ئايەتلەر.

② سۈرە شۇرا: 11- ئايەت.

③ سۈرە ئەنئام: 103- ئايەت.

سۇزۇك ھالىتىنى يوقۇتىدۇ. غەيبكە، كۆز بىلەن كۆرمىگەنكە ئىشىنىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. نەتىجىدە كۆرگىلى ۋە تۇتقىلى بولىدىغان «ئىلاھ»نى ئىزدەپ تاپىدۇ-دە، ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ.

ياكى ئىنسان روھى باشقا بىر سەۋەپتىن الله ياراتقان يۇقىرى چوققىدىن پەسكە چۈشۈپ كېتىدۇ...

ئىنسان روھى -روھنىڭ سۇزۇكلۇكىنى دۇغلاشتۇرۇۋېتىدىغان بۇ خىل تۇمانلار سەۋەبىدىن- پەرۋەردىگارىدىن «ئايرىلىپ قالغان» مەزگىللەردە قورقۇنچ ۋە يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ-دە، كۆرگىلى ۋە تۇتقىلى بولىدىغان، كۆزىگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان، ئۆزىگە يېقىن بىر «ھەمراھ»نى ئىزدەيدۇ. سۇزۇكلۇكى يوقالغان بۇ روھ «ھەمراھ»نى اللهنىڭ ۋەكىلى ياكى اللهغا يېقىنلاشتۇرىدىغان شاپائەتچى ياكى بەندە بىلەن «ئىگە» ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە قىلماقچى بولىدۇ. مانا بۇ روھنىڭ كېسەللىك ھالىتى بولۇپ، روھ بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى ساقلىق ھالىتىدە تاپالىغان ھەق «ئىلاھ»نى ئەمدى تاپالمايدىغان «قارىغۇ» بولىدۇ. نەتىجىدە جاھىلىيەتنىڭ ئورتاق بەلگىسى بولغان شېرىككە چۈشۈپ قالىدۇ.

ياكى ئىنسان روھى ئىككىنچى بىر سەۋەپتىن شېرىككە چۈشۈپ قالىدۇ...

تاغۇتلار زېمىندا زوراۋانلىق قىلىدۇ، روھنى چاك-توزان قاپلىۋالغان كىشىلەرنى بوزەك قىلىدۇ، قۇل قىلىدۇ، اللهنىڭ قانۇننى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ھالال ۋە ھارام قىلىدۇ. ئاندىن بوزەك ئېتىلگەنلەرمۇ تاغۇتلارغا ئىتائەت قىلىدۇ، اللهنى قويۇپ ئۇلارنى ئۆزىگە ئىلاھ قىلىۋالىدۇ...

الله پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانلارنىڭ روھىنى قاپلىۋالغان تۇمانلارنى يوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ روھىنى سۈزۈلدۈرۈش، روھنى ئەسلىدىكى تەبىئىي سۈزۈك ھالىتىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ... نەتىجىدە، پەيغەمبەرنىڭ يېتەكلىشىگە ئېرىشكەن روھ اللەغا، غەيبكە ۋە كۆز بىلەن كۆرمىگەنكە ئىشىنىدۇ. شېرىكى يوق يېگانە بىر اللەغا ئىبادەت قىلىدۇ. بىر ئىلاھتىن باشقىغا ئېتىقاد قىلمايدۇ، ئىبادەتتە ئۇنىڭ غەيرىگە يۈزلەنمەيدۇ، اللەنى قويۇپ ھېچنەرسىنى ھالال ۋە ھارام قىلمايدۇ.

ئىنسانلار پات-پات ئۇلارنى سىلكىپ تۇرىدىغان مۆجىزىگە مۇھتاج!... مۆجىزە ئۇلارنى قاتتىق سىلكىيدۇ-دە، ئۇلارنىڭ روھى قاتمۇ-قات چاڭ توزانلارنىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلۇپ، ئەسلىدىكى سۈزۈكلۈك ھالىتىگە قايتىدۇ. الله بىلەن ۋاستىسىز باغلىنىدۇ. خالىق بىلەن مەخلۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزاق «ئايرىلىش»تىن كېيىن روھ پەرۋەردىگارىنى قايتىدىن تاپىدۇ. الله ئىنسانغا تولىمۇ يېقىن بولۇپ، ئىنسان اللەغا دۇئا قىلسىلا، الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ.

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ﴾

«مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن①.»

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى «لاإله الاالله»غا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن

① سۈرە بەقەرە: 186- ئايەت.

تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەس.

﴿قُلْ مَا كُنتُ بِدْعًا مِّنْ الرُّسُلِ وَمَا أَدْرِي مَا يُفْعَلُ بِي وَلَا بِكُمْ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَى إِلَيَّ وَمَا أَنَا إِلَّا نَذِيرٌ مُّبِينٌ﴾

«ئېيتقىنكى، ”مەن (اللە ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەسمەن، (مەندىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن) ئۇلار كەلگەن ۋەھيى بىلەن كەلدىم، نېمشقا مېنى ئىنكار قىلىسىلەر؟) ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن (چۈنكى اللەنىڭ تەقدىرىنى ئالدىن ئۇققىلى بولمايدۇ)، مەن پەقەت ماڭا ۋەھيى قىلىنغان نەرسىگىلا ئەگىشىمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى اللەنىڭ ئازابىدىن) ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن“①.»

بىراق، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ھەر بىر مىللەت ياكى قەۋمگە «خاس پەيغەمبەر» بولۇپ ئەۋەتىلگەن بولسا، ئۇنداقتا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق ئىنسانلارغا «ئومۇمىي پەيغەمبەر» بولۇپ ئەۋەتىلگەن. دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلىك بىلەن مۇكەممەللەشتى. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەۋەتىلمەيدۇ... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولسا ئۆز بابىدا تەڭدىشى يوق، قىيامەتكىچە نۇرى ئۆچمەيدىغان قۇرئان كەرىمدۇر.

* * * * *

بارلىق پەيغەمبەرلەر بىردەك «لاإله الاالله»نى ئېلىپ كەلدى...

بىراق، قۇرئاندىن باشقا ساماۋىي كىتابلارنىڭ ھەممىسى

---

① سۈرە ئەھقاف: 9- ئايەت.

ئۆزگەرتىۋېتىلدى. پەقەت قۇرئان كەرىملا اللەنىڭ دەرگاھىدىن قانداق نازىل قىلىنغان بولسا شۇ بويىچە ساقلىنىپ كەلدى. چۈنكى، قۇرئاننى قوغداشقا اللە ئۆزى كېپىل بولدى. بۇرۇنقى كىتابلارغا ئوخشاش ئۇنى قوغداشنى ئىنسانلارغا تاپشۇرمىدى.

﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾

«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز[1].»

بىز ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلار ئۆزگەرتىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭدا «لاإلــــه الاالله»نىڭ قانداق ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى بىلمەيمىز. بىراق، شۇنى بىلىمىزكى، «لاإله الاالله» قۇرئاننىڭ بارلىق سەھىپىلىرىدە نۇر چاچقان ھالدا تولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئىنسان روھىغا روھىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن كىرىپ كېلىدۇ. ئەقىل ۋە تۇيغۇغا بىردەك خىتاب قىلىدۇ[2]. نەتىجىدە ئىنسانى قەلب «لاإله الاالله»غا لىق تولىدۇ.

ھەقىقەتەن اللە «لاإلـــه الاالله»نى ئېغىزدىلا ئېيتىپ قويسا بولىدىغان ئادەتتىكى «كەلىمە» بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، پۈتكۈل ئىنسانىي رىئاللىقنى شەكىللەندۈرۈش، ئىنسانىي ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل قىلغان. «لاإله الاالله» ئىنسانىنىڭ يۈكسەك ماقامغا ئۆرلىشىگە ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەر قانداق كۈچنىڭ توسقۇنلۇقىدىن ئىنساننى قۇتۇلدۇرىدۇ (يەنى ئىنساننىڭ يۇقىرى

---

① سۈرە ھىجر: 9ـ ئايەت.

② قۇرئاننىڭ ئەقىل بىلەن تۇيغۇغا بىردەك قانداق خىتاب قىلغانلىقىنى چۈشەنمەكچى بولسىڭىز، ئاپتورنىڭ «ئىماننىڭ ئاساسلىرى» (ركائز الإيْمان) ناملىق كىتابىنىڭ «اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش» دېگەن بۆلۈمىنى ئوقۇڭ (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

ماقامغا ئۆرلىشگە توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىگە مايىل قىلىدىغان ياكى ئۆز تەرىپىگە تارتىدىغان ئېغىرلىقنىڭ بېسىمىدىن ئىنسانىنى يۈكسەلدۈرىدۇ). توسقۇنلۇق قىلغۇچى كۈچ مەيلى ئىنسانىنىڭ ئەسلى يۇغۇرۇلمىسىدىكى «لاي»نىڭ ئېغىرلىقى بولسۇن مەيلى روھلارنى قاپلىۋالغان «چاڭ-توزان» ئېغىرلىقى بولسۇن مەيلى ئىنسانىنى زېمىنىنىڭ زالىم تاغۇتلىرىغا بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى خار قىلىدىغان «ئېھتىياج» ئېغىرلىقى بولسۇن ئوخشاش!. زېمىندا اللەنىڭ ئىرادىسىدىكى يارامىلىق جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە زېمىندا «لاإله الاالله» ئۈممىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن «لاإله الاالله» ئىنسانىنى شەخس، جامائەت ۋە ئۈممەت ھالىتىدە يۈكسەلدۈرىدۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئېغىزدىلا ئېيتىپ قويسا بولىدىغان «گەپ» بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بەلكى، پۈتكۈل ئىنسانىي مەۋجۇدىيەتكە لىق تولىدىغان، ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر ھۈجەيرىنى كۈچلۈك ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان، ئۇنىڭ ئېنېرگىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان، زېمىندىن بۇزۇقچىلىقنى يوقۇتۇپ، ياخشىلىقنى بىخلاندۇرىدىغان جانلىق ھەقىقەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

* * * * *

«لاإله الاالله»نىڭ مەنىسى نېمە؟

«لاإله الاالله» دېگەنلىك شېرىكى يوق يالغۇز بىر اللەغا ئىبادەت قىلىش ۋە اللەنىڭ پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىش دېگەنلىكتۇر.

اللهدىكى ئۇلۇھىيەت (ئىلاھىيلىق خۇسۇسىيەت) اللهدىن باشقا ھەر بىر مەخلۇقتىكى ئۇبۇدىيەت (قۇللۇق خۇسۇسىيەت)نىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى اللهنىڭ ئىلاھىيلىقى ھەر بىر كىشىنىڭ اللهغا بولغان قۇللۇقنى ئادا قىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. پۈتكۈل مەۋجۇداتتىكى ھەر بىر شەيئى، ھەر بىر شەخس ۋە ھەر بىر مەخلۇقتىن ئۇلۇھىيەت (ئىلاھىيلىق خۇسۇسىيەت) يوقۇلۇپ، يىگانە بىر الله ئۈچۈن ئىسپاتلانغان چاغدىلا، ئاندىن بۇ خىل تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ دىگەنلىك "ھەقىقى ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ئىلاھ اللهدۇر، ئۇنىڭدىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم ئىلاھ ئەمەس، شۇڭا شېرىكى يوق بىر الله ئۈچۈن خالىس قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىبادەتنى ئاشۇ اللهدىن باشقىغا قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ" دىگەنلىكتۇر.

بۇ ئاددى ۋە چۈشىنىشلىك مەسىلە ئىنسان ھاياتىدىكى تۈپ مەسىلىدۇر. بەلكى، ئىنسان ھاياتى ئۇنى مەركەز قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان بىردىنبىر «يادرو»دۇر... مەن «قۇرئان تەتقىقاتى[1]»، «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى[2]»، «تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر[3]» ناملىق ئەسەرلىرىمدە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك تەۋھىد مەسىلىسىنىڭ قۇرئان كەرىمدە شۇ قەدەر تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويۇلىشىنىڭ سەۋەبى قانداقتۇر بۇ قۇرئان بىلەن تونجى خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ مۇشرىك بولغانلىقىدىن ئەمەس. چۈنكى، مەدىنىدىكى مۇئمىنلەرمۇ

① دراسات قرآنية.
② واقعنا المعاصر.
③ مفاهم ينبغي أن تصحح.

ئوخشاشلا مۇشۇ مەسىلە بىلەن خىتاب قىلىنغان.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ آمِنُواْ بِاللّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِيَ أَنزَلَ مِن قَبْلُ وَمَن يَكْفُرْ بِاللّهِ وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيدًا﴾

«ئى مۆئمىنلەر! اللەغا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە اللە ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى اللە نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى اللەنى، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ[1].»

﴿وَاعْبُدُواْ اللّهَ وَلاَ تُشْرِكُواْ بِهِ شَيْئًا...﴾

«اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار[2].»

﴿وَمَنْ أَحْسَنُ دِينًا مِّمَّنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لله وَهُوَ مُحْسِنٌ واتَّبَعَ مِلَّةَ إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا؟!﴾

«ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى اللەغا تاپشۇرغان (يەنى اللەنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئەمەلىنى خالىس اللە ئۈچۈن قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن (دىنىي جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟[3].»

﴿لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ

---

① سۈرە نىسا: 136 ـ ئايەت.

② سۈرە نىسا: 36 ـ ئايەت.

③ سۈرە نىسا: 125 ـ ئايەت.

وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاَةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُـونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاء والضَّرَّاء وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَـدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾

«سىلەرنىڭ كۆن چىققان ۋە كۆن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللەغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اللەنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش- ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل-مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (اللەنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر[1].»

تەۋھىد مەسىلىسىنىڭ قۇرئان كەرىمدە شۇ قەدەر تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويۇلىشىنىڭ سەۋەبى ئىنسانىنىڭ ئۆز تەبىئىتى بىلەن ئىبادەت قىلغۇچى بولغانلىقىدىندۇر... ئىنسان ياكى شېرىكى يوق يېگانە بىر اللەغا ئىبادەت قىلىدۇ ياكى اللەغا باشقا ئىلاھلارنى شېرىك قىلغان هالدا ئىبادەت قىلىدۇ ۋەياكى اللەنى قويۇپ باتىل ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىدۇ (يەنى ئىنسان «ئابىدلىق» خاراكتېرى بىلەن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇ مەيلى ھەق بولسۇن مەيلى باتىل

[1] سۈرە بەقەرە: 177 ـ ئايەت.

بولسۇن هامان بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلماي ياشىيالمايدۇ).

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىبادەت قىلمايدىغان (ئىلاھقا چوقۇنمايدىغان) كىشىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ھەتتا، «مەن ھېچقانداق ئىلاھقا چوقۇنمايمەن، مەن ھەر قانداق ئىبادەتتىن پۈتۈنلەي خالىي» دەپ جار سالغان ئىنسانمۇ بەرىبىر چوقۇنۇشتىن خالى بولالمايدۇ. مانا بۇ كىشى ھەققىدە الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَفَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن[①].»

ئىنسان مۇشۇ ھالەتتىمۇ «ئابىد» (ئىبادەت قىلغۇچى)دۇر. بىراق، ئۇ اللەنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلغۇچىدۇر.

دېمەك، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىلاھسىز ياشىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى مۇشۇ رەۋىشتە ئايدىڭلاشقان ئىكەن، ئۇنداقتا، بۇ يەردىكى مەسىلە نوقۇل «ئىبادەت» مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى، «توغرا بىر ئىبادەت» مەسىلىسى ياكى «مەئبۇد» مەسىلىسىدۇر (يەنى ئىبادەتنى كىمگە قىلىش ۋە قايسى خىل شەكىلدە قىلىش مەسىلىسىدۇر).

مەئبۇد كىم؟ ئوخشىشى بولمىغان يېگانە اللەمۇ؟ ياكى ماھىيەتتە ئىلاھىيلىق خۇسۇسىيتى بولمىغان، شۇ سەۋەپتىن ئىبادەت قىلىشقا، ئىتائەت قىلىشقا ۋە بويسۇنۇشقا ئەرزىمەيدىغان باشقا ساختا ئىلاھلارمۇ؟

---

① سۈرە جاسىيە: 23 ـ ئايەت.

مانا بۇ مەسىلە تارىختىن بۇيانقى بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ تۈپ مەسىلىسىدۇر. تاكى قىيامەتكىچە بۇ مەسىلە ئىزچىل تۈردە مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ.

هازىرقى زامان جاھىلىيىتى ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى يېپىش ۋە جىنايەتلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرغانسىرى اللەنىڭ كىتابى مۇشۇ مەسىلىنى بەك مەركەز قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ مەسىلە يالغۇز ئىنسانى ھايات رىئاللىقىدا ۋە دۇنيا ھاياتتىلا ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى، مەڭگۈلۈك ۋە ئەبەدىيلىك ھايات بولغان ئاخىرەتتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

﴿وَإِنَّ الدَّارَ الْآخِرَةَ لَهِيَ الْحَيَوَانُ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ﴾

«شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقىي ھايات (يۇرتىدۇر)، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى (بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرمەيتتى)[①].»

مۇشۇ مەسىلە ئاساسىدا ئىنساننىڭ يەر شارىدىكى ھايات پرىنسىپى بەلگىلەپ چىقىلىدۇ... يەنى ئىنساننىڭ ئېتىقادى، ئىدىيىسى، ئەخلاقى، ھەرىكىتى، تەسەۋۋۇرى، ئىش-پائالىيەتلىرى؛ رەببى، ئۆزى ۋە جەمئىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۆز ئەتراپىدىكى كائىنات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؛ ئۇرۇش، تىنچلىق، سىياسەت، ئىقتىسات، ئىلىم-پەن... قاتارلىق ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بارلىق ئىشلىرى مۇشۇ مەسىلە ئاساسىدا بەلگىلىنىدۇ.

مۇشۇ مەسىلە ئاساسىدا ئىنساننىڭ ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتى

① سۈرە جاسىيە: 64 ـ ئايەت.

بەلگىلەپ چىقىلىدۇ... يەنى ئىنساننى جەننەت ياكى دەۋزەخ، مەڭگۈلۈك نېمەت ياكى مەڭگۈلۈك ئازابنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت مۇقەررەر ئاقىۋەت مۇشۇ مەسىلە ئاساسىدا مۇشۇ مەسىلە ئاساسىدا بەلگىلىنىدۇ.

ئىنسان ھاياتىدا پۈتكۈل مەۋجۇداتتىكى بارلىق مەسىلىلەر ئىچىدە مۇشۇ مەسىلىدىنمۇ مۇھىمراق يەنە بىر مەسىلىنىڭ تېپىلىشى مۇمكىنمۇ؟

گەرچە بۇ مەسىلە شۇنچىلىك مۇھىم ۋە زۆرۈر بولسىمۇ، بىراق، ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى بۇ مەسىلىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ئىنسانلارنى اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن شەيتانغا چوقۇنۇشقا، نۇردىن قاراڭغۇلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى كىچىك ۋە ئاددى قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

﴿أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي آدَمَ أَن لَّا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ، وَأَنْ اعْبُدُونِي هَذَا صِرَاطٌ مُّسْتَقِيمٌ﴾

«سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): "ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر" دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟[①]».

﴿اللّهُ وَلِيُّ الَّذِينَ آمَنُواْ يُخْرِجُهُم مِّنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّوُرِ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ أَوْلِيَآؤُهُمُ الطَّاغُوتُ يُخْرِجُونَهُم مِّنَ النُّورِ إِلَى الظُّلُمَاتِ أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

«اللە مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇ، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ

① سۈرە ياسىن: 60ـ 61ـ ئايەتلەر.

ئىگىسى شەيتاندۇر. ئۇلارنى (ئىمانىنىڭ) يورۇقلۇقىدىن (گۇمراھلىقنىڭ) قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر①.»

* * * * *

«لاإله الاالله»نىڭ مەنىسى يالغۇز بىر اللهغا ئىبادەت قىلىش ۋە اللهنىڭ پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىشتۇر.

رىئايە قىلىش پرىنسىپى تارىخ جەريانىدا ھېچبىر ئەلچىلىكتە قەتئىي ئۆزگەرمىدى (ئەسلى خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆزگىرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس). شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدىكى پەيغەمبەرلەر قىسسىسى ئوخشاش بىر مەزمۇن ۋە شەكىلدە تەكرارلاندى. ھەر قايسى پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملەرگە ئېيتقىنىمۇ ئوخشاش بىر «كەلىمە» ئىدى.

﴿اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ﴾

«اللهغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللهدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر"②.»

ئەمما، رىئايە قىلىشتىكى كونكرېت تەلەپلەر ياكى «لاإله الاالله»نىڭ كونكرېت تەلەپلىرى دەۋرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەر قايسى ئەلچىلىكتە بارا-بارا ئۆزگىرىپ باردى. ئاخىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدى.

قۇرئان كەرىمدە ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ ھاياتىدىكى مۇئەييەن خاتالىقلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان تەلەپلەرنىڭ

---

① سۈرە بەقەرە: 257- ئايەت.
② سۈرە ھۇد: 50- ئايەت.

بىر قىسمى كۆرسىتىپ ئۆتتۇلدى. ئەمما، قۇرئاندا كۆرسىتىلگىنى اللە تەرەپتىن ئاشۇ مىللەتلەرگە نازىل قىلىنغان تەلەپلەرنىڭ ھەممىسى دېگەنلىك ئەمەس. (چۈنكى، قۇرئاندا كۆرسىتىلمىگەن باشقا تەلەپلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن).

مەسىلەن، ئاد قەۋمىگە مۇنداق دېيىلدى: ﴿أَتَبْنُونَ بِكُلِّ رِيعٍ آيَةً تَعْبَثُونَ، وَتَتَّخِذُونَ مَصَانِعَ لَعَلَّكُمْ تَخْلُدُونَ، وَإِذَا بَطَشْتُم بَطَشْتُمْ جَبَّارِينَ، فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ﴾

«سىلەر ھەر بىر ئېگىز جايغا ئويۇن-كۈلكە ئۈچۈن بىر ئالامەت (يەنى ئېگىز بىنا) سالامسىلەر؟. (گويا سىلەر ئۆلمەيدىغاندەك) دۇنيادا مەڭگۈ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ پۇختا سارايلارنى سالامسىلەر؟. ئەگەر (بىراۋنى) جازالىساڭلار، زالىملاردەك جازالايسىلەر. سىلەر اللەدىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار[1].»

سەمۇد قەۋمىگە مۇنداق دېيىلدى: ﴿أَتُتْرَكُونَ فِي مَا هَاهُنَا آمِنِينَ، فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ، وَزُرُوعٍ وَنَخْلٍ طَلْعُهَا هَضِيمٌ، وَتَنْحِتُونَ مِنَ الْجِبَالِ بُيُوتًا فَارِهِينَ، فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ، وَلَا تُطِيعُوا أَمْرَ الْمُسْرِفِينَ، الَّذِينَ يُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ وَلَا يُصْلِحُونَ﴾

«سىلەر بۇ يەرلەردە، باغچىلاردىن، بۇلاقلاردىن، زىرائەتلەردىن، يۇمشاق پىشقان خورمىلاردىن بەھرىمەن بولۇپ خاتىرجەم ھالدا داۋاملىق قالىمىز (دەپ ئويلامسىلەر)؟. خۇشال ھالدا تاغلارنى تېشىپ ئۆي ياسامسىلەر؟. اللەدىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت

① سۈرە شۇئەرا: 128 ـ 131 ـ ئايەتلەر.

قىلماڭلار[1].»

لۇت قەۋمىگە مۇنداق دېيىلدى: ﴿أَتَأْتُونَ الذُّكْرَانَ مِنَ الْعَالَمِينَ، وَتَذَرُونَ مَا خَلَقَ لَكُمْ رَبُّكُمْ مِنْ أَزْوَاجِكُم بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ عَادُونَ﴾

«سىلەر ئەھلى جاھان ئىچىدىن لىۋاتە قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟ سىلەر ھەقىقەتەن (بۇزۇقچىلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر[2].»

ئەيكىلىقلارغا مۇنداق دېيىلدى: ﴿أَوْفُوا الْكَيْلَ وَلَا تَكُونُوا مِنَ الْمُخْسِرِينَ، وَزِنُوا بِالْقِسْطَاسِ الْمُسْتَقِيمِ، وَلَا تَبْخَسُوا النَّاسَ أَشْيَاءَهُمْ وَلَا تَعْثَوْا فِي الْأَرْضِ مُفْسِدِينَ﴾

«ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار، كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار. (نەرسىلەرنى) توغرا تارازىدا تارتىڭلار. كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى (يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى) كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە-پاسات تېرىماڭلار[3].»

ئىلاھىي يوليورۇقلار گەرچە ھەر بىر قەۋمگە نىسبەتەن اللەنىڭ پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت «لاإله الاالله»نىڭ ئومۇمىي تەلىۋىنىڭ دائىرىسىگە تەۋە بولسىمۇ، بىراق، ئۇ ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ خاتالىقلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇردى.

بىز بۇ نۇقتىدا مۇنداق بىر پرىنسىپاللىق مۇلاھىزىنى

① سۈرە شۇئەرا: 146-152- ئايەتلەر.
② سۈرە شۇئەرا: 165-166- ئايەتلەر.
③ سۈرە شۇئەرا: 181-183- ئايەتلەر.

يۈرگۈزىمىز: ھەقىقەتەن «لاإلـه الاالله» نوقۇل ئەقىدىلا ئەمەس، بەلكى، ـ ئەقىدە بىلەن قوشۇلۇپ ـ ھاياتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىلاھىي يولىيورۇقلار ئىدى. گەرچە قۇرئان كەرىمدە دەسلەپكى مىللەتلەرگە نازىل قىلىنغان يولىيورۇقلار ھەققىدىكى كونكرېت مەلۇملار سۆزلەنمىگەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ «تۈرى»نى بايان قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك بولىدىغان بىر قىسىم مەلۇماتلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

مەسىلەن، لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ بەچچىۋازلىق① جىنايىتىنى چەكلەش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ئىجتىمائىي-ئەخلاقىي يولىيورۇقلار؛ ئاد قەۋمىنىڭ زېمىندا ھاكاۋۇرلۇق ۋە يوغانچىلىق قىلىش، ماددىي كۈچ بىلەن مەغرۇرلىنىش... تەك جىنايىتىنى چەكلەش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ئىجتىمائىي-پسىخولوگىيىلىك يولىيورۇقلار؛ ئەيكىلىقلارنىڭ جىڭ-تارازىدا كەم بېرىش، سودىدا ئادىل بولماسلىق ۋە ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىدا باشقىلارنى قاقتى-سوقتى قىلىش... تەك جىنايىتىنى چەكلەش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي يولىيورۇقلارغا ئوخشاش.

بىز يەنە بىر قېتىم مۇنداق بىر مۇلاھىزىنى يۈرگۈزىمىز: ئاشۇ جاھىلىيەت مىللەتلىرى پەيغەمبەرلىرى ئېلىپ كەلگەن «دىن»نىڭ ئۇلارنىڭ دۇنياۋى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ خىيالىچە «دۇنيا ئىشلىرى ئىنسانلارنىڭ شەخسىي ئىشى بولۇپ، ئىنسانلار ئۆزى خالىغانچە ھالال ۋە ھارام قىلسا بولاتتى،

① بۈگۈن ياۋروپادىكى بىر قىسىم تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە بەچچىۋازلىق كەڭ دائىرىلىك يامراپ كەتتى. ئاشۇ دۆلەتلەر بۇ خىل جىنايەتنى چەكلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، دەل ئەكسىچە ئۇنى دۆلەتنىڭ ئاساسى قانۇنى ئارقىلىق قوغدايدۇ (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

”دىن“نىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق!» ئىدى.

بۇ مەسىلىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مىسالى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ پەيغەمبىرىگە قارىتا بىلدۈرگەن ئېتىرازىدۇر:

﴿وَإِلَى مَدْيَنَ أَخَاهُمْ شُعَيْبًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ وَلاَ تَنقُصُواْ الْمِكْيَالَ وَالْمِيزَانَ إِنِّيَ أَرَاكُم بِخَيْرٍ وَإِنِّيَ أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ مُّحِيطٍ، وَيَا قَوْمِ أَوْفُواْ الْمِكْيَالَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ وَلاَ تَبْخَسُواْ النَّاسَ أَشْيَاءهُمْ وَلاَ تَعْثَوْاْ فِي الأَرْضِ مُفْسِدِينَ﴾

«مەديەن (ئەھلى)گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: ”ئى قەۋمىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن باي ھېسابلايمەن، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)نىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن. ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلەرنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار“[1].»

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ساختا ئىلاھلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، يالغۇز بىر اللەغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان چاغدا، ئۇلار دەۋەتنىڭ يالغۇز ئەقىدە تەرىپىگىلا قارشى چىقماستىن، بەلكى، «ئەلمانىستىك» روھ بىلەن دىنىنىڭ «دۇنياۋى» ئىشلارغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇردى.

﴿قَالُواْ يَا شُعَيْبُ أَصَلاَتُكَ تَأْمُرُكَ أَن نَّتْرُكَ مَا يَعْبُدُ آبَاؤُنَا أَوْ أَن نَّفْعَلَ فِي أَمْوَالِنَا مَا

---

① سۈرە ھۇد: 84 ـ 85 ـ ئايەتلەر.

نَشَاء إِنَّكَ لَأَنتَ الْحَلِيمُ الرَّشِيدُ﴾

«ئۇلار: ”ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟ سەن تازىمۇ كۆڭۈلچەك ـ كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن ـ دە“ دېدى[1].»

* * * * *

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچلىرىدىن يەنە بىر باسقۇچتا الله بەنى ئىسرائىلغا تەۋراتنى نازىل قىلدى.

﴿إِنَّا أَنزَلْنَا التَّوْرَاةَ فِيهَا هُدًى وَنُورٌ يَحْكُمُ بِهَا النَّبِيُّونَ الَّذِينَ أَسْلَمُواْ لِلَّذِينَ هَادُواْ وَالرَّبَّانِيُّونَ وَالأَحْبَارُ بِمَا اسْتُحْفِظُواْ مِن كِتَابِ اللّهِ وَكَانُواْ عَلَيْهِ شُهَدَاء فَلاَ تَخْشَوُاْ النَّاسَ وَاخْشَوْنِ وَلاَ تَشْتَرُواْ بِآيَاتِي ثَمَنًا قَلِيلاً **وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ**، وَكَتَبْنَا عَلَيْهِمْ فِيهَا أَنَّ النَّفْسَ بِالنَّفْسِ وَالْعَيْنَ بِالْعَيْنِ وَالأَنفَ بِالأَنفِ وَالأُذُنَ بِالأُذُنِ وَالسِّنَّ بِالسِّنِّ وَالْجُرُوحَ قِصَاصٌ فَمَن تَصَدَّقَ بِهِ فَهُوَ كَفَّارَةٌ لَّهُ **وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ**﴾

«بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (اللهنىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ، (يەھۇدىيلارنىڭ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللاھ (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلار تەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى. (ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!)

---

① سۈرە ھۇد: 87 ـ ئايەت.

كىشلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار (يەنى پۇل-مال، مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار)، كىملەركى اللە نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر. ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋېتىلىدۇ)، بۇرۇنغا بۇرۇن (يەنى كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ)، قۇلاققا قۇلاق (يەنى كىشىنىڭ قۇلىقىنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ)، چىشقا چىش (يەنى كىشىنىڭ چىشىنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ) ۋە (كىشىنى) قانداق يارىدار قىلغان بولسا شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا (يەنى ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا)، بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى)غا كەففارەت بولىدۇ، اللە نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر①.»

ئاندىن كېيىن اللە بەنى ئىسرائىلغا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى ئۇلارغا نازىل قىلىنغان تەۋراتنى تەستىقلايتتى ھەمدە ئىلگىرى ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارغا ھارام قىلىنغان بىر قىسىم ئىشلارنى ئۇلارغا ھالال قىلىپ بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن ئىدى.

﴿وَقَفَّيْنَا عَلَى آثَارِهِم بِعَيسَى ابْنِ مَرْيَمَ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ التَّوْرَاةِ وَآتَيْنَاهُ الإِنْجِيلَ فِيهِ هُدًى وَنُورٌ وَمُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ التَّوْرَاةِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ،

① سۈرە مائىدە: 44 ـ 45 ـ ئايەتلەر.

وَلْيَحْكُمْ أَهْلُ الإِنجِيلِ بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فِيهِ **وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ**﴾

«ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (يەنى ئۇنىڭ اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلغۇچى ئىسا ئىبنى مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، (ئىنجىل) ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر)، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند-نەسىھەتتۇر. ئەھلى ئىنجىللار (يەنى ناسارالار) اللە ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن، اللە نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر[1].»

﴿وَرَسُولاً إِلَى بَنِي إِسْرَائِيلَ أَنِّي قَدْ جِئْتُكُم بِآيَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ أَنِّي أَخْلُقُ لَكُم مِّنَ الطِّينِ كَهَيْئَةِ الطَّيْرِ فَأَنفُخُ فِيهِ فَيَكُونُ طَيْرًا بِإِذْنِ اللّهِ وَأُبْرِىءُ الأكْمَهَ والأَبْرَصَ وَأُحْيِـي الْمَوْتَى بِإِذْنِ اللّهِ وَأُنَبِّئُكُم بِمَا تَأْكُلُونَ وَمَا تَدَّخِرُونَ فِي بُيُوتِكُمْ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لَّكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ، وَمُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ التَّوْرَاةِ وَلِأُحِلَّ لَكُم بَعْضَ الَّذِي حُرِّمَ عَلَيْكُمْ وَجِئْتُكُم بِآيَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ فَاتَّقُواْ اللّهَ وَأَطِيعُونِ﴾

«اللە ئىسانى بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. (ئۇ دەيدۇ) "شۈبھىسىزكى، سىلەرگە مەن رەببىڭلار تەرىپىدىن بولغان (پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، مەن سىلەرگە لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن-دە، اللەنىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇ قۇش بولىدۇ. تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىمەن، اللەنىڭ ئىزنى بىلەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن،

---

[1] سۈرە مائىدە: 46-47- ئايەتلەر.

سىلەر يەيدىغان ۋە ئۆيۈڭلاردا ساقلايدىغان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن (يەنى سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋالىڭلارنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن). شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر اللەنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى مەن كەلتۈرگەن مۆجىزىلەردە) سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (مېنىڭ راستلىقىمنى كۆرسىتىدىغان روشەن) ئالامەت بار. مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغان هالدا (كەلدىم)، سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن دەلىل ئېلىپ كەلدىم. اللەدىن قورقۇڭلار ۋە (مېنىڭ ئەمرىمگە) ئىتائەت قىلىڭلار"[1].»

بىز بۇ يەردە مۇنداق بىر نەچچە مۇلاھىزىنى يۈرگۈزىمىز...

ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن قەۋملەرگە نازىل بولغان «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرى قانداقتۇر مىللەتلەرنىڭ هاياتىدا پەيدا بولغان مۇئەييەن خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈنلا نازىل بولغان ئەمەس، بەلكى، ئۇ باشلانغۇچ خاراكتېرلىك يوليورۇقلار بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ نىشانى ئىلاھىي پرىنسىپ ئاساسىدا ئۆزىگە خاس ئوبرازى بولغان «ئۇممەت»نى مەيدانغا كەلتۈرۈشتۇر. گەرچە بۇ ئۇممەتنىڭ ھەر قايسى ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا مىللىي، ئىرقىي ۋە تىل قاتارلىق مۇناسىۋەت ئامىللىرى مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق، بۇ ئۇممەتنىڭ بىناسى ئەقىدە مۇناسىۋىتى يەنى «لاإلــه الاالله» مۇناسىۋىتى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. بۇ ئۇممەتنىڭ هاياتلىق دەستۇرى ئىلاھىي قانۇن ۋە ئىلاھىي يوليورۇقلار بولىدۇ. بۇنىڭدىكى تۈپ مەقسەت «ئىلاھىي ئۇممەت»نى شەكىللەندۈرۈشتۇر. بۇ قانۇن ۋە يوليورۇقلار ئاشۇ ئۇممەت (بەنى ئىسرائىل)كە ئەقىدىنىڭ ئاساسى بولغان «لاإله الاالله» بىلەن باغلانغان هالدا يەتكۈزۈلدى. شۇڭا

---

[1] سۈرە ئال ئىمران: 49 ـ 50 ـ ئايەت.

ئوچوق-ئاشكارا هالدا ئۇلارغا: «كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر» دېيىلدى. يەنى اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئېتىقادنىڭ ئەسلى بولغان كۇپرى ۋە ئىمان مەسىلىسى بىلەن باغلاندى. شۇڭلاشقا اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان ۋە ھۆكۈم قىلىشنى ئىزدىمىگەن كىشىدە ئىمان قالمايدىغانلىقى ئوچۇق ئۇقتۇرۇلدى.

بىز يەنە شۇنى مۇلاھىزە قىلىمىزكى، شەرىئەت بىلەن ئەقىدىنىڭ بىر-بىرىدىن ئەسلا ئايرىلمايدىغانلىقى (قانۇننىڭ ئېتىقاد بىلەن بىر گەۋدە ئىكەنلىكى) ۋە «لاإله الاالله»نىڭ مۇكەممەل بىر «دەستۇر» (ئاساسى قانۇن)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تەلەپلىرىنىڭ نازىل بولۇشى بۇ يەردىكى بىردىنبىر توپ مەسىلىدۇر. الله ئۆز ئىلمىدا قىيامەتكىچە زېمىندا يوقالمايدىغانلىقىنى[①] تەقدىر قىلغان «ئۇممەت» (يەھۇدىيلار)نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى دەل مۇشۇ توپ مەسىلە بىلەن زىچ باغلاندى (يەنى الله يەھۇدىيلارغا «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىدىن كېلىپ چىققان دەستۇر (تەۋرات)نى نازىل قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇشۇ دەستۇرغا مۇتلەق ئەمەل قىلىشىنى بەلگىلىدى).

بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئۇممەت (يەھۇدىيلار) الله «ئىلاھىي ئۇممەت» شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا نازىل قىلغان «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىدىن بەكلا يىراقلاپ كەتتى. ئومۇمىي

① قۇرئان كەرىمدىكى ﴿وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكَ لَيَبْعَثَنَّ عَلَيْهِمْ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ مَن يَسُومُهُمْ سُوءَ الْعَذَابِ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا (يەنى يەھۇدىيلارغا) قىيامەتكىچە ئۇلارنى قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرنى چوقۇم ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى» [سۈرە ئەئراف: 167-ئايەت] دېگەن ئايەت يەھۇدىيلار گەرچە ھەقتىن ئازغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇلارنىڭ قىيامەتكىچە يوقالماي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (ئاپتوردىن).

ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدىغان كەڭ مەنىدىكى «ئۇممەتچىلىك رولى»دىن ۋاز كېچىپ، پەقەت يەھۇدىيلارنىڭ مەنپەئەتىنىلا ئاساسى ئورۇنغا قويىدىغان تار مەنىدىكى «مىللەتچىلىك خاھىشى»نى مەركەز قىلدى①. شەيتان ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلىپ، ئۇلارنى «اللەنىڭ تاللانغان بەندىلىرى» دەپ ئالدىدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنى «ئالاھىدە ئادەم» چاغلاپ قىلىشى قانداقتۇر ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ اللەغا پاراسەت بىلەن ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىنلەر بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى، ئۇلاردا باشقىلاردا بولمىغان بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بولغانلىقىدىندۇر (يەنى اللەنىڭ باشقىلار ئېرىشمىگەن بىر قىسىم نېمەتلىرىگە ئېرىشكەنلىكىدىندۇر)... يەھۇدىيلار «اللە بىردۇر، ھەممە اللەغا موھتاجدۇر، اللە بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس②» دېگەن توغرا ئەقىدىنى ئۆزگەرتىپ «ئۇزەيرە اللەنىڭ ئوغلى» دېدى. شەرىئەتنى ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، تاشلاشقا «تىگىشلىك»نى تاشلاپ، قالدۇرۇشقا «تېگىشلىك»نى قالدۇردى. اللەنىڭ شەرىئىتىنى ئۆزىنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن خالىغانچە بۇرمىلىدى③... اللە ئۇلارغا سانسىزلىغان

---

① يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ «قېنىنىڭ پاكلىقى»نى ۋە بارلىق يەھۇدىيلارنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ. بىراق، بۇ رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر يالغان دەۋا. چۈنكى، قوڭۇر تەنلىك، كۆك كۆز يەھۇدىيلار ھەرگىزمۇ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ۋە قارا كۆزلۈك، بوغداي ئۆڭلۈك سام نەسلىدىن ئەمەس. بەلكى، ئۇلار خەزەر دۆلىتىنىڭ يەھۇدىيلىرىدىن بولۇپ، مىلادىيە 10-ئەسىردە يەھۇدىيلاشقان. 14-ئەسىردە رۇسلار تەرىپىدىن تالاپەتكە ئۇچراپ، ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقاقلاشتۇرۇلغان. شۇڭا يەھۇدىيلارنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئانىسى يەھۇدىي بولغان ھەر قانداق كىشى يەھۇدىيدۇر» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن (ئاپتوردىن).

② سۈرە ئىخلاس: 1-3-ئايەتلەر.

③ اللە تەرەپتىن نازىل قىلىنغان تەۋراتتا جازانىنىڭ ھاراملىقىنى بەلگىلەيدىغان ئوچۇق تېكىست بار. بىراق، يەھۇدىيلار بۇ تېكىستنى «يەھۇدىيلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن جازانە ئاساسىدا

پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى... ئەڭ ئاخىرىدا يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن توغرا يولنى قوبۇل قىلىدىغانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش، قوبۇل قىلمايدىغان كاپىرلارنىڭ مەلئۇن ئىكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلاش ئۈچۈن اللە ئۇلارغا يېڭى بىر ئەلچى (ئىسا ئەلەيھىسسالام)نى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام دەسلەپكى ئۇممەت (يەھۇدىيلار)نىڭ ئىچىدىكى توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەقىدىسىنى پاكلاش، ئۇلارنى ھەقىقى تەۋھىدكە قايتۇرۇش، تەۋراتنىڭ ساقلىنىپ قالغان ھۆكۈملىرى بىلەن ئىنجىل ئېلىپ كەلگەن بىر قىسىم «ئۆزگەرتىشلەر» (تۈزىتىشلەر) ئاساسىدا شەكىللەنگەن «قانۇن»نى تەۋھىد بىلەن بىر گەۋدە قىلىش ئۈچۈن كەلدى. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت، تەبىئىيكى ئەقىدە بىلەن قانۇن- ھەر ئىككىلىسى-نى بىردەك «لاإله الاالله»غا بولغان ئىماننىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرۇش ھەمدە «بىز ناسارامىز» (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىلىرىمىز) دېگەن «يېڭى ئۇممەت»نى اللەغا پاراسەت بىلەن ئىمان ئېيتىدىغان ۋە اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

بىراق، «بىز ناسارامىز» (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىلىرىمىز) دېگەن كىشىلەر اللەنىڭ يولىدا ئاخىرغىچە مۇستەھكەم تۇرالمىدى.

ئۇلار ئەقىدە تەرەپتىن «ئىسا اللەنىڭ ئوغلى، اللە ئۈچ كىشىنىڭ ئۈچىنچىسى» دېيىش ئارقىلىق سۈزۈك تەۋھىد

---

مۇئامىلە قىلىشى ھارام، ئەمما، باشقا مىللەتلەر بىلەن جازانە قىلىشى ھارام ئەمەس» دەپ ئۆزگەرتتى ۋە: ﴿لَيْسَ عَلَيْنَا فِي الأُمِّيِّينَ سَبِيلٌ﴾«بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ ماللىرى بىزگە ھارام ئەمەس» [سۈرە ئال ئىمران: 76- ئايەت] دېدى (ئاپتوردىن).

ئەقىدىسىنى بۇزدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئىمپېراتور قەيسەرنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق ئەقىدىنى شەرىئەتتىن ئايرىپ تاشلىدى. ئۇلار: «ئىسا ئەلەيھىسسالام "قەيسەرگە قەيسەرنىڭ ھەققىنى بەرگىن، اللەغا اللەنىڭ ھەققىنى بەرگىن" دېگەن سۆزى بىلەن بىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان» دېگەننى دەۋا قىلدى. ئۇلار شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى «تەقۋادارلار» تەقۋالىق تۈرتكىسى بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ئاتالمىش «ئەخلاقىي يوليورۇقلار»غا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا شەرىئەت ھۆكۈملىرى «بىز ناسارامىز» (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىلىرىمىز) دېگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ چوقۇم رىئايە قىلىشى ئۈچۈن اللە بەلگىلىگەن «ئىلاھىي پرىنسىپ» بولۇشتىن قالدى.

يەھۇدىي پائۇل مەيدانغا كەلدى. ئۇ ئىلگىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ياۋۇزلارچە مۇئامىلە قىلغان ئىدى. كېيىن بىردىنلا ئۆزىنىڭ خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە بۇ ئۆزگەرتىلگەن «دىن»نى اللە تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ساماۋىي دىن دەپ تونۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كەڭرى تارقاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ دىن ـ ئەسلى نازىل بولۇشتىمۇ ـ قانداقتۇر دۇنياۋىي دىن بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، دەسلەپكى ئۇممەت (يەھۇدىيلار)نىڭ ئىچىدىن توغرا يولنى قوبۇل قىلىدىغانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ھەمدە اللەنىڭ ئىلمىدا تەقدىر قىلىنغان ئاخىرقى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇلارنىڭ تەۋھىد ۋە ئىمان مەشئىلىنى كۆتۈرۈشى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان.

خرىستىئانلار گەرچە ھەقتىن ئازغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇلارنىڭ قىيامەتكىچە يوقالماي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى اللەنىڭ ئىلمىدا تەقدىر قىلىنغان ئىدى.

﴿وَمِنَ الَّذِينَ قَالُواْ إِنَّا نَصَارَى أَخَذْنَا مِيثَاقَهُمْ فَنَسُواْ حَظًّا مِّمَّا ذُكِّرُواْ بِهِ فَأَغْرَيْنَا بَيْنَهُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاء إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ وَسَوْفَ يُنَبِّئُهُمُ اللّهُ بِمَا كَانُواْ يَصْنَعُونَ﴾

«"بىز ناسارامىز" (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىلىرىمىز) دېگەنلەردىنمۇ (اللەنى بىر دەپ تونۇشقا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا) مەھكەم ئەھدە ئالدۇق، ئۇلار (ئىنجىلدا) ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى، (بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك سالدۇق، (شۇ چاغدا) اللە ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ (يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ)[①].»

بىراق، ئۇلارغا ئىنجىلدا نازىل قىلىنغان ۋە ئۇلار شۇ بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇلغان «ئاساسى قانۇن» اللەنىڭ ئىلمى بىلەن چەكلىك مەزگىلدىكى ئاشۇ ئۇممەت (ناسارالار)نىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش (مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش) ئۈچۈنلا نازىل قىلىنغان. چۈنكى، اللە بۇ چەكلىك مەزگىلدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا قىيامەتكىچە يەر شارىدا ياشاپ ئۆتىدىغان بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىگە ھۆكۈم قىلىش (يېتەكچىلىك قىلىش) ئۈچۈن يوقالمايدىغان، ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇكەممەل بىر دەستۇر (ئاساسى قانۇن)نى نازىل قىلىدىغانلىقىنى تەقدىر قىلغان.

---

① سۈرە مائىدە: 14 ـ ئايەت.

بۇ دەستۇر دەل قۇرئان كەرىمدۇر...

﴿كِتَابٌ فُصِّلَتْ آيَاتُهُ قُرْآنًا عَرَبِيًّا لِّقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾

«ئايەتلىرى ئوچۇق بايان قىلىنغان كىتابتۇر، بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن نازىل بولغان ئەرەبچە قۇرئاندۇر.①»

﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا كَافَّةً لِّلنَّاسِ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾

«سېنى بىز پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.②»

﴿إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِّلْعَالَمِينَ﴾

«ئۇ (يەنى قۇرئان) پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر.③»

﴿يَا أَهْلَ الْكِتَابِ قَدْ جَاءَكُمْ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمْ كَثِيرًا مِّمَّا كُنتُمْ تُخْفُونَ مِنَ الْكِتَابِ وَيَعْفُو عَن كَثِيرٍ قَدْ جَاءَكُم مِّنَ اللَّهِ نُورٌ وَكِتَابٌ مُّبِينٌ، يَهْدِي بِهِ اللَّهُ مَنِ اتَّبَعَ رِضْوَانَهُ سُبُلَ السَّلَامِ وَيُخْرِجُهُم مِّنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ بِإِذْنِهِ وَيَهْدِيهِمْ إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾

«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سىلەرگە سىلەر كىتابتا (ئىنجىلدا ۋە تەۋراتتا) يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە (يوشۇرغان نەرسىلەردىن) نۇرغۇننى كەچۈرىدىغان (ئاشكارىلاپ سىلەرنى پاش قىلمايدىغان) رەسۇلىمىز كەلدى، سىلەرگە الله تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى. الله شۇ

① سۈرە فۇسسىلەت: 3- ئايەت.
② سۈرە سەبەئ: 28- ئايەت.
③ سۈرە تەكۋىر: 27- ئايەت.

كىتــاب (يەنــى قۇرئــان) ئــارقىلىق رازىلىقىنــى تىلىگەنلەرنــى سالامەتلىك يوللىرى (اللهنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ.①»

ئـــاخىرقى ئەلچىلىكتە (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىدە) «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرى ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ باردى. چۈنكى، «لاإلــه الاالله» ئىلغار جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق تەلەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە الله ئىنسانلار ئىچىدىكى ياخشى ئۇممەت بولۇش ۋە قىيامەتكىچە ئىنسانلارغا گۇۋاھچى بولۇش ئۈچۈن ياراتقان «ئىلاھى ئۇممەت»نىڭ ھاياتى دەل ئاشۇ «لاإله الاالله» ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّهِ﴾

«(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، اللهغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر.②»

﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِّتَكُونُواْ شُهَدَاء عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا﴾

«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار

---

① سۈرە مائىدە: 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر.

② سۈرە ئال ئىمران: 110 ـ ئايەت.

ئۇچۇن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۇچۇن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۇممەت قىلدۇق.[1]»

كېيىنكى بۆلۈملەردە «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ.

@ @ @ @ @

---

① سۈرە بەقەرە: 143 ـ ئايەت.

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىدە

## «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرى

﴿اللّهُ أَعْلَمُ حَيْثُ يَجْعَلُ رِسَالَتَهُ﴾

«الله پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورنىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ.①»

ئاخىرقى ئەلچىلىكنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ئۇممەتنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى بولۇشى، بۇ ئەلچىلىكنىڭ بارلىق ئىنسانىيەتكە يۈزلەندۈرۈلگەن بولۇشى، ئۇنىڭدا دىنىنىڭ مۇكەممەللىشىشى، بۇ ئەلچىلىكنىڭ قىيامەتكە قەدەر ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇممەتنىڭ ھاياتىدا «لاإله الاالله» بىلەن زىچ باغلانغان بولۇشى اللەنىڭ ئۆزگەرمەس تەقدىرىدۇر.

يۇقىرىقى بۆلۈملەردە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك «لاإلــه الاالله» دېمەك شېرىكى يوق يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىش ۋە اللەنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە مۇتلەق رىئايە قىلىش دېمەكتۇر. شۇنداقلا، كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ گەرچە پرىنسىپ ئۆزگەرمەستىن بىر پۈتۈن ھالەتتە ساقلانسىمۇ ـ بىراق، بۇ خىل رىئايە قىلىشنىڭ تەلەپلىرى ئىزچىل تۈردە ئىنسانىيەتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ماس ھالدا ئېشىپ باردى... ئاخىرقى

---

① سۈرە ئەنئام: 124 ـ ئايەت.

ئەلچىلىك مەيدانىغا كېلىپ، «تەلەپلەر» ئەڭ ئاخىرقى يۈكسىلىش (يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش) باسقۇچىغا يەتتى. الله مۇنداق دېدى:

﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الإِسْلاَمَ دِينًا﴾

«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.[1]»

بۇ تەلەپلەر كۆپ خىللاشتى ۋە ئۆز ئارا يوغۇرۇلدى ھەمدە بۇ ئارقىلىق ھاياتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى مۇكەممەل ۋە بىر ـ بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالدى. نەتىجىدە بۇ تەلەپلەر ھاياتنىڭ پرىنسىپىغا ئايلاندى. الله ئىنسانىيەتنىڭ بۇ پرىنسىپ ئارقىلىق دۇنيادا اللەنىڭ نىمىتىگە، ئاخىرەتتە رىزالىقىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن دەل ئاشۇ پرىنسىپ ئۈستىدە مېڭىشىنى ئىرادە قىلىدۇ. الله قىيامەت كۈنى ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ:

﴿هَذَا يَوْمُ يَنفَعُ الصَّادِقِينَ صِدْقُهُمْ لَهُمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا رَّضِيَ اللّهُ عَنْهُمْ وَرَضُواْ عَنْهُ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾

«بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزلىرىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار اللەدىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇ زور بەختتۇر.[2]»

«لاإلــه الاالله» ئاخىرقى ئەلچىلىكتە ئىلگىرىكى قايسى بىر ئەلچىلىكتە ئۆز ئۈستىگە ئالمىغان تەلەپلەرنى ـ ياكى

---

[1] سۈرە مائىدە: 3 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە: 119 ـ ئايەت.

تەكلىپلەرنى- ئۆز ئۆستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن الله بۇ ئەلچىلىكنىڭ ئۇنى ئۆستىگە ئالىدىغان ئۇممەتنىڭ ئىچىدە ناھايىتى چوڭقۇر ۋە مۇستەھكەم بولۇشىنى تەقدىر قىلدى. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن بۇ ئۇممەت يالغۇز ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ھاياتىدىلا ئەمەس، بەلكى، بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىدا ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. چۈنكى، اللەنىڭ كىتابىدىن بۇ ئۇممەتنىڭ نوقۇل ئۆزىلا توغرا يول مېڭىش ئۈچۈن ئەمەس -بۇنداق تەلەپ ئىلگىرىكى باشقا ئۇممەتلەرگىمۇ قويۇلغان- بەلكى، بارلىق ئىنسانىيەتكە يېتەكچى ۋە گۇۋاھچى بولۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانلىقى ئايان بولدى.

شۇ سەۋەپتىن قۇرئان كەرىم «لاإله الاالله»نى بۇ ئۇممەتنىڭ قەلبىدە مۇستەھكەملەيدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ باغلىنىشچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ ھەمدە بۇ خىل چوڭقۇرلۇق ۋە مۇستەھكەملىكنى الله ئۇممەتكە پۈتكەن «ياخشى ئۇممەت»لىك سالاھىيىتىنى ھازىرلاشتىكى مۇھىم بىر سەۋەپ قىلىپ بېكىتىدۇ.

﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ...﴾

«(ئى مۇھەممەد ئۇممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشى ئۇممەتسىلەر.[1]»

قۇرئان كەرىم ھەر تۈرلۈك ۋاستە ۋە ئامىللار بىلەن قەلبتە ئىمان ۋە ئەقىدىنى مۇستەھكەملەيدۇ...

اللەنىڭ كاتتىلىقىنى، قۇدرىتىنى ۋە بۈيۈك ھۆكۈمرانلىقىنى كۆرسىتىدىغان كائىناتتىكى مۆجىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق قەلبتە ئىمان ۋە ئەقىدىنى مۇستەھكەملەيدۇ:

---

① سۈرە ئال ئىمران: 110- ئايەت.

﴿قُلْ أَئِنَّكُمْ لَتَكْفُرُونَ بِالَّذِي خَلَقَ الْأَرْضَ فِي يَوْمَيْنِ وَتَجْعَلُونَ لَهُ أَندَادًا؟! ذَلِكَ رَبُّ الْعَالَمِينَ، وَجَعَلَ فِيهَا رَوَاسِيَ مِن فَوْقِهَا وَبَارَكَ فِيهَا وَقَدَّرَ فِيهَا أَقْوَاتَهَا فِي أَرْبَعَةِ أَيَّامٍ سَوَاءً لِّلسَّائِلِينَ، ثُمَّ اسْتَوَى إِلَى السَّمَاءِ وَهِيَ دُخَانٌ فَقَالَ لَهَا وَلِلْأَرْضِ اِئْتِيَا طَوْعًا أَوْ كَرْهًا قَالَتَا أَتَيْنَا طَائِعِينَ، فَقَضَاهُنَّ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ فِي يَوْمَيْنِ وَأَوْحَى فِي كُلِّ سَمَاءٍ أَمْرَهَا وَزَيَّنَّا السَّمَاءَ الدُّنْيَا بِمَصَابِيحَ وَحِفْظًا ذَلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ﴾

**«(ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارغا) ”سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان اللەنى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىكلەر كەلتۈرەمسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر“ دېگىن. ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم ـ زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر). ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: ”ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار) “ دېدى. ئىككىلىسى ”ئىختىيارىي كەلدۇق“ دېدى. اللە يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسماننىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى). ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللەنىڭ تەقدىرىدۇر.[1]»**

﴿وَإِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ، إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَالْفُلْكِ الَّتِي تَجْرِي فِي الْبَحْرِ بِمَا يَنفَعُ النَّاسَ وَمَا أَنزَلَ

---

① سۈرە فۇسسىلەت: 9 ـ 12 ـ ئايەتلەر.

اللّهُ مِنَ السَّمَاء مِن مَّاء فَأَحْيَا بِهِ الأرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٍ وَتَصْرِيفِ الرِّيَاحِ وَالسَّحَابِ الْمُسَخِّرِ بَيْنَ السَّمَاء وَالأَرْضِ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ﴾

«سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، اللە بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان-زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (اللەنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر.①»

﴿هُوَ الَّذِي يُرِيكُمُ الْبَرْقَ خَوْفًا وَطَمَعًا وَيُنْشِىءُ السَّحَابَ الثِّقَالَ، وَيُسَبِّحُ الرَّعْدُ بِحَمْدِهِ وَالْمَلاَئِكَةُ مِنْ خِيفَتِهِ وَيُرْسِلُ الصَّوَاعِقَ فَيُصِيبُ بِهَا مَن يَشَاء وَهُمْ يُجَادِلُونَ فِي اللّهِ وَهُوَ شَدِيدُ الْمِحَالِ، لَهُ دَعْوَةُ الْحَقِّ وَالَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِهِ لاَ يَسْتَجِيبُونَ لَهُم بِشَيْءٍ إِلاَّ كَبَاسِطِ كَفَّيْهِ إِلَى الْمَاء لِيَبْلُغَ فَاهُ وَمَا هُوَ بِبَالِغِهِ وَمَا دُعَاء الْكَافِرِينَ إِلاَّ فِي ضَلاَلٍ﴾

«اللە (سىلەرنى چاقماقتىن) قورقىتىش، (سىلەردە يامغۇرغا قارىتا) ئۈمىد تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، سىلەرگە چاقماقنى كۆرسىتىدۇ، (قۇدرىتى بىلەن) قويۇق بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىدۇ. گۈلدۈرماما اللەنى مەدھىيىلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ اللەدىن قورقۇپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، اللە چاقماق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇلار اللە توغرىسىدا

① سۈرە بەقەرە: 163 ـ 164 ـ ئايەتلەر.

دەتالاش قىلىشىدۇ، اللەنىڭ تەدبىرى كۈچلۈكتۇر. ھەقىقىي قىلىنغان دۇئا اللەغا قارىتىلىدۇ، (يەنى ئىخلاس بىلەن قىلىنغان دۇئانى اللە ئىجابەت قىلىدۇ). كۇففارلارنىڭ اللەنى قويۇپ، دۇئالىرىنى قاراتقان مەبۇدلىرى كۇففارلارنىڭ ھېچقانداق دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ. ئۇلار (يەنى كاپىرلار) شۇنداق بىر ئادەمگە ئوخشايدۇكى، ئۇ ئاغزىمىزغا سۇ چۈشسۇن دەپ (نېرىدىن) ئىككى ئالىقىنىنى سۇغا قارىتىپ ئېچىپ تۇرىدۇ، (ئەمەلىيەتتە سۇ ئاڭلىمايدىغان، ھېس-تۇيغۇسىز نەرسە بولغاچقا) سۇ ھەرگىز ئۇنىڭ ئاغزىغا چۈشمەيدۇ، كاپىرلارنىڭ مەبۇدلىرىغا قىلغان دۇئاسى پۈتۈنلەي بىكاردۇر.①»

﴿إِنَّ اللّهَ فَالِقُ الْحَبِّ وَالنَّوَى يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَمُخْرِجُ الْمَيِّتِ مِنَ الْحَيِّ ذَلِكُمُ اللّهُ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ، فَالِقُ الإِصْبَاحِ وَجَعَلَ اللَّيْلَ سَكَنًا وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ حُسْبَانًا ذَلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ، وَهُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ النُّجُومَ لِتَهْتَدُواْ بِهَا فِي ظُلُمَاتِ الْبَرِّ وَالْبَحْرِ قَدْ فَصَّلْنَا الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ، وَهُوَ الَّذِيَ أَنشَأَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ فَمُسْتَقَرٌّ وَمُسْتَوْدَعٌ قَدْ فَصَّلْنَا الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَفْقَهُونَ، وَهُوَ الَّذِيَ أَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجْنَا بِهِ نَبَاتَ كُلِّ شَيْءٍ فَأَخْرَجْنَا مِنْهُ خَضِرًا نُّخْرِجُ مِنْهُ حَبًّا مُّتَرَاكِبًا وَمِنَ النَّخْلِ مِن طَلْعِهَا قِنْوَانٌ دَانِيَةٌ وَجَنَّاتٍ مِّنْ أَعْنَابٍ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُشْتَبِهًا وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ انظُرُواْ إِلِى ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَيَنْعِهِ إِنَّ فِي ذَلِكُمْ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾

«دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى بىخ ئۇرغۇزغۇچى ھەقىقەتەن اللەدۇر، تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچى ئەنە شۇ اللە دۇر، (اللەنىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟. اللە سۈبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، اللە كېچىنى (سىلەر ئۈچۈن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن

① سۈرە رەئد: 12 ـ 14 ـ ئايەتلەر.

ئاينى ياراتتى، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللەنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا (يەنە كېچىلىك يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن اللە سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى. (اللەنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (اللەنىڭ قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق. اللە سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، سىلەرنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ بەچچىدانىدا قارارلاشتۇردى، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق. اللە بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى، ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى، (بوغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر-بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) شەكىلدە، ھەجىمدە، تەمدە بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈردى، (ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ) يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار، ئۇلاردا اللەنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوچۇق دەلىللەر بار.[1]»

﴿اللّهُ الَّذِي رَفَعَ السَّمَاوَاتِ بِغَيْرِ عَمَدٍ تَرَوْنَهَا ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لأَجَلٍ مُّسَمًّى يُدَبِّرُ الأَمْرَ يُفَصِّلُ الآيَاتِ لَعَلَّكُم بِلِقَاءِ رَبِّكُمْ تُوقِنُونَ، وَهُوَ الَّذِي مَدَّ الأَرْضَ وَجَعَلَ فِيهَا رَوَاسِيَ وَأَنْهَارًا وَمِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ جَعَلَ فِيهَا

① سۈرە ئەنئام: 95- 99- ئايەتلەر.

زَوْجَيْنِ اثْنَيْنِ يُغْشِي اللَّيْلَ النَّهَارَ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾

«الله ئاسمانلارنى تۈرۈكسىز بەرپا قىلدى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ئاندىن ئۇ ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى. كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى، (ئۇلارنىڭ) ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى دۇنيانىڭ تۈگەيدىغان ۋاقتىغىچە) سەير قىلىدۇ، الله (ئۆز ھېكمىتى ۋە قۇدرىتى بىلەن) مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنسۇن دەپ، (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. الله يەر يۈزىنى (ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا) سوزۇپ كەڭ ياراتتى، يەر يۈزىدە تاغلارنى ۋە دەريالارنى ياراتتى، مېۋىلەرنىڭ ھەربىر تۈرىنى ئەركەك-چىشى -ئىككى جىنىسلىق- قىلىپ ياراتتى. كېچىنى كۈندۈزگە كىرىشتۈردى (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىنى ياپتى). بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار.[1]»

اللەنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان تۈرلۈك نېمەتلىرىنى ئىنسانغا ئەسلىتىش ئارقىلىق قەلبتە ئىمان ۋە ئەقىدىنى مۇستەھكەملەيدۇ:

﴿اللّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَأَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقًا لَّكُمْ وَسَخَّرَ لَكُمُ الْفُلْكَ لِتَجْرِيَ فِي الْبَحْرِ بِأَمْرِهِ وَسَخَّرَ لَكُمُ الأَنْهَارَ، وَسَخَّر لَكُمُ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ دَآئِبَينَ وَسَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ، وَآتَاكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَتَ اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا إِنَّ الإِنسَانَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ﴾

«الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ

---

[1] سۈرە رەئد: 2ـ 3ـ ئايەتلەر.

نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۇرۇپ بەردى، اللە سىلەرگە ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. اللە سىلەرگە سورىغان نەرسىڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر اللەنىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، كاپىر ئادەم، شەك ـ شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (اللەنىڭ نېمەتلىرىگە كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.[1]»

﴿هُوَ الَّذِي أَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء لَّكُم مِّنْهُ شَرَابٌ وَمِنْهُ شَجَرٌ فِيهِ تُسِيمُونَ، يُنبِتُ لَكُم بِهِ الزَّرْعَ وَالزَّيْتُونَ وَالنَّخِيلَ وَالأَعْنَابَ وَمِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ، وَسَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالْنَّهَارَ وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ وَالْنُّجُومُ مُسَخَّرَاتٌ بِأَمْرِهِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ، وَمَا ذَرَأَ لَكُمْ فِي الأَرْضِ مُخْتَلِفًا أَلْوَانُهُ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لِّقَوْمٍ يَذَّكَّرُونَ، وَهُوَ الَّذِي سَخَّرَ الْبَحْرَ لِتَأْكُلُواْ مِنْهُ لَحْمًا طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُواْ مِنْهُ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا وَتَرَى الْفُلْكَ مَوَاخِرَ فِيهِ وَلِتَبْتَغُواْ مِن فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ، وَأَلْقَى فِي الأَرْضِ رَوَاسِيَ أَن تَمِيدَ بِكُمْ وَأَنْهَارًا وَسُبُلاً لَّعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ، وَعَلامَاتٍ وَبِالنَّجْمِ هُمْ يَهْتَدُونَ﴾

«اللە سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر ۋە شۇ يامغۇر ئاقىلىق ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەر بىلەن چارۋاڭلارنى باقىسىلەر. اللە سىلەرگە شۇ يامغۇر بىلەن زىرائەتلەرنى ئۆستۇرۇپ بېرىدۇ، زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم ۋە تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۇرۇپ بېرىدۇ، چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ( اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار. اللە سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى

[1] سۈرە ئىبراھىم: 32 ـ 34 ـ ئايەتلەر.

بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ اللەنىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغاندۇر؛ چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار. اللە يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى (سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى)، ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. اللە سىلەرنى دېڭىزنىڭ يېڭى گۆشلىرى (يەنى بېلىقلىرى)نى يېسۇن، تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرى (يەنى ئۈنچە-مارجانلار)نى چىقارسۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. اللەنىڭ نېمەتلىرىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، (اللەنىڭ بويسۇندۇرۇشى بىلەن يېمەك - ئىچمەكلەر ۋە يۈك-تاقلار قاچىلانغان) كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋسەن. زېمىننىڭ سىلەرنى تەۋرىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، اللە ئۇنىڭدا تاغلارنى بەرپا قىلدى، (زىرائەتلىرىڭلارنى، چارۋا ماللىرىڭلارنى سۇغىرىشىڭلار ئۈچۈن) ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى، ئېزىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن يوللارنى پەيدا قىلدى. (يوللارغا) بەلگىلەرنى قىلدى. ئۇلار (كېچىسى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا) يۇلتۇزلار بىلەن يول تاپىدۇ.[1]»

**قىيامەتنىڭ تىرىلىش، قوزغىلىش، ھېساب، تارازا، ساۋاپ ۋە جازا... قاتارلىق كۆرۈنۈشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق قەلبتە ئىمان ۋە ئەقىدىنى مۇستەھكەملەيدۇ:**

﴿وَمَا قَدَرُوا اللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِ وَالْأَرْضُ جَمِيعًا قَبْضَتُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَالسَّمَاوَاتُ مَطْوِيَّاتٌ بِيَمِينِهِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ، وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَمَن فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَن شَاءَ اللَّهُ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخْرَى فَإِذَا هُم قِيَامٌ يَنظُرُونَ، وَأَشْرَقَتِ الْأَرْضُ بِنُورِ رَبِّهَا وَوُضِعَ الْكِتَابُ وَجِيءَ بِالنَّبِيِّينَ وَالشُّهَدَاءِ وَقُضِيَ بَيْنَهُم

---

① سۈرە نەھل: 10- 16- ئايەتلەر.

بِالْحَقِّ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ، وَوُفِّيَتْ كُلُّ نَفْسٍ مَّا عَمِلَتْ وَهُوَ أَعْلَمُ بِمَا يَفْعَلُونَ، وَسِيقَ
الَّذِينَ كَفَرُوا إِلَى جَهَنَّمَ زُمَرًا حَتَّى إِذَا جَاؤُوهَا فُتِحَتْ أَبْوَابُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا أَلَمْ
يَأْتِكُمْ رُسُلٌ مِّنكُمْ يَتْلُونَ عَلَيْكُمْ آيَاتِ رَبِّكُمْ وَيُنذِرُونَكُمْ لِقَاءَ يَوْمِكُمْ هَذَا قَالُوا بَلَى
وَلَكِنْ حَقَّتْ كَلِمَةُ الْعَذَابِ عَلَى الْكَافِرِينَ، قِيلَ ادْخُلُوا أَبْوَابَ جَهَنَّمَ خَالِدِينَ فِيهَا فَبِئْسَ
مَثْوَى الْمُتَكَبِّرِينَ، وَسِيقَ الَّذِينَ اتَّقَوْا رَبَّهُمْ إِلَى الْجَنَّةِ زُمَرًا حَتَّى إِذَا جَاؤُوهَا وَفُتِحَتْ
أَبْوَابُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا سَلَامٌ عَلَيْكُمْ طِبْتُمْ فَادْخُلُوهَا خَالِدِينَ، وَقَالُوا الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي
صَدَقَنَا وَعْدَهُ وَأَوْرَثَنَا الْأَرْضَ نَتَبَوَّأُ مِنَ الْجَنَّةِ حَيْثُ نَشَاء فَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ، وَتَرَى
الْمَلَائِكَةَ حَافِّينَ مِنْ حَوْلِ الْعَرْشِ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَقُضِيَ بَيْنَهُم بِالْحَقِّ وَقِيلَ
الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

«ئۇلار اللەنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي اللەنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار اللەنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، اللە ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى اللە خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ. مەھشەرگاھ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ، نامە-ئەماللار ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ. ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، اللە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. كاپىرلار جەھەننەمگە توپ-توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: "ئاراڭلاردىن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى

سلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، بۈگۈنكى ئۈچرىشىشىڭلاردىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟" دەيدۇ. ئۇلار: "شۇنداق (پەيغەمبەرلەر كەلگەن، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان)، لېكىن ئازابقا دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى" دەيدۇ. (ئۇلارغا) "جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىڭلار، مۇتەكەببىرلارنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان! " دېيىلىدۇ. پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغانلار جەننەتكە توپ-توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: "سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار" دەيدۇ. ئۇلار (جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلاشقان چاغدا) ئېيتىدۇ: "جىمى ھەمدۇسانا اللەغا خاستۇركى، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، جەننەتنىڭ زېمىنىغا بىزنى ۋارىس قىلدى. جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەجرى (يەنى جەننەت) نېمىدېگەن ياخشى! ". پەرىشتىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتقان، ھەمدى ئېيتقان ھالدا ئەرشنىڭ چۆرىسىنى ئوراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ (مۇئمىنلەر جەننەتكە كىرىدۇ، كاپىرلار دوزاخقا كىرىدۇ)، "جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەغا خاستۇر! " دېيىلىدۇ.①»

﴿هَذَانِ خَصْمَانِ اخْتَصَمُوا فِي رَبِّهِمْ فَالَّذِينَ كَفَرُوا قُطِّعَتْ لَهُمْ ثِيَابٌ مِّن نَّارٍ

① سۈرە زۇمەر: 67- 75- ئايەتلەر.

يُصَبُّ مِن فَوْقِ رُؤُوسِهِمُ الْحَمِيمُ، يُصْهَرُ بِهِ مَا فِي بُطُونِهِمْ وَالْجُلُودُ، وَلَهُم مَّقَامِعُ مِنْ حَدِيدٍ، كُلَّمَا أَرَادُوا أَن يَخْرُجُوا مِنْهَا مِنْ غَمٍّ أُعِيدُوا فِيهَا وَذُوقُوا عَذَابَ الْحَرِيقِ﴾

«(مۆئمىنلەر ۋە كۇففارلاردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى (پىرقە) پەرۋەردىگارى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى (يەنى مۆئمىنلەر بىلەن كۇففارلار اللەنىڭ دىنى ئۈستىدە بەس-مۇنازىرە قىلىشىپ، مۆئمىنلەر اللەنىڭ دىنىغا ياردەم بەرمەكچى بولدى، كۇففارلار اللەنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى)، كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ-باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ. ئۇلار تۆمۈر-توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ. ھەر قاچان ئۇلار (يېتىۋاتقان) غەم-قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ، (ئۇلارغا) كۆيدۈرگۈچى (دوزاخ) ئازابىنى تېتىڭلار (دېيىلىدۇ).①»

﴿وَالسَّابِقُونَ السَّابِقُونَ، أُوْلَئِكَ الْمُقَرَّبُونَ، فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ، ثُلَّةٌ مِّنَ الْأَوَّلِينَ، وَقَلِيلٌ مِّنَ الْآخِرِينَ، عَلَى سُرُرٍ مَّوْضُونَةٍ، مُتَّكِئِينَ عَلَيْهَا مُتَقَابِلِينَ، يَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَانٌ مُّخَلَّدُونَ، بِأَكْوَابٍ وَأَبَارِيقَ وَكَأْسٍ مِّن مَّعِينٍ، لَا يُصَدَّعُونَ عَنْهَا وَلَا يُنزِفُونَ، وَفَاكِهَةٍ مِّمَّا يَتَخَيَّرُونَ، وَلَحْمِ طَيْرٍ مِّمَّا يَشْتَهُونَ، وَحُورٌ عِينٌ، كَأَمْثَالِ اللُّؤْلُؤِ الْمَكْنُونِ، جَزَاء بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾

«(ئۈچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر. ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە اللەغا يېقىن بولغۇچىلاردۇر. بۇلار ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر. ئۇلار (ئالتۇندىن) توقۇلغان تەختلەر ئۈستىگە يۆلەنگەن ھالدا

① سۈرە ھەج: 19 ـ 22 ـ ئايەتلەر.

بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ. (قېرىماي) ھەمىشە بىر خىل تۇرىدىغان غىلمانلار ئېقىپ تۇرغان شارابتىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملارنى ئۇلارغا ئايلىنىپ سۇنۇپ تۇرىدۇ. ئۇ شارابنى ئىچىش بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ، مەست بولمايدۇ. ئۇلارغا ئىختىيار قىلغان مېۋىلەر ۋە كۆڭۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرى بېرىلىدۇ. ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرگە ئوخشايدىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بېرىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر.[1]»

ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ اللەغا يالۋۇرغانلىقى، اللەنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغانلىقى، ئىتائەت قىلغانلىقى، اللەغا دۇئا قىلىپ تىلەكلىرىنى تىلىگەنلىكى ۋە اللەنىڭ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق قەلبتە ئىمان ۋە ئەقىدىنى مۇستەھكەملەيدۇ:

﴿كهيعص، ذِكْرُ رَحْمَةِ رَبِّكَ عَبْدَهُ زَكَرِيَّا، إِذْ نَادَى رَبَّهُ نِدَاءً خَفِيًّا، قَالَ رَبِّ إِنِّي وَهَنَ الْعَظْمُ مِنِّي وَاشْتَعَلَ الرَّأْسُ شَيْبًا وَلَمْ أَكُنْ بِدُعَائِكَ رَبِّ شَقِيًّا، وَإِنِّي خِفْتُ الْمَوَالِيَ مِنْ وَرَائِي وَكَانَتِ امْرَأَتِي عَاقِرًا فَهَبْ لِي مِنْ لَدُنْكَ وَلِيًّا، يَرِثُنِي وَيَرِثُ مِنْ آلِ يَعْقُوبَ وَاجْعَلْهُ رَبِّ رَضِيًّا، يَا زَكَرِيَّا إِنَّا نُبَشِّرُكَ بِغُلَامٍ اسْمُهُ يَحْيَى لَمْ نَجْعَلْ لَهُ مِنْ قَبْلُ سَمِيًّا﴾

«كاف، ها، يا، عين، صاد. بۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەندىسى زەكەرىياغا قىلغان مەرھەمىتىنىڭ بايانىدۇر. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلدى. ئۇ ئېيتتى: "پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم، چېچىم ئاقاردى. پەرۋەردىگارىم! ساڭا دۇئا قىلىپ ئۈمىدسىز بولۇپ قالغىنىم يوق. مەن تاغىلىرىمنىڭ باللىرىنىڭ ئورنۇمنى باساللماسلىقلىرىدىن (يەنى دىنىنى قولدىن بېرىپ قويۇشلىرىدىن)

---

[1] سۈرە ۋاقىئە: 10 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

ھەقىقەتەن ئەنسىرەيمەن، مېنىڭ ئايالىم تۇغماستۇر، (پەزلىڭدىن) ماڭا بىر (ياخشى) پەرزەنت ئاتا قىلغىن. ئۇ ماڭا ۋارىس بولغاي ۋە يەئقۇب ئەۋلادىغا ۋارىس بولغاي، پەرۋەردىگارىم! ئۇنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىدىغان قىلغىن". (اللە ئېيتتىكى) "ئى زەكەرىيا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسىمداش قىلمىدۇق". ①»

﴿وَمَنْ يَرْغَبُ عَنْ مِلَّةِ إِبْرَاهِيمَ إِلَّا مَنْ سَفِهَ نَفْسَهُ وَلَقَدِ اصْطَفَيْنَاهُ فِي الدُّنْيَا وَإِنَّهُ فِي الْآخِرَةِ لَمِنَ الصَّالِحِينَ، إِذْ قَالَ لَهُ رَبُّهُ أَسْلِمْ قَالَ أَسْلَمْتُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

«ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: "(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن" دېدى. ئۇ: "ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم" دېدى. ②»

﴿فَبَشَّرْنَاهُ بِغُلَامٍ حَلِيمٍ، فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ السَّعْيَ قَالَ يَا بُنَيَّ إِنِّي أَرَى فِي الْمَنَامِ أَنِّي أَذْبَحُكَ فَانْظُرْ مَاذَا تَرَى قَالَ يَا أَبَتِ افْعَلْ مَا تُؤْمَرُ سَتَجِدُنِي إِنْ شَاءَ اللَّهُ مِنَ الصَّابِرِينَ، فَلَمَّا أَسْلَمَا وَتَلَّهُ لِلْجَبِينِ، وَنَادَيْنَاهُ أَنْ يَا إِبْرَاهِيمُ، قَدْ صَدَّقْتَ الرُّؤْيَا إِنَّا كَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ، إِنَّ هَذَا لَهُوَ الْبَلَاءُ الْمُبِينُ، وَفَدَيْنَاهُ بِذِبْحٍ عَظِيمٍ، وَتَرَكْنَا عَلَيْهِ فِي الْآخِرِينَ، سَلَامٌ عَلَى إِبْرَاهِيمَ﴾

«بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش-كۈشلىرىگە يارىغۇدەك

---

① سۈرە مەريەم: 1-7- ئايەتلەر.
② سۈرە بەقەرە: 130- 131- ئايەتلەر.

بولغان چاغدا، ئىبراھىم: "ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى اللەنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟" دېدى. ئۇ ئېيتتى: "ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن". ئىككىسى (اللەنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى. بىز ئۇنىڭغا: "ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ) " دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ياخشى نام قالدۇردۇق. ئىبراھىمغا سالام بولسۇن!.[1]»

﴿وَأَيُّوبَ إِذْ نَادَى رَبَّهُ أَنِّي مَسَّنِيَ الضُّرُّ وَأَنْتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ، فَاسْتَجَبْنَا لَهُ فَكَشَفْنَا مَا بِهِ مِنْ ضُرٍّ وَآتَيْنَاهُ أَهْلَهُ وَمِثْلَهُمْ مَعَهُمْ رَحْمَةً مِنْ عِنْدِنَا وَذِكْرَى لِلْعَابِدِينَ﴾

«(ئەييۇبنىڭ قىسسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پەرۋەردىگارىغا: "ھەقىقەتەن مېنى بال (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن" دەپ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرىۋەتتۇق، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئىبرەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى زىيادە ئاتا قىلدۇق (يەنى ئۇنىڭ

[1] سۈرە سافقات: 101 ـ 109 ـ ئايەتلەر.

ئۆلگەن باللىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ بالا، بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق).[1]»

پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كاپىر قەۋملىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن مۇنازىرىلەرنى ھەمدە ئاخىرىدا اللەنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ، كاپىرلارنى ھالاك قىلغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق قەلبتە ئىمان ۋە ئەقىدىنى مۇستەھكەملەيدۇ:

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَى قَوْمِهِ فَقَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ إِنِّي أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ، قَالَ الْمَلَأُ مِنْ قَوْمِهِ إِنَّا لَنَرَاكَ فِي ضَلَالٍ مُبِينٍ، قَالَ يَا قَوْمِ لَيْسَ بِي ضَلَالَةٌ وَلَكِنِّي رَسُولٌ مِنْ رَبِّ الْعَالَمِينَ، أُبَلِّغُكُمْ رِسَالَاتِ رَبِّي وَأَنْصَحُ لَكُمْ وَأَعْلَمُ مِنَ اللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ، أَوَعَجِبْتُمْ أَنْ جَاءَكُمْ ذِكْرٌ مِنْ رَبِّكُمْ عَلَى رَجُلٍ مِنْكُمْ لِيُنْذِرَكُمْ وَلِتَتَّقُوا وَلَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ، فَكَذَّبُوهُ فَأَنْجَيْنَاهُ وَالَّذِينَ مَعَهُ فِي الْفُلْكِ وَأَغْرَقْنَا الَّذِينَ كَذَّبُوا بِآيَاتِنَا إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْمًا عَمِينَ، وَإِلَى عَادٍ أَخَاهُمْ هُودًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ أَفَلَا تَتَّقُونَ، قَالَ الْمَلَأُ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ قَوْمِهِ إِنَّا لَنَرَاكَ فِي سَفَاهَةٍ وَإِنَّا لَنَظُنُّكَ مِنَ الْكَاذِبِينَ، قَالَ يَا قَوْمِ لَيْسَ بِي سَفَاهَةٌ وَلَكِنِّي رَسُولٌ مِنْ رَبِّ الْعَالَمِينَ، أُبَلِّغُكُمْ رِسَالَاتِ رَبِّي وَأَنَا لَكُمْ نَاصِحٌ أَمِينٌ، أَوَعَجِبْتُمْ أَنْ جَاءَكُمْ ذِكْرٌ مِنْ رَبِّكُمْ عَلَى رَجُلٍ مِنْكُمْ لِيُنْذِرَكُمْ وَاذْكُرُوا إِذْ جَعَلَكُمْ خُلَفَاءَ مِنْ بَعْدِ قَوْمِ نُوحٍ وَزَادَكُمْ فِي الْخَلْقِ بَسْطَةً فَاذْكُرُوا آلَاءَ اللَّهِ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ، قَالُوا أَجِئْتَنَا لِنَعْبُدَ اللَّهَ وَحْدَهُ وَنَذَرَ مَا كَانَ يَعْبُدُ آبَاؤُنَا فَأْتِنَا بِمَا تَعِدُنَا إِنْ كُنْتَ مِنَ الصَّادِقِينَ، قَالَ قَدْ وَقَعَ عَلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ رِجْسٌ وَغَضَبٌ أَتُجَادِلُونَنِي فِي أَسْمَاءٍ سَمَّيْتُمُوهَا أَنْتُمْ وَآبَاؤُكُمْ مَا نَزَّلَ اللَّهُ بِهَا مِنْ سُلْطَانٍ فَانْتَظِرُوا إِنِّي مَعَكُمْ مِنَ الْمُنْتَظِرِينَ، فَأَنْجَيْنَاهُ وَالَّذِينَ مَعَهُ بِرَحْمَةٍ مِنَّا وَقَطَعْنَا دَابِرَ الَّذِينَ كَذَّبُوا بِآيَاتِنَا وَمَا كَانُوا مُؤْمِنِينَ﴾

«شەك شۈبھىسىزكى، نۇھنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ: ”ئى قەۋمىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە

---

① سۈرە ئەنبىيا: 83 ـ 84 ـ ئايەتلەر.

اللەدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن“ دېدى. قەۋمىنىڭ چوڭلىرى: ”بىز سېنى ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا كۆرۈمىز“ دېدى. نۇھ ئېيتتى: ”ئى قەۋمىم! مەن قىلچىمۇ گۇمراھ ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن. سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن، مەن اللەنىڭ ۋەھيى قىلىشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن. سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، (كۇفرىدىن) ساقلىنىشىڭلار ۋە اللەنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئاراڭلاردىكى بىر كىشى ئارقىلىق پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەھيىسى كېلىشىدىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟“. ئۇلار نۇھنى ئىنكار قىلدى، نۇھنى ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق، ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى پۈتۈنلەي (سۇغا) غەرق قىلدۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ھەقنى كۆرۈشتىن دىللىرى) كور قەۋم ئىدى. ئاد (قەۋمى)گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ھۇد: ”ئى قەۋمىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. (ئۇنىڭ ئازابىدىن) قورقامسىلەر؟“ دېدى. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغان چوڭلىرى: ”بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى، ئەلۋەتتە، (پەيغەمبەرلىك دەۋايىڭدا) يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمىز“ دېدى. ھۇد ئېيتتى: ”ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن. سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك نەسىھەتچىمەن.

پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەھيىسى سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئىچىڭلاردىكى بىر كىشى ئارقىلىق كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟“ ئۆز ۋاقتىدا نۇھنىڭ قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن، اللەنىڭ سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغانلىقىنى ۋۇجۇدۇڭلارنى، قامەتلىك، بەستلىك قىلغانلىقىنى ياد ئېتىڭلار، سىلەر بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن اللەنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار. ئۇلار: ”(ئى ھۇد) ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەبۇدلارنى تاشلاپ، يالغۇز بىر اللەغا ئىبادەت قىلىشىمىزغا دەۋەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزگە ۋەدە قىلغان ئازابنى كەلتۈرگىن“ دېدى. ھۇد: ”سىلەرگە چوقۇم پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئازابى ۋە غەزىپى نازىل بولىدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا-بوۋاڭلار ئات قويۇۋالغان، بۇ ھەقتە (ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشقا) اللە ھېچقانداق دەلىل نازىل قىلمىغان (بۇتلىرىڭلارنىڭ) ئىسىملىرى ئۈستىدە مەن بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ (اللەنىڭ ئازابىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىرلىكتە (سىلەرگە نازىل بولىدىغان ئازابنى) كۈتىمەن“ دېدى. بىز ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغۇچىلارنى (يەنى مۇئمىنلەرنى) رەھمىتىمىز بىلەن قۇتقۇزدۇق، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدۇق، ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان ئىدى.[1]»

اللەنىڭ غەيبنى بىلگۈچى ئىلمىنى، اللەنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۈزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئاخىرەتتە ئۇلاردىن ھېساب ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق قەلبتە ئىمان ۋە ئەقىدىنى مۇستەھكەملەيدۇ:

﴿وَعِنْدَهُ مَفَاتِحُ الْغَيْبِ لَا يَعْلَمُهَا إِلَّا هُوَ وَيَعْلَمُ مَا فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَمَا تَسْقُطُ مِنْ

① سۈرە ئەئراف: 59- 72- ئايەتلەر.

وَرَقَةٍ إِلَّا يَعْلَمُهَا وَلَا حَبَّةٍ فِي ظُلُمَاتِ الْأَرْضِ وَلَا رَطْبٍ وَلَا يَابِسٍ إِلَّا فِي كِتَابٍ مُبِينٍ، وَهُوَ الَّذِي يَتَوَفَّاكُمْ بِاللَّيْلِ وَيَعْلَمُ مَا جَرَحْتُمْ بِالنَّهَارِ ثُمَّ يَبْعَثُكُمْ فِيهِ لِيُقْضَى أَجَلٌ مُسَمًّى ثُمَّ إِلَيْهِ مَرْجِعُكُمْ ثُمَّ يُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ، وَهُوَ الْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِ وَيُرْسِلُ عَلَيْكُمْ حَفَظَةً حَتَّى إِذَا جَاءَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ تَوَفَّتْهُ رُسُلُنَا وَهُمْ لَا يُفَرِّطُونَ، ثُمَّ رُدُّوا إِلَى اللَّهِ مَوْلَاهُمُ الْحَقِّ أَلَا لَهُ الْحُكْمُ وَهُوَ أَسْرَعُ الْحَاسِبِينَ﴾

«غەيبنىڭ خەزىنىلىرى اللەنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا الله بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى الله بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن الله بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى (اللەغا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر. الله سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدۇ، ئاندىن اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاندىن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى الله سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ. الله بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى الله بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ سىلەرگە ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنى (يەنى قىلغان-ئەتكەننى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتىدۇ، بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلار (اللەنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا) بىپەرۋالىق قىلمايدۇ. ئاندىن ئۇلار (يەنى بەندىلەر) ھەق ھۆكۈم قىلغۇچى، ئىگىسى اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ (قىيامەت كۈنى) ھۆكۈم قىلىش يالغۇز اللەغىلا خاستۇر، الله ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.[1]»

① سۈرە ئەنئام: 59 ـ 62 ـ ئايەتلەر.

كائىنات قۇرۇلمىسىدىكى مۆجىزىلىك نازۇكلۇقنى، پلانېتالارنىڭ ئايلىنىشىدىكى ئىنچىكە ئىنتىزامنى ھەمدە بۇ خىل تەرتىپ ۋە ئىنتىزامنىڭ يېگانە اللەدىن باشقا خىلمۇ-خىل ئىلاھلار تەرىپىدىن مەيدانغا كېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق قەلبتە ئىمان ۋە ئەقىدىنى مۇستەھكەملەيدۇ:

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى رَبِّكَ كَيْفَ مَدَّ الظِّلَّ وَلَوْ شَاءَ لَجَعَلَهُ سَاكِنًا ثُمَّ جَعَلْنَا الشَّمْسَ عَلَيْهِ دَلِيلًا، ثُمَّ قَبَضْنَاهُ إِلَيْنَا قَبْضًا يَسِيرًا، وَهُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ اللَّيْلَ لِبَاسًا وَالنَّوْمَ سُبَاتًا وَجَعَلَ النَّهَارَ نُشُورًا، وَهُوَ الَّذِي أَرْسَلَ الرِّيَاحَ بُشْرًا بَيْنَ يَدَيْ رَحْمَتِهِ وَأَنْزَلْنَا مِنَ السَّمَاءِ مَاءً طَهُورًا، لِنُحْيِيَ بِهِ بَلْدَةً مَيْتًا وَنُسْقِيَهُ مِمَّا خَلَقْنَا أَنْعَامًا وَأَنَاسِيَّ كَثِيرًا﴾

«پەرۋەردىگارىڭنىڭ سايىنى قانداق سوزغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر خالىسا ئۇنى ئەلۋەتتە مۇقىم قىلاتتى، ئاندىن قۇياشنى سايىگە دەلىل قىلدۇق (يەنى كۈننىڭ چىققانلىقىنى سايىنىڭ بارلىقىغا دەلىل قىلدۇق). ئاندىن ئۇنى ئاستا-ئاستا يوقاتتۇق. الله سىلەرگە كېچىنى لىباس، ئۇيقۇنى (بەدىنىڭلار ئۈچۈن) راھەت قىلدى، كۈندۈزنى (تىرىكچىلىك ئۈچۈن زېمىندا) يېيىلىدىغان ۋاقىت قىلدى. الله رەھمىتىنى (يەنى يامغۇرنى) ياغدۇرۇش ئالدىدا شامالنى خۇش خەۋەر قىلىپ ئەۋەتتى، يامغۇر بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈش ۋە بىز ياراتقان ھايۋانلارنى، نۇرغۇن ئىنسانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇلۇتتىن پاك سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق.[①]»

﴿سُبْحَانَ الَّذِي خَلَقَ الْأَزْوَاجَ كُلَّهَا مِمَّا تُنْبِتُ الْأَرْضُ وَمِنْ أَنْفُسِهِمْ وَمِمَّا لَا يَعْلَمُونَ، وَآيَةٌ لَهُمُ اللَّيْلُ نَسْلَخُ مِنْهُ النَّهَارَ فَإِذَا هُمْ مُظْلِمُونَ، وَالشَّمْسُ تَجْرِي لِمُسْتَقَرٍّ لَهَا ذَلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ، وَالْقَمَرَ قَدَّرْنَاهُ مَنَازِلَ حَتَّى عَادَ كَالْعُرْجُونِ الْقَدِيمِ، لَا

① سۈرە فۇرقان: 44- 49- ئايەتلەر.

الشَّمْسُ يَنْبَغِي لَهَا أَنْ تُدْرِكَ الْقَمَرَ وَلَا اللَّيْلُ سَابِقُ النَّهَارِ وَكُلٌّ فِي فَلَكٍ يَسْبَحُونَ﴾

«الله (پۈتۈن ئەيىب-نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىققان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار)نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار. ئۇلارغا (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتىمىز-دە (يەنى كۈندۈزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋېتىمىز - دە)، ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ. كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللەنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ.[①]»

﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا فَسُبْحَانَ اللَّهِ رَبِّ الْعَرْشِ عَمَّا يَصِفُونَ﴾

«ئەگەر ئاسمان-زېمىندا اللەدىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.[②]»

﴿مَا اتَّخَذَ اللَّهُ مِنْ وَلَدٍ وَمَا كَانَ مَعَهُ مِنْ إِلَهٍ إِذًا لَذَهَبَ كُلُّ إِلَهٍ بِمَا خَلَقَ وَلَعَلَا بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ، عَالِمِ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَتَعَالَى عَمَّا

① سۈرە ياسىن: 36- 40- ئايەتلەر.
② سۈرە ئەنبىيا: 22- ئايەت.

يُشْرِكُونَ﴾

«اللەنىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، اللە ئۇلارنىڭ اللەغا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.①»

ئادەم بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك قىسسىسىنى سۆزلەش ھەمدە ئىنسانلارنى كۈپرى ۋە شىرىككە باشلايدىغان ئەڭ چوڭ دۈشمەندىن ئۇلارنى ئېھتىيات قىلىشقا ئۈندەش ئارقىلىق قەلبتە ئىمان ۋە ئەقىدىنى مۇستەھكەملەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَاكُمْ ثُمَّ صَوَّرْنَاكُمْ ثُمَّ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ لَمْ يَكُنْ مِنَ السَّاجِدِينَ، قَالَ مَا مَنَعَكَ أَلَّا تَسْجُدَ إِذْ أَمَرْتُكَ قَالَ أَنَا خَيْرٌ مِنْهُ خَلَقْتَنِي مِنْ نَارٍ وَخَلَقْتَهُ مِنْ طِينٍ، قَالَ فَاهْبِطْ مِنْهَا فَمَا يَكُونُ لَكَ أَنْ تَتَكَبَّرَ فِيهَا فَاخْرُجْ إِنَّكَ مِنَ الصَّاغِرِينَ، قَالَ أَنْظِرْنِي إِلَى يَوْمِ يُبْعَثُونَ، قَالَ إِنَّكَ مِنَ الْمُنْظَرِينَ، قَالَ فَبِمَا أَغْوَيْتَنِي لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ، ثُمَّ لَآتِيَنَّهُمْ مِنْ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَنْ شَمَائِلِهِمْ وَلَا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ، قَالَ اخْرُجْ مِنْهَا مَذْءُومًا مَدْحُورًا لَمَنْ تَبِعَكَ مِنْهُمْ لَأَمْلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنْكُمْ أَجْمَعِينَ﴾

«شۈبھىسىزكى بىز سىلەرنى ياراتتۇق، ئاندىن سىلەرنى شەكىللەندۈردۇق، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: "سىلەر ئادەمگە (ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىڭلار" دېدۇق، ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى. ئۇ سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولمىدى. اللە (ئىبلىسقا) "سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟" دېدى. ئىبلىس: "مەن

① سۈرە مۇئمىنۇن: 91- ئايەت.

ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ“ دېدى. ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: ”سەن بۇيەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت، بۇ يەردىن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشۇڭغا بولمايدۇ، يوقال، سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەردىنسەن“. ئىبلىس: ”ماڭا كىشىلەر قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) مۆھلەت بەرگىن“ دېدى. ئاللاھ: ”ساڭا مۆھلەت بېرىلىدۇ“ دېدى. ئىبلىس ئېيتتى: ”سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمەتتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن“. ئاللاھ ئېيتتى: ”جەننەتتىن ئەيىبلەنگەن ۋە (رەھمىتىمدىن) مەھرۇم قىلىنغان ھالدا چىق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قوشۇپ، ھەممىڭلار بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى تولدۇرىمەن“.①»

﴿وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ قَالَ أَأَسْجُدُ لِمَنْ خَلَقْتَ طِينًا، قَالَ أَرَأَيْتَكَ هَذَا الَّذِي كَرَّمْتَ عَلَيَّ لَئِنْ أَخَّرْتَنِ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ لَأَحْتَنِكَنَّ ذُرِّيَّتَهُ إِلَّا قَلِيلًا، قَالَ اذْهَبْ فَمَنْ تَبِعَكَ مِنْهُمْ فَإِنَّ جَهَنَّمَ جَزَاؤُكُمْ جَزَاءً مَوْفُورًا، وَاسْتَفْزِزْ مَنِ اسْتَطَعْتَ مِنْهُمْ بِصَوْتِكَ وَأَجْلِبْ عَلَيْهِمْ بِخَيْلِكَ وَرَجِلِكَ وَشَارِكْهُمْ فِي الْأَمْوَالِ وَالْأَوْلَادِ وَعِدْهُمْ وَمَا يَعِدُهُمُ الشَّيْطَانُ إِلَّا غُرُورًا، إِنَّ عِبَادِي لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَانٌ وَكَفَى بِرَبِّكَ وَكِيلًا﴾

«ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: ”ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار!“ دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى. ئىبلىس:

① سۈرە ئەئراف: 11 ـ 18 ـ ئايەتلەر.

"سەن لايدىن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلامدىمەن؟" دېدى. ئىبلىس: "ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خالىغانچە يېتىلەيمەن) " دېدى. اللە (ئىبلىسقا) ئېيتتى: "بارغىن (ساڭا مۆھلەت بەردىم)، ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بالىلىرىدىن) كىمكى ساڭا ئەگىشىدىكەن، (جەھەننەم ساڭا ۋە ئۇلارغا) بېرىلگەن تولۇق جازادۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قوزغىتالايدىغانلىكى ئادىمىڭنى ئاۋازىڭ بىلەن (يەنى گۇناھقا چاقىرىشىڭ بىلەن) قوزغاتقىن، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن، ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ۋە بالىلىرىغا شېرىك بولغىن، ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بەرگىن ـ شەيتاننىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسى پەقەت ئالدامچىلىقتۇر ـ شۈبھىسىزكى، مېنىڭ (ئىخلاسمەن) بەندىلىرىم ئۈستىدىن سەن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايسەن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر".[①]»

كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى اللەنىڭ گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق قەلبتە ئىمان ۋە ئەقىدىنى مۇستەھكەملەيدۇ:

﴿هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ، هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبَّارُ الْمُتَكَبِّرُ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ، هُوَ اللَّهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَوِّرُ لَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى يُسَبِّحُ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾

«اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى،

---

① سۈرە ئىسرا: 60 ـ 61 ـ ئايەتلەر.

ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)، (مۇئمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. الله (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.[①]»

اللەنىڭ كۆپلىگەن ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى قۇرئان ئايەتلىرىدە كۆپلىگەن ئورۇنلاردا تەكرارلىنىدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئىنسانىي قەلبنى ھەر قانداق ئەھۋالدا ھەر قايسى تەرەپتىن قورشايدۇ. ئىنسان قانداق ئويلىسۇن، نېمىنى مەقسەت قىلسۇن، قەيەرگە يۈزلەنسۇن شۇ يەردە اللەنى تاپالايدۇ... ئۇ رىزىق ئىزدەمدۇ؟ الله ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (اللەنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر. ئۇ تىنچلىق ۋە ساقلىق ئىزدەمدۇ؟ ھەقىقەتەن الله ئىشلارنى تەقدىر قىلىدۇ ۋە ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ساقلىق ۋە سالامەتلىك اللەدىن ئۈمىد قىلىنىدۇ. ئۇ خەتەرلەردىن قۇتۇلۇشنى، قورقۇنچتىن ئەمىن بولۇشنى ئىزدەمدۇ؟ ھەقىقەتەن الله نىجاتلىق بەرگۈچىدۇر. اللەدىن باشقا پانالىق

① سۈرە ھەشر: 22 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

بەرگۈچى يوقدۇر. ئۇ بالىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلامدۇ؟ ھەقىقەتەن بالىنى الله بېرىدۇ. خالىغان كىشىگە ئوغۇل، خالىغان كىشىگە قىز بېرىدۇ. ئۇ ئەزىزلىكنى ئىزدەمدۇ؟ الله ئەزىز ۋە خار قىلغۇچىدۇر. ئۇ دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ئىزدەمدۇ؟ الله ياردەم بەرگۈچىدۇر. ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى خالامدۇ؟ الله مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگۈچىدۇر. ئۇ ئاسانلىق ئىزدەمدۇ؟ الله ئاسانلىق بەرگۈچىدۇر. ئۇ بەرىكەت ۋە خاتىرجەملىك ئىزدەمدۇ؟ ياخشىلىق ۋە بەرىكەت اللهنىڭ قولىدىدۇر. دىللار اللهنى ئەسلەش بىلەن ئارام تاپىدۇ...

* * * * *

مەككىدىكى ئون ئۈچ يىل ۋە مەدىنىدىكى ئون يىل جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەلبىدە «لاإلــه الاالله»نى مۇستەھكەملەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئالدىدا «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرى بويىچە ياشايتتى. ئۇلارنى «لاإلــه الاالله»غا يۈزلەندۈرەتتى. ھاياتنىڭ ھەر بىر دەقىقىلىرىدە «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرى بويىچە قانداق ياشايدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆگىتەتتى...

(ئۇلار ھەر دائىم الله بىلەن بىرگە ياشايتتى، الله ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئىدارە قىلغۇچىغا ئايلانغان ئىدى.[1])

ئۇلار سەھەردە ئورنىدىن تۇرغاندا مۇنداق دەيتتى: {اللهم بــك

---

① ئەمما، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار اللهنى ھاياتىمىزدىكى ئۇ قەدەر ئىدارە قىلغۇچىغا ئايلاندۇرالمدۇق (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

أصبحنا وبك أمسينا وبك نحيا وبك نموت وإليك النشور}

«ئى الله! بىز سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن تاڭ ئاتتۇردۇق، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ياشايمىز، سېنىڭ ئىرادەڭ بىلەن ئۆلىمىز ۋە (ھەممىمىز) سەن تەرەپكە قايتىمىز.[1]»

كەچ كىرگەندە ئۇلار يەنە مۇنداق دەيتتى: {اللهم بك أمسينا و بك أصبحنا وبك نحيا و بك نموت وإليك المصير}

«ئى الله! بىز سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن تاڭ ئاتتۇردۇق، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ياشايمىز، سېنىڭ ئىرادەڭ بىلەن ئۆلىمىز ۋە (ھەممىمىز) سەن تەرەپكە قايتىمىز.[2]»

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيتتى: {أصبحنا وأصبح الملك لله والحمد لله لا إله إلا الله وحده لاشريك له، له الملك وله الحمد وهو على كل شئ قدير. رب أسألك خير ما في هذا اليوم وخير ما بعده وأعوذ بك من شر ما في هذا اليوم وشر ما بعده. رب أعوذ بك من الكسل وسوء الكبر رب أعوذ بك من عذاب في النار وعذاب في القبر}

«بىز ۋە بارلىق مەخلۇقاتلار اللەنىڭ ياردىمى بىلەن تاڭ ئاتتۇردۇق. ھەمدۇ-سانا اللەغا خاسدۇر، اللە يىگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق اللەغا خاسدۇر، مەدھىيە اللەغا خاسدۇر، اللە ھەممە ئىشقا قادىردۇر. ئى رەببىم! مەن سەندىن بۈگۈنىنىڭ ۋە بۈگۈندىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن. بۈگۈنىنىڭ ۋە بۈگۈندىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ

---

① ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يامانلىقىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. هورۇنلۇقتىن ۋە بەك قېرىلىقتىن سەن بىلەن پاناھ تىلەيمەن. ئى رەببىم! دەۋزەخ ئازابىدىن ۋە قەبرە ئازابىدىن سەن بىلەن پاناھ تىلەيمەن.[1]»

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنۇ دۇئانى كۆپ تەكرارلايتتى ۋە ساھابىلىرىگىمۇ تەكرار ـ تەكرار ئوقۇشنى ئېيتاتتى: {اللهم انت ربي، لااله إلا انت، خلقتني و انا عبدك وانا على عهدك ووعدك ما استطعت، اعوذ بك من شر ما صنعت ، ابوء لك بنعمتك على و ابوء لك بذنبي فاغفر لي، فإنه لا يغفر الذنوب الا انت}

«ئى الله! سەن مېنىڭ رەببىم، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، ساڭا بەرگەن ۋەدەم ۋە ئەھدەمنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئورۇندايمەن. قىلمىشىمنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتا قىلغان نېمىتىڭگە (شۈكرى قىلىش بىلەن) ساڭا قايتىمەن، گۇناھىمغا (تەۋبە قىلىش بىلەن) ساڭا قايتىمەن. گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، گۇناھلارنى سەندىن باشقا ھېچكىم مەغپىرەت قىلمايدۇ.[2]»

{اللهم اني اسألك العافيه في الدنيا والاخره اللهم اسألك العفو والعافيه في ديني ودنياي واهلي ومالي ، اللهم استر عوراتي وآمن روعاتي، اللهم احفظني من بين يدي ومن خلفي، وعن يميني وعن شمالي ومن فوقي واعوذ بعظمتك ان اغتال من تحتي}

«ئى الله! مەن سەندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنى ئەپۇ قىلىشىڭنى ۋە مېنى سالامەت قىلىشىڭنى سورايمەن. ئى الله! دىنىمدا، دۇنيايىمدا، ئائىلەمدە ۋە پۇل ـ مېلىمدا مېنى ئەپۇ

① ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

قىلغىن ۋە سالامەت قىلغىن. مېنىڭ ئەيىبلىرىمنى ياپقىن، قورقۇنچتىن ئەمىن قىلغىن، مېنى ئالدىمدىن، ئارقامدىن، ئوڭ تەرىپىمدىن، سول تەرىپىمدىن ۋە ئۈستۈمدىن قوغدىغىن. ئى ئۇلۇغ اللە! مېنى كۆزگە كۆرۈنمەس بالا-قازادىن ئۆزۈڭ ساقلىغىن. ①»

{اللهم فاطر السموات والأرض، عالم الغيب والشهادة، ربَّ كل شيء ومليكَه، أشهد أن لا إله إلا أنت، أعوذ بك من شر نفسي، وشرِّ الشيطان وشركه، وأن أقترف على نفسي سوءًا، أو أجرَّه إلى مسلم}

«ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، ھەر بىر شەيئىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پادىشاھى اللە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەندىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوق. نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن، شەيتاننىڭ مېنى شېرىككە چۈشۈرۈپ قويۇشىدىن، ئۆزۈمگە ياكى بىرەر مۇسۇلمانغا يامانلىق قىلىپ قويۇشۇمدىن سەن بىلەن پاناھ تىلەيمەن. ②»

{أصبحنا على فطرة الإسلام و على كلمة الإخلاص و على دين نبينا محمد- صلى الله عليه وعلى آله وسلم، - وملة أبينا إبراهيم حنيفاً مسلماً وما كان من المشركين}

«بىز ئىسلام پىترىتى (مۇسۇلمانلىق تەبىئىتى)، ئىخلاس كەلىمىسى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ۋە ئاتىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتى ئۈستىدە تاڭ ئاتتۇردۇق. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەق دىندا ئىدى، مۇسۇلمان

---

① ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئىي رىۋايەت قىلغان.

ئىدى، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى.[1]»

{اللهم ما أصبح بي من نعمة أو بأحد من خلقك، فمنك وحدك لا شريك لك ، فلك الحمد والشكر}

**«ئى الله! مەن ياكى باشقا كىشىلەر ئەتىگەندە بىرەر نېمەتكە ئېرىشكەن بولساق، ئۇنداقتا، ئۇ نېمەت سەن تەرەپتىن كېلىدۇ. سەن يالغۇز، سېنىڭ شېرىكىڭ يوق. مەدھىيە ۋە تەشەككۇر ساڭا خاسدۇر.[2]»**

{ياحي ياقيوم، برحمتك استغيث، فاصلح لي شأني كله، ولا تكلني الى نفسي طرفة عين}

**«ئى ھەمىشە تىرىك بولغۇچى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى الله سېنىڭ رەھمىتىڭگە سىغىنىمەن. مېنىڭ بارلىق ئىشلىرىمنى ياخشىلاپ بەرگىن، كۆز يۇمۇپ-ئاچقۇچىلىك مىقداردا مېنى ئۆزۈمگە تاشلاپ قويمىغىن.[3]»**

{اللهم عافنى فى بدنى، اللهم عافنى فى سمعى، اللهم عافنى فى بصرى، لا اله الا انت، اللهم انى اعوذ بك من الكفر والفقر واعوذ بك من عذاب القبر، لا اله الا انت}

**«ئى الله! مېنىڭ جىسمىمنى، قۇلۇقۇمنى، كۆزۈمنى سالامەت قىلغىن. سەندىن باشقا ئىلاھ يوق. ئى الله! كاپىرلىقتىن، نامراتلىقتىن، قەبرىنىڭ ئازابىدىن سەن بىلەن پاناھ تىلەيمەن. سەندىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوق.[4]»**

---

① ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

② ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

③ نەسەئىي رىۋايەت قىلغان.

④ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ئەگەر ئۇلار ئۇخلىماقچى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېيىشنى ئۆگەتتى: {اللهم اني أسلمت نفسي إليك، ووجهت وجهي إليك، وفوضت أمري إليك، والجات ظهري إليك، رغبة ورهبة إليك، لا ملجأ ولا منجي منك إلا إليك، آمنت بكتابك الذي أنزلت، ونبيك الذي أرسلت}

«ئى الله! ھەقىقەتەن مەن ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، يۈزۈمنى ساڭا قاراتتىم (سەن تەرەپكە يۈزلەندىم)، ئىشىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، (سېنىڭ رەھمىتىڭنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىڭدىن) قورقۇپ ئۇچامنى ساڭا يۆلىدىم. سېنىڭ دەرگاھىڭدىن باشقا پاناھلىنىدىغان ۋە نىجاتلىق تاپىدىغان جاي يوق. سەن نازىل قىلغان كىتابقا ۋە سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈردۈم.[1]»

{باسمك ربي وضعت جنبي وبك أرفعه إذا أمسكت نفسي فارحمها وإن أرسلتها فاحفظها بما تحفظ به عبادك الصالحين}

«ئى رەببىم! سېنىڭ نامىڭ بىلەن بىقىنىمنى يەرگە قويدۇم ۋە سېنىڭ نامىڭ بىلەن بىقىنىمنى يەردىن كۆتۈرىمەن. ئەگەر سەن جېنىمنى ئۆز دەرگاھىڭدا ئېلىپ قالساڭ (يەنى جېنىمنى ئالساڭ) ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئەگەر ئۇنى قويۇپ بەرسەڭ (يەنى ھايات قالدۇرساڭ) ياخشى بەندىلىرىڭنى قانداق قوغدىغان بولساڭ مېنىڭ جېنىمنىمۇ شۇنداق قوغدىغىن.[2]»

ئۇلار ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا مۇنداق دەيتتى: {الحمدلله الذي أحيانا بعدما أماتنا واليه النشور}

---

① ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

«بىزنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، قايتا تىرگۈزگەن اللهغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمىز. ھەممىمىز الله تەرەپكە قايتىمىز.①»

ئۇلار يېڭى كىيىم كىيگەندە مۇنداق دەيتتى: {اللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ ، أَنْتَ كَسَوْتَنِيهِ ، أَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِهِ وَخَيْرِ مَا صُنِعَ لَهُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهِ وَشَرِّ مَا صُنِعَ لَهُ}

«ئى الله! ساڭا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! بۇ كىيىمنى ماڭا سەن كىيگۈزدۈڭ. بۇ كىيىم ئارقىلىق ماڭا ياخشىلىق ئاتا قىلىشىڭنى ۋە مېنى بۇ كىيىمنى توغرا مەقسەتتە كىيىشكە مۇۋەپپەق قىلىشىڭنى سورايمەن. بۇ كىيىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنى ناتوغرا مەقسەتتە كىيىشتىن سەن بىلەن پاناھ تىلەيمەن.②»

ئەگەر ئۇلار سەھەردە مەسجىدكە چىقسا مۇنداق دەيتتى: {اللهم اجعل في قلبي نورا ، وفي لساني نورا ، واجعل في سمعي نورا ، واجعل في بصري نورا ، واجعل من خلفي نورا ، ومن أمامي نورا ، واجعل من فوقي نورا ومن تحتي نورا، اللهم اعطني نورا}

«ئى الله! مېنىڭ قەلبىمنى، تىلىمنى، قۇلۇقۇمنى، كۆزۈمنى، ئارقامنى، ئالدىمنى، ئۈستۈمنى ۋە ئاستىمنى نۇرلۇق قىلغىن. ئى الله! ماڭا نۇر ئاتا قىلغىن.③»

ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە غەم-قايغۇ يەتسە مۇنداق دەيتتى: {لا اَله إلاّ اللهُ العَظيم الَحليم، لا اله إلاّ الله ربّ العَرْشِ العظِيم، لا الـه إلاّ الله ربِّ السَّماوات وربِّ الأَرضِ وربِّ العَرشِ الكَريم}

---

① ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

③ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

«بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق. الله ئۇلۇغدۇر، ئاسىيلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمىگۈچىدۇر. بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق. الله ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق. الله ئاسمان-زېمىننىڭ ۋە بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.[1]»

{اللهم انى عبدك ، وابن عبدك ، وابن أمتك، ناصيتي بيدك، ماض في حكمك، عدل في قضاؤك، أسألك بكل اسم هو لك، سمّيت به نفسك، أو أنزَلته في كتابك، أو علّمته أحداً من خلقك، أو استأثرت به في علم الغيب عندك ان تجعل القُرآنَ نور صدري، وربيعَ قلبي، وجلاءَ حزني، وذهابَ همي}

«ئى الله! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ بەندەڭ، ئەر بەندەڭنىڭ ۋە ئايال بەندەڭنىڭ ئوغلىمەن. مېنىڭ كوكۇلا چېچىم (تەقدىرىم) سېنىڭ قولۇڭدا. سېنىڭ ھۆكۈمىڭ ماڭا ئۆتىدۇ، سەن بەلگىلىگەن دائىرىدىن چىقىپ كېتەلمەيمەن. سەن ئۆزۈڭنى ئاتىغان ياكى كىتابىڭدا نازىل قىلغان ياكى مەخلۇقلىرىڭدىن بىرەرىگە ئۆگەتكەن ياكى غەيبىي ئالەمدە ئۆزۈڭ تاللىغان ھەر بىر ئىسمىڭ بىلەن سەندىن سورايمەنكى، قۇرئاننى قەلبىمنىڭ باھارى، دىلىمنىڭ نۇرى، غەم-قايغۇلىرىمنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرغۇچى قىلىپ بەرگەيسەن!.[2]»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۈيۈك ئوبرازى بىلەن ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق ئۇلارغا ئىنسان ھاياتتا الله بىلەن بىرگە قانداق ياشايدىغانلىقىنى، ھەر بىر دەقىقىدە اللەنى ئەسلەشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتتى... ئۇلار قىيىنچىلىققا يولۇقسا سەبرى

① ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

قىلاتتى، ياخشىلىققا ئېرىشسە شۈكرى قىلاتتى، ھەر دائىم اللەنىڭ يـاردىمىگە كـۆز تىكەتتـى، اللەدىـن مەدەت تىلەيتتـى، اللەدىـن يـاردەم سـورايتتى، اللەدىـن مەغپىـرەت تەلەپ قىلاتتـى، اللەنىـڭ ھۆكـۈمىگە بويـسۇناتتى، اللەنىـڭ غەزىپىـدىن پانـاھ تىلەيتتـى، اللەنىـڭ رازىلىقىنـى ئۈمىـد قىلاتتـى... نەتىجىـدە ئـۇلار اللەنىـڭ مۇنداق دەپ سۈپەتلىشىگە لايىق بولغان ئىدى.

﴿الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىَ جُنُوبِهِمْ﴾

«ئـۇلار ئـۆرە تۇرغانـدىمۇ، ئولتۇرغانـدىمۇ، ياتقانـدىمۇ اللەنـى ئەسلەپ تۇرىدۇ.[1]»

ئـۇلار الـلە ئۈچـۈن خـالىس بولـدى، ھەتتـا، ـ تەرجىمىھـال كىتابلىرىدا بايان قىلىنغاندەك ـ ئۇلارنىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرسىمۇ، بىـراق، ئـۇلار الـلە ئۈچـۈن ئىككىلەنمەسـتىن بـۇ ئىـشتىن كېچەلەيـدىغان دەرىجىـگە يەتتـى. بۇلارنىـڭ ھەممىـسى تـۇنجى ئەۋلاد مۇسـۇلمانلارنىڭ روھـى دۇنياسـىدىكى «لاإلـــه الاالله»نىـڭ ئەمەلـي ئىپادىـسى بولـۇپ، ئـۇلار بـۇنى مەككىـدىكى تەربىـيە باسـقۇچىدا پەيغەمـبەردىن ۋە اللەنىـــڭ كىتابىـــدىن ئۆگەنگەن ئىدى.

مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان تۇرلۇك ئامىل ۋە ئۇسـۇللار بىـلەن «لاإله الاالله» ئۇلارنىڭ قەلبلىرىـدە مۇستەھكەملەندى ۋە چوڭقۇرلاشـتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرى اللەغا ئىنتايىن پۇختـا باغلانـدى. ئـۇلار اللەنى ياخشى كـۆرەتتى، اللەدىـن قورقـاتتى، اللەغـا ئىنتىلەتتـى، اللەدىن ئۈمىد قىلاتتى، اللەنىڭ ئەمرىگە ئىتـائەت قىلىـش ئۈچـۈن تەييـار تـۇراتتى... نەتىجىـدە ئۇلارنىـڭ قەلبلىرىـدە بىنـانى

---

[1] سۈرە ئال ئىمران: 191 ـ ئايەت.

كۆتۈرۈلدىغان، تەكلىپلەرنى ئۈستىگە ئالىدىغان ۋە ئۇنى ئورۇنداشقا تەييار تۇرىدىغان بازا قەد كۆتۈردى.

* * * * *

ئاندىن كېيىن «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرى ئاستا-ئاستا كېڭىيىپ باردى. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۇلار (تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار)نىڭ روھىيىتى تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىشقا ۋە بۇيرۇقلارنى ئورۇنداشقا تەييارلىنىپ بولغان ئىدى... بۇ يەردە بىز دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نەچچە تۈرلۈك ئەھۋال مەۋجۇت...

ئاللە يېڭى دەۋەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولۇشقا تاللىغان ئەرەبلەرنىڭ هاياتىدا ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە قانۇن شەكلىدىكى ئاللەغا شېرىك كەلتۈرۈش مەسىلىسىدىن ئىبارەت چوڭ مەسىلىدىن باشقا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە قىيىنچىلىق ۋە تۈزىتىشكە تېگىشلىك بىر قانچىلىغان خاتالىقلار مەۋجۇت ئىدى.

بىرىنچى، قەبىلىۋىي خاھىش ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، قەبىلىلەر ئارا پات-پات تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئۇرۇش ۋە ماجىرالار مىللەتنىڭ ئېنېرگىيىسىنى خورايتىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى پارچىلىۋېتەتتى. نەتىجىدە بۇ خىل ھالەت ئۇلارنىڭ «ئۇممەت» بولۇپ ئۇيۇشۇشىغا توسالغۇ بولاتتى.

ئىككىنچى، ھاراقكەشلىك، قىمارۋازلىق قاتارلىق ئەخلاقىي جىنايەتلەر جەمئىيەتتە كەڭ تارقالغان ئىدى. كىشىلەر چەكلىمىسىز ھالدا ئوچۇق-ئاشكارا ئۆسۈم يەپ ئىپپەت سودىسى قىلىشاتتى.

ئۈچىنچى، ھەر خىل شەكىلدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي زۇلۇم جەمئىيەتكە ھۆكۈمران ئىدى. كىشىلەر قەبىلىۋىي زوراۋانلىقنى چەكلىمەكتە يوق، ئەكسىچە ھەممە ئۆز

قەبىلىسىگە يان بېسىشاتتى. ھەتتا، ئۇلار: «قېرىنىدىشىڭ مەيلى زالىم بولسۇن ياكى مەزلۇم بولسۇن ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن» دېگەنىدەك جاھىلىيەتچە تەرەپبازلىق تۇسىنى ئالغان شۇئارلارنى كۆتۈرۈۋېلىشقان ئىدى. شائىرلار مۇنداق دەپ شېئىرلانى يېزىشاتتى:

چىللىسا گەر ئۇنى قېرىنداش جەڭگە،
دېمەيتتى «جەڭ ئۇچۇن پاكىتىڭ نېمە؟».

قوغدىمىسا ھەر كىشى بايلىقىنى، يېقىلار،
باشقىلارنى ئەزمىسە، ئۆزى ھامان ئېزىلەر.

بىراۋغا پايدىلىق بولمىساڭ ئەگەر،
(مەنپەئەت ئورنىدا) مەيلى سال زىيان.
ئوغۇل دەپ دۇنياغا تۇغۇلغاندىكىن،
ئوخشاشتۇر يەتكۈزگىنىڭ پايدا يا زىيان.

تۆتىنچى، ئەرەب يېرىم ئارىلى يات دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبى قىسمى پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ، شىمالى قىسمى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا ئىدى.

ئىنسانى نۇقتىدىن ئويلىغاندا، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىللەتنى قىيىنچىلىق ۋە خاتالىق پاتقىقىدىن قۇتقۇزۇش ئۇچۇن مىللەتكە خىزمەت قىلىشنى ئىزدەيدىغان ياكى داھىي ۋە رەھبەر بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىنسانىي داھىي بولغان بولسا،

ئۇنداقتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلاھاتىنىڭ تۈنجى قەدىمىنى يۇقىرىقى مەسىلىلەردىن بىرەرىنى ھەل قىلىش بىلەن باشلىغان بولاتتى.

مەسىلەن، ئىشنى ئالدى بىلەن ئىچكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشتىن باشلىغان بولاتتى. يەنى، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتنى تۈگىتىپ، ھەر قايسى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان، ئاندىن كېيىن پارس ۋە رىملىقلارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا يۈزلەنگەن بولاتتى.

ياكى ئىشنى ئالدى بىلەن ئەخلاقىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشتىن باشلىغان بولاتتى. يەنى جەمئىيەتنى ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقلاردىن پاكلاشقا، كىشىلەرنى پاكلىق، پاكىزلىق ۋە يۈكسەكلىك ئاساسىدا تەربىيىلەپ چىقىشقا چاقىرىق قىلغان بولاتتى.

ياكى ئىشنى ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشتىن باشلىغان بولاتتى. بۇ خىل ئىجتىمائىي قىيىنچىلىق ھەر قايسى سىنىپلار ئارىسىدىكى زور پەرقتە ئەكس ئەتكەن بولۇپ، بايلار پۇل-مېلى ئارقىلىق كۆرەڭلىك ۋە مەمەدانلىق قىلىشاتتى. ئەمگەكچىلەرنى قۇل قىلىشاتتى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنى مونوپول قىلىۋېلىشقان ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا كەمبەغەللەرنىڭ كەمبەغەللىكى ۋە بىچارىلىكى قانچىلىك كۈچەيسە، بايلارنىڭ بايلىقى ۋە زالىملىقى شۇنچە ئېشىپ باراتتى.

بىراق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيانىڭ پادىشاھى ياكى ئادەتتىكى داھىي ئەمەس، بەلكى، اللە تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن

پەيغەمبەر ئىدى. شۇڭا، اللە ئۇنى ئىنسانىي داھىيلار «ئىسلاھات»قا كۆز تىككەن چاغدا يۈزلىنىش ئېھتىماللىقى بولغان ئاشۇ ئىشلارنىڭ بىرەرى بىلەن باشلاشقا يېتەكلىمىدى. بەلكى، اللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «لاإلـه الاالله» بىلەن باشلاشقا، قەۋمىنى «لاإله الاالله»غا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چاقىرىققا ئاۋاز قوشقان كىشىلەرنى «لاإلـه الاالله»نىڭ تەلەپلىرى بويىچە تەربىيىلەپ چىقىشقا يېتەكلىدى.

بىراق، بىز بۇ يەردە گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغان مەسىلە شۇكى، بۇ قىينچىلىق ۋە خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى كۈنلەردە ھەل قىلىندى ۋە تۈزىتىلدى. چۈنكى، بۇ مەسىلە ئەھمىيەت بەرمىسمۇ بولىدىغان دىققەتنىڭ سىرتىدىكى مەسىلە ئەمەس. شۇنىڭدەك، اللە «ياخشى ئۈممەت» بولۇشنى ئىرادە قىلغان ئۈممەتنىڭ ھاياتىدىكى ئىككىلەمچى مەسىلىمۇ ئەمەس...

بىراق، مەسىلىنى ئۇنداق ھەل قىلىش بىلەن مۇنداق ھەل قىلىش ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بار...

ھەقىقەتەن بۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىنغان چاغدا، ھەرگىزمۇ سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي ياكى ئىقتىسادىي ياكى ئەخلاقىي مەسىلە دېگەن نۇقتىدا تۇرۇپ ھەل قىلىنمىدى. بەلكى، ھەر بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەن چاغدا، «لاإلـه الاالله»نىڭ تەلەپلىرى دېگەن نۇقتىدا تۇرۇپ ھەل قىلىندى. چۈنكى، «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرى كىشىنىڭ ھاياتىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ مەسىلىلەرنى سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي ياكى ئىقتىسادىي ياكى ئەخلاقىي مەسىلە دېگەن نۇقتىدا تۇرۇپ ھەل قىلىش بىلەن

«لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرى دېگەن نۇقتىدا تۇرۇپ ھەل قىلىش ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بار؟

ھەقىقەتەن پەرق بار... ئۇسۇلدا، تۈردە ۋە ۋاقىت بەلگىلەشتە پەرق بار...

بىز «ئۇسۇلدىكى پەرق»نى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كاللىسىدا روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرغان دۆلەت بىلەن بۈگۈنكى تەرەققىي قىلىۋاتقان زامانىۋىي دۆلەتلەرنىڭ «ھاراق چەكلەش» مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى مىسال سۈپىتىدە كەلتۈرسەكلا كۇپايە.

تەرجىمھال كىتابلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە «ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى» ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جاكارچىنى ئەۋەتتى. ئۇ مەدىنىنىڭ كوچىلىرىدا تۇرۇپ: «ئى ئىنسانلار! ئاگاھ بولۇڭلار، بۈگۈندىن ئېتىبارەن ھاراق ھارام قىلىندى» دەپ جاكارلىدى. بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق تەدبىر قوللىنىلمىدى. ئەمما، كىشىلەر بۇ «پەرمان»نى ئاڭلىغان ھامان ھاراق ئىچىۋاتقانلار ئېغىزىدىكى ھاراقنى يەرگە تۆكۈۋەتتى. ئۆيىدە ساقلاۋاتقانلار بولسا دەرھال ھاراق كوزىلىرى بىلەن قوشۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ تاشلىدى. نەتىجىدە، مەدىنىنىڭ كوچىلىرىدىن بىر قانچە كۈنلەرگىچە ھاراقنىڭ پۇرىقى يوقالمىدى.

بۈگۈنكى تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر قىسىم زامانىۋىي دۆلەتلەر ھاراق (ياكى زەھەرلىك چېكىملىك) چەكلەشكە ئائىت قانۇن-نىزاملارنى يولغا قويدى. ساقچىلارنى، سوت مەھكىمىلىرىنى ۋە تۈرمىلەرنى ئىشقا سالدى. بىراق، ئۇلارنىڭ دوكلاتىدا:

«هاراقكەشلىك (ياكى زەھەرلىك چېكىملىكنى خۇمار بولۇش) نىسبىتى كۆنسرى ئېشىپ بارماقتا» دېيىلىۋاتىدۇ[①].

تۆردە پەرق بار... يەنى، ئىتائەت تۆرتكىسىنىڭ قانۇنىنىڭ بېسىمىدىن قورقۇش بولۇش بىلەن قەلبىدىكى «لاإلــه الاالله»غا بولغان ئىماندىن ئۇرغۇپ چىققان اللەدىن قورقۇش بولۇشى ئوتتورىسىدا ھەقىقەتەن زور پەرق بار. (بىز بۇ ئارقىلىق قانۇنىنىڭ كۈچىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمىز). دېمىسىمۇ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقاندەك: «اللە قۇرئان بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرمىغان ئىشلارنى ھوقۇق ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ». شۇنداقتىمۇ، ئىماني ئۇلنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەتنىڭ دەسلەپكى تۆرتكىسى بولۇشى بىلەن ئىماني ئۇلنىڭ ئەسلا مەۋجۇت بولماسلىقى ۋە «كونترول قىلىش كۈچى»نىڭ پەقەت ھوقۇققىلا مەركەزلىشىپ قېلىشى ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن زور پەرق بار.

شۇنداقلا، ۋاقىت بەلگىلەشتىمۇ پەرق بار... ئىشنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاشۇ قىينچىلىقلارنىڭ بىرەرىنى ھەل قىلىشتىن باشلىغاندا، مەسىلە مەلۇم جەھەتتىن ھەل بولىدۇ، قىينچىلىقمۇ

① جۇڭگودا 10 يىل ئىلگىرى «خىروئىن، نەشە، كوكايىن ۋە مورفىن» قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ۋە ئېلىپ-سېتىش قاتتىق چەكلىنەتتى ۋە بۇ خىل قىلمىشنى سادىر قىلغۇچىلاردىن يەڭگىلرەك بولغانلىرىغا جەرىمانە قويۇش، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش ۋە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىش؛ ئېغىرراق بولغانلىرىغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش جازاسى بېرىلەتتى. ئەمما، شۇ خىل شارائىتتا ئىككى يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بىر زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى ھەمىشە ماڭا ئۆز ئېغىزى بىلەن: «مۇشۇ يەردىن چىقسامالا يەنە خىروئىن چېكىمەن» دەيتتى. مەن: «نېمىشقا؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ: «بۇنىڭ ھوزۇرىغا ھېچنىمە توغرا كەلمەيدۇ» دېگەن ئىدى... مەن بۇ مىسال ئارقىلىق دېمەكچىمەنكى، ئىمان كونترول قىلمىغان ئىنسانىنى ساقچى، سوت ۋە تۈرمىنىڭ كونترول قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

نىسپى ھالەتتە تۇگەيدۇ. ئەمما، بارلىق قىينچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ قىينچىلىق (تۈپكى سەۋەپ) روھىيەتتە ئىزچىل تۈردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. «ئىنسان»مۇ ھەقىقى رەۋىشتە تۈپتىن ئىسلاھ قىلىنماي، ئەسلى ھالىتى بويىچە داۋام قىلىدۇ.

ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشنى ئاشۇ قىينچىلىقلارنىڭ بىرەرىنى ھەل قىلىشتىن باشلىغان بولسا ئىدى، خەلق بىقىندىلىقتىن قۇتۇلغان، يېرىم ئارالنىڭ زېمىنى مۇستەقىل بولغان، «مىللى غورۇر» ئەسلىگە كەلگەن بولاتتى. بەلكى، ئىجتىمائى تەڭسىزلىك يەڭگىللىگەن، ئىنسان «زەنجىر-كىشەنلەر»دىن ئازات بولغان ياكى ئۆزىنى ئازات بولغاندەك ھېس قىلغان بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

شۇنداقلا، ھەر بىر شەخس ئۆز قەبىلىسىنى ياقلايدىغان، ھەتتا، قەبىلىنى ئىلاھ تىكلىۋالىدىغان[1] خاھىش ئاساسىدىكى «قەبىلىۋي ھۆكۈمەت»نىڭ ئورنىدا لەشكەر، مەھكىمە ۋە زىندانلىرى بولغان بىر مەركىزى دۆلەت قەد كۆتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى.

توغرا، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ياكى يېرىم ھالەتتە ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن ئىدى... بىراق، بۇنداق ئەھۋالدا «ئىنسان» ئىزچىل ھالەتتە اللەنىڭ غەيرى ئۈچۈن قۇل بولۇپ قالىدۇ. ساختا ئىلاھلارنىڭ خوراپاتلىرى ئۇنى ئۆز تەرىپىگە

---

① قايىسى بىر شائىر قەبىلىنى ئۆزى ئۈچۈن «خۇدا» ساناپ، مۇنداق شېئىرلارنى ئوقۇشاتتى:
قەبىلەم غەزىيدۇر، غەزىيدۇ ھامان،
ماڭىمەن كەيىندىن ئەگىشىپ تامان.
قىلغىنى توغرا يا بولسۇن ھەم خاتا،
ئەگەشتىم، يوقالماي تۇرسىلا جاھان.

تارتىپ كېتىدۇ. ئۆز كۈچىنى ئاتالمىش ئىلاھقا ئىبادەت قىلىش يولىغا سەرپ قىلىدۇ. ئارزۇ-ھەۋەسلەر ئۇنى ئۆزىگە قۇل قىلىۋالىدۇ. بۇنداق ئىنسانغا ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر ئىنسان قانۇن تۈزۈپ بېرىدۇ. نەتىجىدە ئىنسانلار خوجايىن ۋە قۇللارغا ئايلىنىدۇ... خوجايىنلار ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ۋە قانۇن تۈزۈپ يولغا قويىدۇ. قۇللار بولسا «قانۇن تۈزۈشكە بىزمۇ قاتنىشىۋاتىمىز» دېگەن شىرىن تۇيغۇ بىلەن قانۇنىنىڭ يۈكى ۋە بېسىمىنى ئۈستىگە ئالىدۇ... تارىختىكى ھەر قانداق جاھىلىيەتتە، جۈملىدىن ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى (خەلققە نىسبەتەن) پۈتۈنلەي نورمال ھادىسىدۇر... بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇ دۇنيادا نۇرغۇن زىيانلارنى تارتىدۇ... ئەمما، ئۇ ئاخىرەتتە تارتىدىغا زىيان نېمە دېگەن زور-ھە!؟

شۇنداق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت ۋەزىپىسىنى باشلىغاندا، ئىشنى ھەرگىزمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قىينچىلىقلاردىن قايسى بىرىنى ھەل قىلىشقا يۈزلەنمىدى. بەلكى، اللەنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن كىشىلەرنى «لاإلــه الاالله»غا دەۋەت قىلىشقا يۈزلەندى. ئاخىرىدا، اللە «ئىلاھى ئۇممەت»نىڭ يادروسى ۋە بىنانى كۆتۈرىدىغان «كۈچلۈك بازا» بولۇش ئۈچۈن تەييارلىغان مۇئمىن جامائەتنىڭ قەلبلىرىدە «لاإلــــه الاالله» مۇستەھكەم ئورۇن ئالغان ھەمدە بۇ قەلبلەر ھەممىدىن كېچىپ، اللە ئۈچۈن خالىس بولغان چاغدا «تەكلىپلەر[①]» (اللەنىڭ ئەمر-پەرمانلىرى) نازىل بولۇشقا باشلىدى. «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرى

---

① «تەكلىپ» سۆزى — اللە ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى-پەرمانى، بۇيرۇق، چەكلىمىلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ قۇرئاندىكى «لا يكلف الله نفسا إلا وسعها» (اللە ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ) [سۈرە بەقەرە: 286- ئايەت] دېگەن ئايەتتىن كەلگەن.

ئۆزلۈكسىز تۈردە كېڭىيىپ باردى. ئاخىرى پۈتكۈل ھاياتنى، جۇملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى بولۇپ ھەل قىلىشقا يۈزلەنمىگەن، ئەمما، ئىلاھىي ئۇممەتنىڭ پۇختا ۋە مۇستەھكەم ئاساس ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن چوقۇم ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. بىراق، بۇ مەسىلىلەر ئىلاھىي پرىنسىپتا ئىنساننىڭ خاھىشلىرىغا ۋە ئىنسانىي ئۆلچەملەرگە بويسۇنىدىغان ئىنساننىڭ ئەھمىيەت بېرىش ئوبيېكتىغا ئەمەس، بەلكى، «لاإلــه الاالله» بىلەن زىچ باغلانغان ئىماننىڭ تەلەپلىرىگە ئايلىنىشى كېرەك. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان كۈچ ۋە تىرىشچانلىق كەلگۈسىدە نەتىجە سۈپىتىدە قولغا كېلىدىغان مۇئەييەن دۇنياۋى مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغان بولۇشى كېرەك... مەسىلىلەر مۇشۇ خىل رەۋىشتە ھەل قىلىنغان چاغدا، ئىشلار ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەزەلدىن مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان تەرتىپ بويىچە ئورۇنلىنالدى. بۇنىڭدىن گويا مۆجىزە كەبى نەتىجىلەر مەيدانغا كەلدى.

بىز تۆۋەندە «لاإلــــــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكراقى ھەققىدە سۆزلەيمىز... بۇ تەلەپلەردىن مەيلى بىز بۇنىدىن ئىلگىرى كۆپ قېتىم سۆزلەپ ئۆتكەن ئىمانىي تەلەپ بولسۇن ياكى بىر قىسىم ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئېڭىدا «لاإله الاالله»نىڭ دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى «ئىش»دەك كۆرۈنىدىغان باشقا تەلەپلەر بولسۇن ئوخشاش.

@ @ @ @ @

# 1 ـ ئىمانى تەلەپ

بىز بۇندىن ئىلگىرى اللەنىڭ كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش، بارلىق ساختا ئىلاھلارنى چۆرۈپ تاشلاش ۋە ئىبادەتنى شېرىكى يوق يەككە ـ يىگانە اللە ئۈچۈن خالىس قىلىش... مەسىلىسىنىڭ يېتەرلىك ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ مەسىلىنىڭ بۇنداق مۇھىم بولۇشى، قانداقتۇر، بۇ قۇرئان بىلەن تۇنجى قېتىم خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ مۇشرىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ ئىنسانىنىڭ ئۆز تەبىئىتى بىلەن ئىبادەت قىلغۇچى بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بىر مەسىلە بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. يەنى، ئىنسان بىر بولسا يىگانە اللەغا ئىبادەت قىلىدۇ. بىر بولسا اللەنى قوشۇپ ياكى قوشماي اللەنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىدۇ. شۇڭا ئىنسانىنىڭ روھىيىتىنى ھەر قانداق غەيرى ئىلاھلارنىڭ ساختا قۇللۇقىدىن پاكلاش، ھەر تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى «تۇغمىغان ۋە تۇغۇلمىغان، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدىغان، ھەممە ئۇنىڭغا مۇھتاج بولغان يىگانە» ھەقىقى ئىلاھقا قىلىش كېرەك. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا، ئىنسان اللە بۇ ئارقىلىق ھۆرمەتلىك قىلغان ۋە كۆپلىگەن مەخلۇقلىردىن ئۈستۈن قىلغان ئورۇنغا يۈكسىلەلەيدۇ. دۇنيادا خىلمۇ ـ خىل شېرىك تۈسىنى ئالغان چۈشكۈنلۈكتىن، ئاخىرەتتە بولسا كۆيدۈرگۈچى دەھشەتلىك ئازاپتىن قۇتۇلالايدۇ...

بىز يۇقىرىدا: «ئىنسان تەبىئىتى ئۆزلىكىدىن توغرا رەۋىشتە

اللەغا ئىبادەت قىلىدۇ... بىراق، ئۇ (ئىنسان تەبىئىتى) ئۇنىڭ سىۋزۇكلۇكىنى ۋە تـوغرا ھـالىتىنى بۇزۇۋېتىـدىغان بۇزغۇنچى مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن كېسەللىك ۋە ئېغىر كېتىشكە دۇچار بولىدۇ» دېگەن ئىدۇق.

دېمىسىمۇ، ئىنسان تەبىئىتى بۇزۇلغان، تـوغرا ھالىتىدىن ئېغىپ كەتكەن چاغدا ئۇنى كۆپلىگەن كېسەللەر قاپلىۋالىدۇ...

كۈزىتىش نۇقتىسىدا كېسەل، ھەرىكەتتە كېسەل، شەخس ۋە جەمئىيەتتە كېسەل، پسىخولوگىيىلىك مەۋجۇدىيەتتە كېسەل، ئىجتىمائى مەۋجۇدىيەت، سىياسى مەۋجۇدىيەت، ئىقتىسادىي مەۋجۇدىيەت ۋە ئەخلاقىي مەۋجۇدىيەتتە كېسەل، روھىيەت ۋە ھاياتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە كېسەل...

شېرىك ئىنساننى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ...

ئەگەر بىز «ئۆزىنى تارىختىكى تەڭداشسىز كۈچ ھېساپلايدىغان، تارىختىن بۇيان ھېچبىر ئىنسان يېتەلمىگەن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتۇق دەپ قارايدىغان» ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىگە مىسال سۈپىتىدە قارايدىغان بولساق، بۇ جاھىلىيەتتە «ئىنسان»نىڭ قانچىلىك تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

بىز «ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيۋى ئېقىملار» ناملىق ئەسەرنىڭ «ئەلمانىزم» دېگەن بۆلۈمىدە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەر تۈرلۈك ئامىللار سەۋەبىدىن ئىنسان ئۆزىنى ماددىي ئالەمنىڭ قورشاۋىغا قاماپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ دۇنياسىدىن غەيبكە ئىشىنىشنى چىقىرىپ تاشلىدى.

دەل شۇ سەۋەپتىن ئىنسان ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇش مەنىسىنى

يوقاتتى.

ئىنسان اللهغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە بولغان ئىمانىدىن ئايرىلىپ قالغان چاغدا، اللە ھەق بىلەن ياراتقان دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىن ئىبارەت «ئىككى ئالەم»نىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى بىر پۈتۈن ھالەتتە كۆرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. بەلكى، «دۇنيانى ئاخىرەتنىڭ ئىكىنزارلىقى، ئاخىرەتنى دۇنيادىكى پائالىيەتلەرنىڭ مۇكاپات ۋە جازا مەيدانى» سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر پارچە سۈرەتنى مەنىسى يوق، ھېكمىتى يوق، قىممىتى يوق، كېسىپ تاشلانغان ۋە سەتلەشتۈرۈلگەن ھالەتتە كۆرىدۇ.

﴿أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ﴾

«ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى). ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟[1].»

﴿وَمَا خَلَقْنَا السَّمَاءَ وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا بَاطِلًا ذَلِكَ ظَنُّ الَّذِينَ كَفَرُوا فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ كَفَرُوا مِنَ النَّارِ، أَمْ نَجْعَلُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَالْمُفْسِدِينَ فِي الْأَرْضِ أَمْ نَجْعَلُ الْمُتَّقِينَ كَالْفُجَّارِ﴾

«ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي!. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى

---

① سۈرە مۇئمىنۇن: 115 ـ ئايەت.

تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش قىلامدۇق؟[1].»

﴿إِنَّهُ يَبْدَأُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ لِيَجْزِيَ الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ بِالْقِسْطِ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ لَهُمْ شَرَابٌ مِّنْ حَمِيمٍ وَعَذَابٌ أَلِيمٌ بِمَا كَانُواْ يَكْفُرُونَ﴾

«شۈبھىسىزكى، مەخلۇقاتنى دەسلەپتە الله ياراتقان، (ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، قىيامەت كۈنى) ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى ئادىللىق بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرىدۇ، كاپىرلارنىڭ بولسا، ئۆزلىرىنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن، (دوزاختىكى) ئىچىملىكى قاتتىق قايىنىغان سۇ بولىدۇ ھەمدە ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ[2].»

ئىنسان ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق مەنىسىنى يوقاتقان چاغدا ھازىرقى زامان جاھىلىيەت شائىرى ئىلىيا ئەبۇ مازىغا ئوخشاش ھايات يولىدا گاڭگىرايدۇ ۋە مەۋجۇتلۇق غايىسىنى بىلەلمەي ئىزتىراپ چېكىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ گاڭگىراشلىرىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

كەلگىنىمنى قەيەردىن بىلمەستىنلا، كەلدىم مەن.
يولدا ئىكەن قەدىمىم، ئويلىماستىن ماڭدىم مەن.
مەيلى خالاي، خالىماي، داۋام ئەتتىم يولۇمنى،
بۇ ئالەمدە كىمدۇر مەن؟ بۇنى بىلمەي يۈردۈم مەن.

شائىر ھايات يولىدا قارىغۇلارچە ماڭىدۇ، گويا ھايۋانىدەك غايە ـ مەقسەتسىزلا يولىنى داۋام ئېتىدۇ...

ئىنسان بۇ دۇنيادىكى ھاياتىنىڭ مەنىسىنى ۋە ھېكمىتىنى بىلمىگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئىنساننى ھايۋانات ئالىمىدىن

---

① سۈرە ساد: 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە يۇنۇس: 4 ـ ئايەت.

يۈكسەلدۈرىدىغان «قىممەت»لەرگە ئىشىنىشى ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ-دە، ئۇ ئەڭ پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ھايۋاندىنمۇ ئازغۇنراق بولۇپ قالىدۇ.

﴿لَهُمْ قُلُوبٌ لاَّ يَفْقَهُونَ بِهَا وَلَهُمْ أَعْيُنٌ لاَّ يُبْصِرُونَ بِهَا وَلَهُمْ آذَانٌ لاَّ يَسْمَعُونَ بِهَا أُوْلَئِكَ كَالأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ أُوْلَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ﴾

«ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (اللەنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ. ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (اللەنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) ئاڭلىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر.①»

ھايۋانات دۇنياسىدىكى ئەڭ چوڭ مەقسەت ـ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشتىن باشقا ـ ياشاش كۆرىشىدۇر. خىلمۇ-خىل ھايۋانلار ئۆز-ئارا تىركىشىش ئۈچۈن بىر-بىرى بىلەن ئۈچرىشىدۇ. تىركىشىشنىڭ مەقسىتى ئەڭ كۈچلۈك ھايۋاننىڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈندۇر. نەتىجىدە كۈچلۈك ئاجىزنى يەيدۇ ياكى ئۇنى «بارسا كەلمەس يول»غا قوغلايدۇ.

ئەمما، ئىنسانىيەت ئالەمدە اللە ھايات ئۈچۈن باشقا بىر نىشان ۋە ئۆلچەمنى بەلگىلەپ بەردى.

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ﴾

«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن

---

① سۈرە ئەئراف: 179 ـ ئايەت.

ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ).①»

الله ئىنسانىيەت ئالىمىدە بەلگىلىگەن كۆرەش غالىبلارنىڭ غەلىبە ئۈچۈن قىلىدىغان كۆرىشى ئەمەس، بەلكى، زېمىننى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن قىلىدىغان كۆرىشىدۇر.

﴿وَلَوْلاَ دَفْعُ اللّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَّفَسَدَتِ الأَرْضُ وَلَكِنَّ اللّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْعَالَمِينَ﴾

«الله ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن الله (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.②»

ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇت بولۇش غايىسىنى يوقاتقان ۋە بىر-بىرى بىلەن ھايۋاني شەكىلدە مۇئامىلە قىلىشقان چاغدا قايسى دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ؟! ئىنسان غەيبكە، جۈملىدىن اللەغا ۋە ئاخىرەتكە بولغان ئىمانىنى يوقاتقان چاغدا، ئۇنىڭ ھايۋاندىن بەتتەر ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى شەك - شۈبھىسىزدۇر.

---

① سۈرە ھوجۇرات: 13 - ئايەت.

② سۈرە بەقەرە: 251 - ئايەت.

شۈكۈلاشقا، شېرىكى يوق بىر اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش اللەنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللەنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ اللەنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى بەندىلەرنىڭ اللەغا ئىمان كەلتۈرۈشى ۋە اللەغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىدۇر» دېدى[1].

بىراق، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تەقۋادار بىر كىشىنىڭ قەلبىدەك بولۇپ كېتىشى اللەنىڭ مۈلكىنى قىلچىلىك زىيادە قىلالمايدۇ. شۇنداقلا، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گۇناھكار بىر كىشىنىڭ قەلبىدەك بولۇپ كېتىشى اللەنىڭ مۈلكىنى قىلچىلىك كېمەيتەلمەيدۇ.

اللە ھەدىس قۇدۇسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار ۋە ئاخىرىڭلار، ئىنسان ۋە جىنلىرىڭلار سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ تەقۋادار بىر كىشىنىڭ قەلبىدەك بولۇپ كەتسەڭ، مېنىڭ مۈلكۈمنى قىلچىلىك زىيادە قىلالمايدۇ. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار ۋە ئاخىرىڭلار، ئىنسان ۋە جىنلىرىڭلار سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ گۇناھكار بىر كىشىنىڭ قەلبىدەك بولۇپ كەتسەڭ، مېنىڭ مۈلكۈمنى قىلچىلىك كېمەيتەلمەيدۇ.[2]»

بۇ مەسىلىدە «پايدا ئالغۇچى» ياكى «زىيان تارتقۇچى» يەنىلا ئىنسان بولىدۇ. ئىنسان اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن چاغدا پايدا ئالىدۇ. يەر شارىغا باغلاپ تۇرغۇچى

---

① ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئامىللار ئۇنى ئىماندىن ئايرىپ تاشلىغان چاغدا زىيان تارتىدۇ.

﴿مَنِ اهْتَدَى فَإِنَّمَا يَهْتَدي لِنَفْسِهِ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا﴾

«كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ھىدايەت تاپقانلىقىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. كىمكى ئازىدىكەن، ئازغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر.[1]»

﴿وَمَن جَاهَدَ فَإِنَّمَا يُجَاهِدُ لِنَفْسِهِ إِنَّ اللَّهَ لَغَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ﴾

«كىمكى جىھاد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان جىھادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، اللە ھەقىقەتەن تامامى ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر.[2]»

ئىنسان غەيبكە، جۈملىدىن اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە بولغان ئىماندىن ئايرىلىپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇشتىكى مەنانى يوقاتقان چاغدا، يەر شارىغا تارقىلىدىغان «بۇزۇقچىلىق»نىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

اللەنىڭ روھىدىن بىر چاڭگال لايغا پۈۋلەنگەن بۈيۈك روھدىن كەلگەن ئىنسان روھىدىكى يورۇپ تۇرغۇچى نۇر ئۆچىدۇ. بىر چاڭگال لاي ئۆزىنىڭ قوپاللىقى ۋە ئېغىرلىقى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. زېمىندا ۋەھشىيانە كۆرەش ھەممە جاينى قاپلايدۇ. بۇ كۆرەشتە كىچىكلەر يۇتۇۋېلىنىدۇ ياكى ئاياغ-ئاستى قىلىنىدۇ... «قىممەت قاراش» ئىزچىل تۈردە ماددىۋي قىممەت بولىدۇ. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ھەر دائىم ئاجىزلارنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كۈچلۈكلەرنىڭ ماددىي مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى تېخىمۇ زورايتىش كۆرىشى بولىدۇ. بۇ خىل كۆرەش

---

① سۈرە ئىسرا: 16 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەنكەبۇت: 6 ـ ئايەت.

گەرچە مەدەنىيەت، تەرەققىيات، شەھەرلىشىش ۋە يۈكسىلىش قالپىقىنى كىيىۋالسىمۇ، بىراق، مۇستەملىكچىلىك، جاھانگىرلىك ۋە زوراۋانلىق ماھىيىتىنى ھەرگىز يوشۇرۇپ قالالمايدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ مەنپەئەت يادروسى دەل شۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنى مەركەز قىلىدۇ. ئەگەر ئىنساننىڭ ئەھمىيەت بېرىش ئوبيېكتى ئىنساننىڭ ئۆزىدىن ھالقىدى دېيىلسە، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ مىللىتىنى مەركەز قىلىدۇ. چۈنكى، مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئاخىرقى ھېساپتا ئاشۇ ئىنساننىڭ مەنپەئەت رامكىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. ئەمما، بۇ ئىنسان ئۆزىدىن ۋە ئۆز مىللىتىدىن ھالقىغان ئۈچىنچى بىر ئوبيېكتنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەت دائىرىسى ئىچىگە ھەرگىز كىرگۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ خىل ئالىيجاناپلىق ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ «ئىنسانىيلىق»ىغا مۇھتاج بولۇپ، ئىنسان غەيبكە بولغان ئىمانىنى يوقاتقان چاغدىلا ئاللىقاچان بۇ خىل ئىنسانىيلىقنى يوقاتقان.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويغان ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيەت بېرىش دائىرىسى قانچىلىك بولىدۇ؟ ئۇنىڭ اللە پەقەت ئىنسانغىلا خاس قىلغان ھەممىدە بۇ ئارقىلىق ئىنساننى كۆپلىگەن مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن قىلىپ ياراتقان ئالاھىدىلىك ۋە ئىقتىداردىن «پايدىلىنىش» دائىرىسى قانچىلىك بولىدۇ؟

ھەقىقەتەن ئىنسان اللە ئاتا قىلغان بۇ ئىقتىداردىن كىشىنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغىغىدەك دەرىجىدىكى ماھارەت (ئۆزگىچىلىك) بىلەن پايدىلىنىدۇ. بۇ خىل ئىقتىدار ئىنسانغا ماددىي مەنپەئەتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. ياۋۇزلارچە مەۋجۇتلۇق تالىشىش كۆرىشىدە

باشـقىلار ئۇسـتىدىن غالىـب كېلىـشنى ئەمەلـگە ئاشـۇرۇپ بېرىـدۇ. بىراق، بۇ ئىنسان ئـۆزىگە ئاتـا قىلىنغـان باشـقا سـاھەلەرنى زايـا قىلىـۋېتىپلا قالماسـتىن، بەلكـى، ئـۇنى قـۇرۇق، خـارابە ھالىتىـدە تاشلاپ قويىدۇ. ئۇنى قاغا ـ قوزغۇنلار ماكان تۇتىدۇ ـ دە، ئاخىرقى ھېساپتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ساھەنى كېرەكسىز نەرسـىگە ئايلانـدۇرۇپ قويىـدۇ. سـەرپ قىلىنغـان كـۈچ ۋە تىرىـشچانلىقلار بىلەن بىر مەزگىل گۈللەپ ـ ياشنىسىمۇ، بىـراق، ھامـان ھـالاكەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ...

«لاإله الاالله»غا ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كۆپلىگەن كىـشىلەرنىڭ زېمىنىــدا قــۇدرەت تاپقــانلىقى ۋە ئۇلارنىــڭ دۇنيــاۋىي ئــۆلچەملەر نۇقتىسىدىن «مـۇۋەپپەقىيەت قازانغـان»لىقـى كىـشىلەرنى مەزكـۇر ھەقىقەتتىن ئازدۇرۇۋاتىدۇ. نەتىجىدە كۆپلىگەن كىشىلەر ھـازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە: «"لاإله الاالله"نىڭ رېئال تۇرمۇشتا ھېچقانداق تەسىرى يوق. ئىنسان مەيلى مۇئمىن ياكى كاپىر بولسۇن ئوخشاش (يەنــى پەن ـ تېخنىكــا ئالدىــدا بــاراۋەر)، شــۇڭا مــۇۋەپپەقىيەت ئۆلچەملىرى "سەنئەت" شـەكلىدە يـاكى "بىلىـم" شـەكلىدە يـاكى "ئوبيكتىــپ" شــەكلىدە بولۇشــى كېــرەك، ئۇنىــڭ ئېتىقــاد بىــلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق» دەپ بىلجىرلىماقتـا. تېخىمـۇ قورقۇنچلـۇق بولغىنى بىر قىـسىم كىـشىلەرنىڭ ھـازىرقى رېئاللىقىـدا ئۇچراتقـان مەســىلىلىرى ئــۇلارنى «"لاإلـــــــه الاالله"غــا كــاپىر بولــۇش مۇۋەپپەقىيەتتىنـــڭ زۆرۈر شـــەرتلىرىنىڭ بىرىـــدۇر» دېيـــشكە ئۈندىمەكتە... الله ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بـۇ خىل گۇمانىنىڭ سەۋەبى ـ ياكى سەۋەبلىرىدىن بىـرى ـ ئىلاھىـي قـانۇنىيەتنى بىلمەسـلىك، تەپەككـۇرنىـڭ يـۈزەكىلىكى، ئـارزۇ ـ

ھەۋەسلىرىنىڭ بېسۋېلىشى، ھەقنى كۆرۈشتىن پاراسىتىنىڭ ئۆچۈشى ۋە ئاخىرەت كۈنىدىن پۈتۈنلەي غەپلەتتە قىلىشىدۇر.

﴿يَعْلَمُونَ ظَاهِرًا مِّنَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ عَنِ الْآخِرَةِ هُمْ غَافِلُونَ﴾

«ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر.①»

ئىلاھىي قانۇنىيەتنى بىلمەسلىك اللەنىڭ كىتابىدىكى كۆپلىگەن سۈرىلەردە سۆزلەنگەن ھەقىقەتتىن غەپلەتتە قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ھەقىقەت شۇكى، الله بۇ دۇنيادا كۈچ-قۇدرەتنى ئىنسانلار ئىچىدىن پەقەت مەلۇم بىر خەلق ياكى دۆلەتكىلا خاس قىلىپ، باشقا خەلق ياكى دۆلەتنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالدۇرۇشنى بەلگىلىمىدى. بەلكى، الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿كُلاًّ نُّمِدُّ هَؤُلاء وَهَؤُلاء مِنْ عَطَاء رَبِّكَ وَمَا كَانَ عَطَاء رَبِّكَ مَحْظُورًا﴾

«بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ.②»

دۇنيا - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك- اللەنىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ، شۇڭا كاپىر دۇنيا ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشسا، الله ئۇنىڭغا شۇنچىلىك بېرىدۇ.

﴿مَن كَانَ يُرِيدُ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَالَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لاَ يُبْخَسُونَ﴾

«(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى

---

① سۈرە رۇم: 7- ئايەت.

② سۈرە ئىسرا: 20- ئايەت.

ۋە ئۇنىڭ زىبۇ-زىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ.①»

دۇنيا ـ يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ـ سىناق مەيدانى بولۇپ، الله ئىنساننى دەل ئاشۇ سىناق مەيدانىغا قاتناشتۇرۇش (دۇنياغا چۈمدۈرۈش) ئۈچۈن ياراتقان.

﴿إِنَّا خَلَقْنَا الْإِنسَانَ مِن نُّطْفَةٍ أَمْشَاجٍ نَّبْتَلِيهِ فَجَعَلْنَاهُ سَمِيعًا بَصِيرًا﴾

«شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنىي (يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەنىيسى)دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرۈدىغان قىلىپ ياراتتۇق.②»

﴿إِنَّا جَعَلْنَا مَا عَلَى الْأَرْضِ زِينَةً لَّهَا لِنَبْلُوَهُمْ أَيُّهُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾

«ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق.③»

ئەگەر الله بۇ دۇنيادا كۈچ-قۇدرەتنى ئىنسانلار ئىچىدىن پەقەت مەلۇم بىر خەلق ياكى مۇئەييەن شەخسلەرگىلا خاس قىلىپ، باشقا خەلق ياكى شەخسلەرنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم

---

① سۈرە ھۇد: 15 ـ ئايەت.

② سۈرە ئىنسان: 2 ـ ئايەت.

③ سۈرە كەھف: 7 ـ ئايەت.

قالـدۇرغان بولـسا ئـىدى، ئۇنـداقتا، سـىناقنىڭ ھېچبىـر مەنـىسى بولمىغان بولاتتى. ئەكسىچە بۇ دۇنيادا ھەممە ئادەمنىڭ ئوخـشاش پۇرستى بولغاندىلا، ئاندىن سىناقنىڭ ھەقىقى مەنـىسى بولـىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن الله كىشىلەرنى سىنايدۇ: كىـم دۇنيـا ھاياتىنىـڭ ئازدۇرۇشـــىغا ئـــۇچراپ، پەرۋەردىگـــارىنى ۋە ئـــاخىرەت كـــۈنىنى ئۇنتۇيدۇ؟ كىم زېمىن مەنپەئەتلىرىـدىن رەببىگە ئىبادەت قىلغـان ۋە ئۇنىـڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنغان ھالـدا تېگىـشلىك نىسۋىـسىنى ئالىدۇ؟...

شـــۇ ســـەۋەپتىن، مەيلـــى مـــۇئمىن يـــاكى كـــاپىر بولـــسۇن ئىنرىـــشچانلىق كۆرسەتـــسىلا، ھەر ئىنككىلىـــسى كـــۈچ-قـــۇدرەتنى ئوخشاشلا قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. بۇنىڭ ئىمان يـاكى كـۇپرى بىـلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق... بىراق، شۇنداقتىمۇ، بۇ يەردە بىر قىسىم پەرقلەر بولۇپ، تەپەككـۇرى يـۈزەكى بولغـان، ئـارزۇ-ھەۋەسـىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغان ۋە ئاخىرەتتىن غەپلەتـتە قالغـان كىـشىلەر بـۇ پەرقلەرنى ھەرگىز ھېس قىلالمايدۇ.

الـــلە كـــاپىرلار ۋە ھەددىـــدىن ئاشـــقۇچىلار ھەققىـــدە مۇنـــداق دەيدۇ:

﴿فَلَمَّا نَسُواْ مَا ذُكِّرُواْ بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ﴾

«ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (ســـىناش ئۈچـــۈن) پاراۋانلىقنىـــڭ ھەمـــمە ئىـــشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق.[1]»

الله يەنە بىر ئورۇندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْقُرَى آمَنُواْ وَاتَّقَواْ لَفَتَحْنَا عَلَيْهِم بَرَكَاتٍ مِّنَ السَّمَاءِ وَالأَرْضِ﴾

---

① سۈرە ئەنئام: 44- ئايەت.

«(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان-زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق.①»

ماددىي جەھەتتىكى كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ دەرۋازىلىرى زالىم، كاپىرلار ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئوچۇق تۇرىدۇ. ئەمما، بەرىكەتنىڭ دەرۋازىسى ئۇلارغا ھەرگىز ئېچىلمايدۇ. چۈنكى، اللە بەرىكەتنى پەقەت مۇئمىنلەرگىلا خاس قىلدى. گەرچە كاپىرلار ھايات دۇنيادىكى بىردىنبىر غايىسى بولغان ماددىي پاراۋانلىقنى كەڭ-كۆلەملىك قولغا كەلتۈرسىمۇ، بىراق، ئۇلار بەرىكەتكە ھەرگىز ئېرىشەلمەيدۇ... بۈگۈنكى غەرب دۇنياسى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالىدۇر. گەرچە غەربلىكلەر ئىلمىي، ماددىي، پەن-تېخنىكا ۋە ھەربىي جەھەتتە مىسلىسىز دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇلار بىئاراملىق، ساراڭلىق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، روھى كېسەللىك، نېرۋا كېسەللىك، ھاراقكەشلىك، زەھەرلىك چېكىملىك، جىنايەت، ھاۋايى-ھەۋەسنىڭ كەينىدىن ئەسەبىيلەرچە يۈگرەش، ۋاقىت، پۇل-مال، ئائىلە ۋە ئەۋلادلاردىكى بەرىكەتسىزلىك، ئىنسانغا لايىق مەنىلەرنى يوقۇتۇش، خاتىرجەملىكتىن ئايرىلىپ قىلىش....قاتارلىقلارنىڭ جاپا-مۇشەققىتىنى يەتكۈچە تارتماقتا.

خاتىرجەملىك پەقەت اللەنى ئەسلەيدىغان مۇئمىنلەرگىلا خاسدۇر.

﴿أَلاَ بِذِكْرِ اللّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾

① سۈرە ئەئراف: 96- ئايەت.

«بىلىڭلاركى، دىللار اللەنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.[1]»

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ دۇنيادا كاپىرلارغا بېرىلگەن كۈچ-قۇدرەت گەرچە ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ ۋاقىتلىق بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسەت كاپىرلارنى ئاستا-ئاستا اللەنىڭ جازاسىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

﴿فَلَمَّا نَسُواْ مَا ذُكِّرُواْ بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ حَتَّى إِذَا فَرِحُواْ بِمَا أُوتُواْ أَخَذْنَاهُم بَغْتَةً فَإِذَا هُم مُّبْلِسُونَ، فَقُطِعَ دَابِرُ الْقَوْمِ الَّذِينَ ظَلَمُواْ وَالْحَمْدُ لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

«ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال-خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى. زالىم قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇسانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ، كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەغا خاستۇر![2]»

«بۇ دۇنيادا "لاإلــه الاالله"غا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئىنسان ھاياتىدا ھېچبىر تەسىرى بولمايدۇ» دېگەن گۇمان نادان ۋە ئاڭسىز كىشىلەرنىڭ خىيالى بولۇپ، بۇنداق گۇمان پەقەت ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالمىغان ۋە ئىماننىڭ نۇرلىرى يۈرىكىنىڭ قېتىغا سىڭىپ كىرەلمىگەن كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىلا

---

① سۈرە رەئد: 28- ئايەت.

② سۈرە ئەنئام: 44-45- ئايەتلەر.

پەيدا بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق كىشىلەر غەپلەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقتىن، پاسكىنا ھوزۇر-ھالاۋەتنى "ئىنسان بۇ دۇنيادا تەمىنى تېتىدىغان ئەڭ شېرىن ھوزۇر" دەپ قارايدۇ. ئەگەر بۇ خىل كىشىلەر چىن قەلبىدىن اللهغا ئىمان كەلتۈرمەيدىكەن، ئۇنداقتا، ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنىڭ راستلىقىغا ھەرگىز ئىشىنەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ توغرىلىقىنى مەڭگۈ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

﴿إِنَّهُمُ اتَّخَذُوا الشَّيَاطِينَ أَوْلِيَاءَ مِن دُونِ اللّهِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُم مُّهْتَدُونَ﴾

«ئۇلار اللهنى قويۇپ، شەيتانلارنى دوست تۇتقان تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ.①»

﴿زُيِّنَ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَيَسْخَرُونَ مِنَ الَّذِينَ آمَنُواْ﴾

«كاپىرلارغا دۇنيا تىرىكچىلىكى چىرايلىق كۆرسىتىلدى (يەنى ئۇلار دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرىگە، نېمەتلىرىگە مەپتۇن بولىدۇ)، مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ.②»

مۇسۇلمانلار اللهنىڭ بۇيرۇقىنى چىڭ تۇتقان زامانلاردا زېمىندا كۈچ-قۇدرەتنىڭ ھەقىقى تەمىنى تېتىغان ئىدى. بۇ بولسا اللهنىڭ تۆۋەندىكى ۋەدىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە ئىشقا ئاشقانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى ئىدى.

﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُم فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّن بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا﴾

«الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا

① سۈرە ئەئراف: 30 - ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 212 - ئايەت.

ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشىنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ.[1]»

مۇسۇلمانلار ئۆز ھاياتىدا بەرىكەتنىڭ تەمىنى ھەقىقى تېتىغان ئىدى... ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى ئاللاھقا بولغان چوڭقۇر باغلىنىش ھەر ۋاقىت ئۇلارغا ئاللاھنىڭ يېقىنلىقىنى، ئاللاھنىڭ قوغدايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى كاپىرلارنىڭ ئىزتىراپ ۋە بىئارامچىلىقلىرىدىن پۈتۈنلەي خالى ئىدى. روھى دۇنياسى پاك ۋە سۈزۈك ئىدى. ياشاۋاتقان جەمئىيىتىمۇ پاھىشىنىڭ بۇلغاشلىرىدىن تامامەن پاك ۋە ساپ ئىدى. كىشىلەر نەسەبلىرىدىن خاتىرجەم ئىدى. ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆز-ئارا باغلىنىشچانلىقى چوڭقۇر، مۇستەھكەم ۋە پۇختا ئىدى. كىشىلەرنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان دوستلۇق ۋە ئىناقلىق روھى ئۇلارنى گويا بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك قىلىۋەتكەن ئىدى. كۆڭلى خاتىرجەم ھالدا رىزىق ئىزدەش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىناتتى... مانا بۇلار مۇسۇلمانلار ھاياتىدىكى بەرىكەتنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرى ئىدى. شۇنداقلا، كاپىرلارنىڭ ھايۋان كەبى تۇرمۇش شەكىللىرىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق ئىدى.

﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ﴾

---

① سۈرە نۇر: 55- ئايەت.

«كاپىرلار (هاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە هايۋانلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ.[1]»

بۇ بولسا اللەنىڭ مۇسۇلمانلارغا بۇ دۇنيادا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ئىدى. ئەمما، ئاخىرەتتە بولسا كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، كۆڭۈلگە كېچىپ باقمىغان نازۇ ـ نېمەتلەر مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئالدىدىن تەييارلانغان ئىدى.

﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللّهِ الَّتِيَ أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالْطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ قُلْ هِي لِلَّذِينَ آمَنُواْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾

«ئېيتقىنكى، ”الله بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم هارام قىلدى؟“ ئېيتقىنكى، ”ئۇلار بۇ دۇنيادا مۇئمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر“.[2]»

ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان، ھەمدە: «بولدى قىلساڭلارچۇ!، قويۇڭلار بۇ ئاخىرەت ھەققىدىكى سۆزلەرنى، كۆز ئالدىمىزدىكى رېئال، ئوبيكتىپ دۇنياغا دېققىتىمىزنى ئاغدۇرايلى ۋە مۇشۇ ھەقتىكى سۆزلەرنى ئاڭلايلى» دەيدىغان كىشىلەر قىيامەت كۈنى دەھشەتلىك ئوتنىڭ كۆيدۈرۈشلىرىگە قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلەر ـ ھە!؟

* * * * *

شۇنداق، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كاپىر بىلەن مۇئمىننىڭ هاياتى هەرگىز باراۋەر بولمايدۇ.

﴿أَمْ نَجْعَلُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَالْمُفْسِدِينَ فِي الْأَرْضِ أَمْ نَجْعَلُ

---

① سۈرە مۇھەممەد: 13 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەئراف: 32 ـ ئايەت.

﴿الْمُتَّقِينَ كَالْفُجَّارِ﴾

«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش قىلامدۇق؟[1]»

﴿أَمْ حَسِبَ الَّذِينَ اجْتَرَحُوا السَّيِّئَاتِ أَن نَّجْعَلَهُمْ كَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَوَاءً مَّحْيَاهُم وَمَمَاتُهُمْ سَاءَ مَا يَحْكُمُونَ﴾

«يامان ئىشلارنى قىلغانلار (يەنى گۇناھكار كۇففارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ (يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس) ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!.[2]»

مۇئمىنلەرنىڭ جاھىلىيەتتە ئىنسانلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان تاغۇتلاردىن ئازات بولغانلىقىنى ھېس قىلىشى ئۇلارغا يېتەرلىكتۇر...

تاغۇت مەيلى ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھ بولسۇن، مەيلى ئىجرا قىلىنىدىغان قانۇن بولسۇن، مەيلى كىشىلەرنى قۇل قىلىدىغان ئۆرپ-ئادەت بولسۇن، مەيلى تۈگىمەس ئارزۇ-ھەۋەس بولسۇن، مەيلى سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي ياكى ئىجتىمائىي ياكى ئىدىيىۋىي زۇلۇم بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش!...

ئۇلارنىڭ ھەممىسى جاھىلىيەتتە كىشىلەرنى قۇل قىلىدىغان تاغۇتلاردۇر.

بەزىدە ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى ئۆزىنى "تاغۇتلارنى

① سۈرە ساد: 28- ئايەت.

② سۈرە جاسىيە: 21- ئايەت.

پاچاقلاپ تاشلاپ، ئىنساننى ئازات قىلدۇق“ دەپ ئويلايدۇ. ئەمما، بىز رېئاللىققا قاراپ باقايلى! دەبدەبىلىك شۇئارلار بىزنى ئىشنىڭ ماھىيىتىدىن ئالداپ قويمىسۇن!

20 ـ ئەسىر يەر شارىدا ـ بولۇپمۇ ياۋروپادا ـ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ياۋۇز تاغۇتلارنى كۆردى: يەنى گېرمانىيىدىكى گىتلېرنى، ئىتالىيىدىكى موسولىنىنى، ئىسپانىيىدىكى فرانكونى، يۇگوسلاۋىيىدىكى تىتونى... كۆردى. ئەمما، ئۆزىنىڭ خاھىشىغا ئەگەشكەن «سوۋېت ئىتتىپاقى» يېگانە بىر دۇنيا بولۇپ، ئۇنىڭ تاغۇتلىرىمۇ زالىملىقتا يېگانىدۇر. ئۇنىڭ قارا تېزىملىكىنىڭ بېشىدا ستالىن تۇرىدۇ. ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن خروشۇف ستالىن ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇ قانخور ئىدى، قانغا خۇمار جىنايەتچى ئىدى. بۇنداق خاتالىق ئەمدى قايتا تەكرارلانماسلىقى كېرەك!.[1]»

ئەگەر بىز «ئىجتىمائىي تۈزۈم» تاغۇتلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئاتالمىش «ئەركىن دۇنيا»غا قارايدىغان بولساق، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ «ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق» ۋە «ئاتېئىزم»دىن ئىبارەت چوڭ ئىككى تەرەپتىن ئەركىن ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەمما، ئۇلارنىڭ رېئاللىقى گەرچە «دېموكراتىيە» ئوپىراسىدىن ئىبارەت ئەڭ

---

① سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيىدا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئىش يومۇر بولۇپ تارقالغان: قۇرۇلتايدا خروشۇف ستالىننى قاتتىق تەنقىدلىگەن (ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن)؛ قۇرۇلتايغا قاتناشقۇچىلاردىن بىرى كىچىككىنە خەت يېزىلغان باغاقچىنى خروشۇفقا سۇنغان. باغاقچىدا: «سەن ستالىن دەۋرىدە پارتىيىنىڭ ئالى مەركىزى كومىتېتىدا كۆز كۆرۈنگەن ئەزا ئىدىڭ، نېمىشقا بۇ جىنايەتلەر ئالدىدا سۈكۈت قىلدىڭ؟» دېيىلگەن ئىدى. خروشۇف ھازىر جاۋاپ كىشى ئىدى. ئۇ دەرھال: «بۇ باغاقچىنىڭ ئىگىسى كىم؟ ماڭا بۇ خەتنى كىم يازدى؟» دەپ سورىدى. تەبىئىيكى، ھېچكىم قورقۇپ جاۋاپ بەرمىدى. شۇئان خروشۇف ئۆزىنى ئاشكارلاشقا پېتىنالمىغان نامەلۇم سوئال سورىغۇچىغا قارىتىپ: «ئەمدى سەۋەبنى بىلگەنسەن؟ مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا قورققان ئىدىم» دېدى.

گۈزەل ئوپېرالارنىڭ كونترول‌لۇقىدا بولسىمۇ، بىراق، ماھىيەتتە ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغىنى كاپىتالىزم تاغۇتىدۇر. كاپىتالىزمنىڭ تەختىدە ھەددىدىن ئاشقان يەھۇدىيلار چازانى قۇرۇپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ[①].

تۈزۈمنىڭ تۈرلىرى قانداق بولسۇن، ئۇنىڭ قوللانغان ۋاستىلىرى قانداق بولسۇن، جاھىلىيەتتىكى ھالقىلىق مەسىلە قانۇن تۈزگۈچىلەرنىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ئادىللىق قىلغۇچى، ئىنچىكە ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار اللە ئەمەس، بەلكى، ئىنسانلار بولغانلىقىدۇر. قانۇن تۈزگۈچى ئىنسانلار بولغان چاغدا (ئۇلار ئۇلۇھىيەتنىڭ ھوقۇقلىرىدىن بىر ھوقۇق-قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى-نى ئۆزىگە دەۋا قىلغان بولىدۇ.) ئىنسانلار خوجايىن ۋە قۇللارغا ئايلىنىدۇ ياكى تاغۇتلار ۋە تاغۇتلارغا چوقۇنىدىغانلارغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار اللەنى قويۇپ، ھالال ۋە ھارام قىلىش ھوقۇقىنى شۇلارغا تاپشۇرغان بولىدۇ.

اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىۋاتقان ۋە اللەغا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ ئىتائەت قىلىنىۋاتقان ھۆكۈمران تاغۇتلاردىن باشقا، «ۋەتەن» تاغۇتى، «مىللىي مەنپەئەت» تاغۇتى، «دۇنياۋىي ئومۇمى پىكىر» تاغۇتى، «مودا» تاغۇتى، «تېخنولوگىيە ئىنقىلاۋى» تاغۇتى، «ئىلىم» تاغۇتى ياكى «ئارزۇ-ھەۋەس»لەر تاغۇتى... قاتارلىق خىلمۇ-خىل تاغۇتلار كۈنسىرى بىزنى قۇل قىلماقتا.

مۇئمىنلەرنىڭ ئىبادەتنى يەككە-يىگانە بىر اللەغا خالىس

---

① «ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيىۋى ئېقىملار» ناملىق ئەسەرنىڭ «دېموكراتىيە» ناملىق بۆلۈمگە قاراڭ!

قىلىش، ئىلاھلىق خۇسۇسىيەتنى زېمىندىكى بارلىق ساختا ئىلاھلاردىن تارتىۋېلىپ، بىر ئاللاھقا تاپشۇرۇش، ھاياتتىكى بارلىق ئىشلارنى ئاللاھنىڭ پرىنسىپىغا بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ئاشۇ تاغۇتلارنىڭ ھەممىسىدىن ئازات بولغانلىقى ئۇلارغا يېتەرلىكتۇر.

* * * * *

بىز بۇ يەردە ئاخىرەت، تىرىلىش، ھېساب، جازا، جەننەت ۋە دەۋزەخكە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى ھەققىدە قايتا سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. بىراق، بىز دەيمىزكى، ئىنسان ئاخىرەتتىن ئۈزۈلۈپ، يالغۇز مۇشۇ دۇنياغىلا ئىشەنگەن، مۇشۇ دۇنياغىلا ئەھمىيەت بەرگەن ۋە پۈتۈن دىققەت ئېتىبارىنى يالغۇز مۇشۇ دۇنياغىلا قاراتقان چاغدا ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى نېمە دېگەن تار، تەسەۋۋۇرى نېمە دېگەن خاتا-ھە!؟... ئىنسان ئاخىرەتكە ئىشەنگەن، بۇ دۇنيانى ئۆزىنىڭ توغرا ئورنىدا ۋە ھەقىقى ھەجمىدە قويغان چاغدا ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى نېمە دېگەن كەڭرى، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى نېمە دېگەن توغرا-ھە!؟...

قېنى ئېيتىپ بېقىڭچۇ؟ ئەگەر سىز ئىككى كۆزىڭىزنىڭ بىرىنى يۇمۇپ، بارمىقىڭىزنى يەنە بىر كۆزىڭىزگە يېقىن قىلىپ قارىسىڭىز بارمىقىڭىزنىڭ ھەجمى قانداق كۆرۈنىدۇ؟ بۇ چاغدا بارمىقىڭىزنىڭ كەينىدىكى ئالەم ئۇپۇقىنى ئېنىق كۆرەلەمسىز؟ ئاندىن كېيىن ئىككى بىلىكىڭىزنى يوغان ئېچىپ، ئىككى تەرەپكە سوزۇپ بېقىڭ! بۇ چاغدا بارمىقىڭىزنىڭ ھەجمى قانداق كۆرۈنىدۇ؟ ئۇنىڭ كەينىدىكى كەڭرى ئالەم ئۇپۇقىنى نەقەدەر ئېنىق كۆرەلەيسىز-ھە!؟

مانا بۇ زېمىنغا ... لايغا... بۇ دۇنياغا... چىڭ چاپلىشىپ تۇرغان ئىنساننىڭ مىسالى. بۇ دۇنيانىڭ ھەجمى ئۇنىڭ كۆز

ئالدىدا ناھايىتى چوڭ كۆرۈنىدۇ ھەمدە بۇ دۇنيا ئۇ ئىنساننىڭ ئاخىرەتنى كۆرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئەمما، ئۇ ئىنسان دۇنياغا نىسبەتەن ئىككى بىلىكىنى سوزۇپ قارىغاندىلا، ئاندىن دۇنيا ئۇنىڭ كۆزىگە ھەقىقى ماھىيىتى بىلەن ئېنىق كۆرۈنىدۇ ھەمدە دۇنيانىڭ كەينىدىكى ئاخىرەتنىمۇ ئوچۇق كۆرەلەيدۇ.

﴿وَمَا هَذِهِ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا لَهْوٌ وَلَعِبٌ وَإِنَّ الدَّارَ الْآخِرَةَ لَهِيَ الْحَيَوَانُ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ﴾

«دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ـ كۈلكە ۋە غەپلەتتىن ئىبارەتتۇر، شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقىي ھايات (يۇرتىدۇر)، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى (بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرمەيتتى).[①]»

شۇنداقتىمۇ، الله ئىنسانلاردىن ـ «لاإله الاالله» پرىنسىپىدا ـ زېمىنغا سەل قاراشنى، زېمىننى كەمستىشنى ۋە زېمىنغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكنى تەلەپ قىلمىدى، بەلكى، ئۇلارنى زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە كەسكىن ئەمرى قىلدى[②]. بىراق، ئۇلارنى زېمىننى ئۆزىنىڭ ھەقىقى ھەجمىدە كۆرۈشكە، زېمىننى ئاخىرەتتىن توسىدىغان توسالغۇغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىققا؛ زېمىننى ئۆزىنىڭ توغرا ئورنىدا قويۇشقا، زېمىندىكى يوقۇلىدىغان مەنپەئەتلەرنى ئاخىرەتتىكى ئەبەدىيلىك مەنپەئەتلەردىن ئازدۇرۇۋېتىدىغان بۇزغۇنچى ئامىلغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىققا بۇيرىدى.

* * * * *

---

① سۈرە ئەنكەبۇت: 64 ـ ئايەت.

② زېمىننى گۈللەندۈرۈش ھەققىدە «لاإله الاالله»نىڭ «مەدەنىيەت تەلىپى» دېگەن بۆلۈمدە سۆزلەيمىز.

«لاإله الاالله»نىڭ «ئىمانى تەلىپى» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ھەدىستە بايان قىلغان ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ جىبرىئىل سىلەرگە دىنىڭلارنىڭ ئىشىنى ئۆگەتكىلى كەلدى» دېدى. «ئىمان دېگەن نېمە» دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللەغا، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش①» دەپ جاۋاپ بەردى.

بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلىگەن مەنىسى بولۇپ، ھەر بىر ئاتالغۇ بۇ مەنانى «ئىماني تەلەپ» ئىچىدە ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. بىز بۇ يەردە بۇلارنى تەپسىلى سۆزلەپ بولالمايمىز. شۇنداقتىمۇ، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مۇئمىن ھاياتىدا ئۇچرىغان ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا ئۇنىڭ قەلبىنى تەسكىن تاپتۇرۇشتىكى رولى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ھاياتتا تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشتىنمۇ بەكرەك ئىنسان قەلبىگە ئاراملىق بېغىشلايدىغان ئىككىنچى بىر نەرسە بولمىسا كېرەك... چۈنكى، «مۇئمىن ھاياتىدا يوقۇققان قىسمەتنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتمەيدىغانلىقىغا، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەن قىسمەتنىڭ ئۇنىڭغا يەتمەيدىغانلىقى②»غا ئىشىنىدۇ. يەنە بارلىق ئىشلارنىڭ اللەنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە، ئىشلارنى يەككە-يىگانە اللەنىڭ ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. مۇئمىن يەنە شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، اللەنىڭ پۈتكۈل ئىرادىسى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ياخشىلىقدۇر. «ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە

---

① ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

سەبرى قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە اللەغا شۈكرى قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ. مۇئمىندىن باشقىغا ئۇنداق بولمايدۇ[①].»

اللەغا، ئاخىرەتكە، قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان جاھىلىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان بىئاراملىق، ساراڭلىق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، روھى كېسەللىك، نېرۋا كېسەللىك، هاراقكەشلىك، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ھەر تۈرلۈك جىنايەتلەرنىڭ ئەكسىچە مۇئمىننىڭ قەلبىدە ھەر دائىم بىر خىل خاتىرجەملىك مەۋجۇت. شۇنداقلا، نېرۋىلاردىن ئۇنىڭ يۈكىنى كۆتۈرىدىغان رازىمەنلىك مەۋجۇت.

بىراق، قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش-«لاإلــه الاالله» پرىنسىپىدا-ھاماقەتلەرچە يۆلىنىۋېلىش ئەمەس، سەۋەپلەرنى قوللىنىشتىن جىم تۇرۇۋېلىش ئەمەس، شۇنداقلا، ئىنسان خاتالاشقان، ئاندىن خاتالىقنىڭ نەتىجىسى كېلىپ چىققان چاغدا، ئىنساننىڭ قىلمىشىدىن ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كۆتۈرۈۋېتىشمۇ ئەمەس. بەلكى، ئۇ تۇنجى ئەۋلا مۇسۇلمانلار ھەقىقى رەۋىشتە تونۇغان، تارىخ ئېقىنىدىكى اللەغا پاراسەت بىلەن ئىمان كەلتۈرگەن ھەر بىر كىشى تونۇغان تەڭداشسىز ئىجابى كۈچ-قۇۋۋەت مەنبەسىدۇر[②].

@ @ @ @ @

---

① ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② «تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر» ناملىق ئەسەرنىڭ «قازا ۋە قەدەر چۈشەنچىسى» دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ!

# 2. ئىبادەتتىكى تەلەپ

ئەگەر ئىمانىي تەلەپ اللەغا، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشنى، «تەۋھىد[①]»نى يەنى «تەۋھىد رۇبۇبىيەت»، «تەۋھىد ئۇلۇھىيەت»، «تەۋھىد ئەسما ۋەسسىفات»نى اللە ئۈچۈن خالىس قىلىشنى تەلەپ قىلسا؛ ئۇنداقتا، ئىبادەتتىكى تەلەپ بارلىق ئىبادەتلەرنى شېرىكى يوق يالغۇز بىر اللەغا قىلىشنى، شۇنداقلا، بەندىلەرنىڭ ئۆي-خىيالى ۋە ئۆرپ-ئادەت ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى، اللە بۇيرىغان تەرتىپ ۋە شەكىل بويىچە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھالقىلىق مەسىلە شۇكى، اللە تەڭداشسىز يەككە-يېگانە بىر ئىلاھ بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا، بارلىق ئىبادەتلەرنى ئاشۇ بىر ئىلاھقا قىلىش ھەم تەبىئىي ھەم مەنتىقىگە ئۇيغۇن بىر ئىشدۇر. شۇنداقلا، ئىبادەت پرىنسىپىنى (يەنى ئىبادەتنىڭ ئۇسۇل، تەرتىپ ۋە شەكىللىرىنى) يالغۇز بىر ئىلاھتىن قوبۇل قىلىشمۇ ئۇخشاشلا ھەم تەبىئىي ھەم مەنتىقىگە ئۇيغۇن بىر ئىشدۇر.

بۇ مەسىلە ئەقىدە مەسىلىسى بىلەن بىۋاستە، چوڭقۇر باغلىنىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئانىي پرىنسىپ بۇ مەسىلىنى

---

① «تەۋھىد» - اللەنى بىر دەپ ئەقىدە قىلماق. «تەۋھىد رۇبۇبىيەت» — اللەنى پەرۋەردىگارلىقتا يېگانە دەپ ئەقىدە قىلماق. «تەۋھىد ئۇلۇھىيەت» — اللەنى ئىلاھلىقتا يېگانە دەپ ئەقىدە قىلماق. «تەۋھىد ئەسما ۋەسسىفات» — اللەنى ئىسىم ۋە سۈپەتلەردە يېگانە دەپ ئەقىدە قىلماق.

مەركەزلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدى. چۈنكى، بۇ دىنىدىكى ئەقىدە روھىيەتنىڭ ئىچىدىكى سۈرىتى غۇۋا، بەلگىلىرى نائېنىق، يوشۇرۇن بىر نەرسە ئەمەس... توغرا، ئەقىدە دېگەن ئەلۋەتتە قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالىدۇ. روھىي تەرەپ بىلەن زىچ باغلىنىپ كېتىدۇ. ئىنساننىڭ تۇيغۇسىنى تولدۇرمىغىچە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سۈرىتىنى ھاسىل قىلالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئەقىدە ـ ھاۋا بوشلۇقىدا گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقۇلىدىغان ئاپتاپ ئەمەس. بەلكى، ئۇ مۇساپىسى ئېنىق بولغان بىر نۇردۇر. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسى ھەر بىر شەيئىنىڭ مۇساپىسىنى ۋە توغرا ئورنىنى ئېنىق بەلگىلەپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەقىدە ــ مۇئەييەن تەسەۋۋۇر بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن تۇيغۇلار قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇئەييەن ئەمەللەر كېلىپ چىقىدۇ.

ئەقىدە ـ ئىنسانىي مەۋجۇدىيەتنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى يەتكەن دائىرىدە ئۇلۇھىيەتنىڭ ھەقىقىتىگە بولغان مۇئەييەن تەسەۋۋۇرىدۇر.

پانى ــ ئەبەدىي ۋە ئەزەلىينى ھەرگىز تولۇق بىلەلمەيدۇ. جۈزئىي ــ كۈللىينى مۇكەممەل ئەتراپلىق بىلەلمەيدۇ... ئىنسانلار ئۇلۇھىيەتنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق بىلىشكە تەكلىپ ئېتىلمىدى. چۈنكى، ئىنسان ئۇلۇھىيەتنىڭ ئەمەس، بەلكى، باشقا شەيئىلەرنىڭ، جۈملىدىن كۆز ئالدىدىكى ماددىۋىي نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنىمۇ بىلىشكە قادىر ئەمەس. ئىنسانلار ماددانىڭ سۈپىتىنى بىلىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيدۇ... مەسىلەن، «ئىلىم-پەن» ئاتوم يادروسىنى پارتىلىتىپ، ئۇنىڭ تەركىبلىرىنى ئايرىغاندىن كېيىن، ئاتوم يادروسىنى شەكىللەندۈرىدىغان

«ماھىيەت»نى بىلىشتىن ئاجىز كەلدى ۋە ئۇنىڭ شەكلى سۈپەتلىرىنى تونۇپلا توختاپ قالدى!.

شۇنداق، اللە ئىنسانلاردىن ئۇلۇھىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئەتراپلىق بىلىشنى تەلەپ قىلمىدى. چۈنكى، اللە ئىنسانلارنىڭ بۇ تەلەپنى ئورۇنلىيالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ...

بىراق، اللە ئۆزىنى ئىنسانلارغا ئۆزگىچە بىر يول بىلەن تونۇشتۇردىكى، ئىنسانلار پەقەت ئاشۇ يول بىلەنلا اللەنى تونۇشقا قادىر بولالايدۇ. چۈنكى، اللە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى تونۇشى ئۈچۈن ئۇلاردا مۇشۇ خىل ئىقتىدارنى يارىتىپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئورۇنلاشتۇردى.

﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾

«(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.[1]»

اللە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇشتۇردى... چۈنكى، اللە شۇنى بىلىدۇكى، ئۇلار مۇشۇ ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنى ھەقىقى تونۇغان چاغدىلا، ئاندىن پەرۋەردىگارىنى تونۇيالايدۇ (بۇ خىل تونۇش ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى كۆتۈرەلەيدىغان مىقداردا بولىدۇ). بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ روھىيىتى ۋە ھاياتى ئىسلاھ بولىدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشەلەيدۇ.

اللەنىڭ گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچى ئىلاھنى تونۇشىدىكى ۋاستە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىسىم-

① سۈرە مۇلك: 14 ـ ئايەت.

سۈپەتلەر ئەقىدىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ھېساپلىنىدۇ.

روھنىڭ ئاللاغا تۇتىشىدىغان ئايرىم مۇساپىسى بار... روھ ئۆزگىچە بىر يول بىلەن ئاللانى تونۇيدۇ، ئاللانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئاللاغا باغلىنىدۇ ۋە ئاللادىن قوبۇل قىلىدۇ. ئىلىم «روھ»نى بىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. بىراق، ئىلىمنىڭ روھنى بىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئەمەلىيەتتە روھنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئىلىم بىزنىڭ قانداق تەپەككۇر قىلىدىغانلىقىمىزنى، قانداق ئەسلەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرىشتىن ئاجىز كەلدى. ئەمما، ھەممىگە ئايانكى، بىز ھەر بىر دەقىقىدە تەپەككۇر قىلىمىز ۋە ئەسلەيمىز. ھېچكىشى: «"ئىلىم"نىڭ "تەپەككۇر قىلىش" ۋە "ئەسلەش"نىڭ قايسى خىل شەكىل ۋە قانداق ئۇسۇلدا تاماملىنىدىغانلىقىنى بىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئۇ ئىككىسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ باققىنى يوق. چۈنكى، «تەپەككۇر» ۋە «ئەسلىمە»نىڭ «ئىزنالىرى» ھەر بىر دەقىقىدە كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

روھنىڭ ئەھۋالىمۇ دەل ئاشۇنداق بولۇپ، ئەگەر بىز روھنىڭ ئاللانى تونۇش ۋە ئاللاغا باغلىنىشتىكى «يول»ىنى بىلمىگەن بولساق، ئۇنىداقتا، بۇ روھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ تەسىرچانلىقىنى يوققا چىقىرالمايدۇ. بىراق، پەرق شۇكى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى - ئەسلىدىكى نورمال ھالىتىدە - تەپەككۇر قىلىدۇ ۋە ئەسلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، ھەممە ئادەمنىڭ روھى ئاللاغا باغلىنىشتىن ئىبارەت تەبىئىي نىشانىغا قاراپ، توغرا يۆنىلىشتە پەرۋازا قىلمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى قانداقتۇر ئاللانىڭ ئۆلاردا «ئۆتكۈر سەزگۈ»نى ياراتمىغانلىقىدىن ئەمەس (ئاللا ھەممە

كىشىنى تەۋھىد تەبىئىتى بىلەن ياراتقان)، بەلكى، بۇ «ئۆتكۈر سەزگۈ»نىڭ باشقا سەزگۈ ئەزالارغا قارىغاندا بەكرەك كېسەلگە گىرىپتار بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر... روھ ئاغرىپ قالغان چاغدا، پاراسەت ئۆچىدۇ، نۇر ئۈزۈلىدۇ.

بىز بۇ يەردە روھىيەت دۇنياسى ۋە روھىيەت دۇنياسىدىكى ئاجايىباتلار ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز... دېمىسمۇ، روھىيەت دۇنياسى ھەقىقەتەن ئاجايىب دۇنيا...

مۇئەييەن دەقىقىلەردە -روھىيەت سۈزۈلگەن دەقىقىلەردە- ئىنسان ياراتقۇچىسىغا قانداق باغلىنىدۇ؟ رەببىگە قانداق دۇئا قىلىدۇ؟ پەرۋەردىگار دۇئانى قانداق ئىجابەت قىلىدۇ؟ ئاندىن ئىنسان ئىجابەتنى قانداق ھېس قىلىدۇ ۋە قانداقلارچە بۇنداق كەسكىن ئىشىنىدۇ؟... مانا بۇلار رېئال ھەقىقەت... ئاللاھنىڭ ئىنساننىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىشى شەكسىز ئەمەلىيەتتۇر.

ئىنسان راستچىل چۈشلەردە غەيبىي ئالەم بىلەن قانداق باغلىنىدۇ؟... ھەممىگە ئايانكى، ئىنسان چۈشىدە بەزى ئىشلارنى كۆرىدۇ. ئاردىن بىر نەچچە كۈن ياكى بىر نەچچە سائەت ئۆتكەندە ئاشۇ ئىشلارنىڭ نەخ ئۆزى ياكى ئاشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان شەكىلداشلىرى ئۇ كىشىنىڭ ھاياتىدا يۈز بېرىدۇ.

بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش بىر ئىش ئايرىم-ئايرىم ئىككى جايدا تۇرۇۋاتقان، يەنە كېلىپ ئارىلىقى يىراق بولغان ئىككى كىشىنىڭ كۆڭلىدىن تەڭ كېچىپ قالىدۇ. بۇ ئىشلار كۆڭۈلگە قانداق كېچىدۇ؟ نېمىشقا بۇنداق دەلمۇ-دەل كېلىپ قېلىش يۈز بېرىدۇ؟

بىر قىسىم كىشىلەرنى بۇ خىل ئاجايىباتلار ھەيران قالدۇرغاچقا، روھىيەت قايناملىرىغا غەرق بولۇش ئۈچۈن، ئاللەغا

يىقىنلىشىش ۋە اللەنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىش باھانىسى بىلەن پۈتكۈل رېئال دۇنيانى تاشلاپ، تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىشكەن.

بىراق، اللە ئىنسانلارنى ئۆزىگە بۇنداق ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىمىدى. بەلكى، ئىبادەت قىلىشنىڭ مۇئەييەن يوللىرىنى ئۇلارغا بەلگىلەپ بەردى. مەسىلەن: روھنىڭ ئىبادەتتە بەلگىلىك ئورنى بار. بۇ قەلبنىڭ اللەدىن قورقۇشىدا ۋە اللەغا ئىلتىجا قىلىپ يالۋۇرۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئاڭنىڭ ئىبادەتتە ئۆزىگە خاس ئورنى بار. بۇ اللەنىڭ مەخلۇقلىرى ۋە مۆجىزىلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. تەننىڭ ئىبادەتتە ئورنى بار. بۇ قىيام ۋە قۇئۇدتا، رۇكۇئ ۋە سۇجۇدتا، ئىتائەت دائىرىسىدە ھەر قايسى تەرەپلەرگە ھەرىكەت قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ.

مانا بۇنىڭ بىلەن ئىنسان ھاياتىدىكى اللە ياخشى كۆرىدىغان ۋە اللە رازى بولىدىغان ھەر بىر ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان «بارلىق پائالىيەتلەر» ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ.

﴿قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر"[1].»

* * * * *

بىز بۇ يەردە سەھىپىمىز چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئىبادەتنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى ھەققىدە تەپسىلى توختىلىپ

[1] سۈرە ئەنئام: 162 - ئايەت.

بولالمايمىز. چۈنكى، بۇ مۇشۇ ساھەدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، بىز ئىبادەتنى چۈرىدىگەن ھالدا، ئىبادەتكە ئالاقىدار بولغان، «لاإلـــــه الاالله»نىڭ ئىبادەت «تەلىپى»نىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان ئىشلار ھەققىدە سۆزلەيمىز.

جاھىلىيەتتە ئىبادەت مەسىلىسىدە ئېغىپ كېتىش ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەقىدە مەسىلىسى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئانى پرىنسىپ بۇ مەسىلىنى مەركەزلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدى... تەبىئىيكى، كىشىلەر ئەقىدىدە ئېغىپ كەتكەن چاغدا، ئىبادەتتىمۇ جەزمەن ئېغىپ كېتىدۇ. ئەقىدە توغرا بولسا، ئىبادەتنىڭ توغرا بولۇشى مۇقەررەردۇر.

جاھىلىيەت تۈرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئەقىدە ۋە ئىبادەت ئىشىدا ئېغىپ كېتىدۇ...

چەكتىن ئاشقان ئۇلۇغلاش ئىنسانىي قەلبنىڭ ئاپەتلىرىدىن بىر ئاپەتتۇر. قەلب مۇئەييەن بىر شەخس ياكى مۇئەييەن بىر شەيئىگە نىسبەتەن مۇھەببەت بىلەن يۈزلەنگەن چاغدا ئۇلۇغلاش مۇقەددەس دەپ بىلىشكە ئېلىپ بارىدۇ. مۇھەببەت بولسا چوقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

مۇھەببەت ۋە ئۇلۇغلاش ئۆز ماھىيىتىدە ئېغىپ كېتىش ھېساپلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىنسان روھىيىتىدىكى قايناق ھېس-تۇيغۇلارنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشىدۇر. الله ئۇنى ئىنسان ھاياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىسۇن، ئىنسان پائالىيىتىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتسۇن دەپ ياراتقان. ئەگەر كىشىلەرنىڭ قەلبىدە پەيغەمبەرلەرگە قارىتا مۇھەببەت ۋە ئۇلۇغلاش بولمايدىغان بولسا، ئۇنداقتا كىشىلەر ئۇلاردىن ھېچ نەرسە قوبۇل قىلمايدۇ. ھاياتنى

ئۇلارغا نازىل قىلىنغان ئىلاھىي تەلىماتلارنىڭ تەلىۋى بويىچە قۇرۇپ چىقايدۇ. ئەگەر الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئالىملارغا قارىتا كىشىلەرگە ۋاجىپ قىلغان مۇھەببەت ۋە ئۇلۇغلاش بولمىسا ئىدى، ئۇنداقتا، ئالىملارنىڭ خەلق (ئۇممەت) ئىچىدە ھېچبىر تەسىرى بولمىغان بولاتتى. ئەگەر پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىدە ئاتا-ئانىسىغا قارىتا مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت بولمىسا ئىدى، ئۇنداقتا، باللار ھەرگىزمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە قۇلاق سالمىغان ۋە ھايات پرىنسىپلىرىنى ئۇلاردىن قوبۇل قىلمىغان بولاتتى.

بىراق، مۇھەببەت ۋە ئۇلۇغلاشتا چوڭقۇرلاپ كېتىش دەل مۇقەددەس دەپ بىلىشنى، ئاندىن چوقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىغىپ كېتىشتۇر.

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاھىلىيەتنىڭ ئىبادەتتىكى ئېغىپ كېتىشىنىڭ سەۋەپلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدە "ۋەد"، "سۇۋائ"، "يەغۇس"، "يەئۇق" ۋە "نەسرى" ئىسىملىك بىر قانچىلىغان سالىھ كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، شەيتان ئۇلارنىڭ قەۋملىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ "سىلەر ئاشۇ سالىھ كىشىلەرنىڭ ھايات چېغىدا ئولتۇرىدىغان ئورۇنلىرىغا ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى تىكلەڭلار، ھەيكەللەرنى شۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتاڭلار" دېدى. كىشىلەر شۇنداق قىلىشتى، ئەمما، ھەيكەللەرگە چوقۇنمىدى. بارا-بارا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىشنىڭ ماھىيىتىدىن خەۋەردار كىشىلەر دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ ھەيكەللەرگە چوقۇندى.[①]»

---

① ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىنسانىيەت ھىلىھەم ئاشۇ ئېغىش تۇگمىنى ئەتراپىدا ئايلانماقتا. ئاندىن بۇ ئېغىش ھەر تۈرلۈك شېرىكنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

* * * * *

بىز كىتاۋىمىزنىڭ كىرىش سۆزىدە ئىنسانلارنىڭ ھېسسىي دۇنيا ئىچىگە بېكىنىۋېلىشى ۋە بۇنىڭ ئەقىدىدىكى تەسىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمدى بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىبادەتتىكى تەسىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

ھەقىقەتەن ئىلاھنى ھېسسىي شەكىلدە گەۋدىلەندۈرۈش مەقسىتىدە ئىبادەت قىلىنىۋاتقان بۇت ئاڭلىمايدۇ، كۆرمەيدۇ ۋە ھەرىكەت قىلالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇتپەرەسلەر "بۇتنىڭ ئىچىگە مەخپىي روھ يوشۇرۇنغان، روھ بۇتقا ھاياتلىق، كۈچ-قۇۋۋەت، باشقۇرۇش ۋە كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى بېرىدۇ" دەپ ئويلىشىدۇ ھەمدە بۇتنىڭ ئىچىگە جايلاشقان ئاشۇ مەخپىي روھنى رازى قىلىش، بۇتلارغا تايىنىپ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش، بۇتلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان غەزىپىنى توختىتىش مۇددىئاسىدا بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا قۇربانلىقلارنى تەقدىم قىلىشىدۇ. بىراق، بۇتلار سۆزلىمەيدۇ. بۇتلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان مەخپىي روھمۇ سۆزلىمەيدۇ. شۇ سەۋەپتىن چوقۇنغۇچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئىلاھى ياكى ئىلاھ بىلەن چوقۇنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا «تەرجىمانلىق» قىلىپ بېرىدىغان «كاھىنلار»غا بولغان ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ. كاھىنلار ئىلاھ نامىدىن تەلىماتلارنى چىقىرىدۇ. "ئىلاھقا يەتكۈزۈپ بېرىمىز" دېگەن باھانە بىلەن نەزىر ۋە قۇربانلىقلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن كاھىنلار - ئەگەر خالىسا - كىشىلەرگە: «ئىلاھ سىلەردىن

رازى بولدى!» دەيدۇ. مۇبادا خالىمىسا: «ئىلاھقا تېخىمۇ كۆپرەك نەزىر قىلىڭلار، ئۇ ھېلىھەم غەزەپلەنمەكتە!» دەيدۇ.

جاھىلىيەتتە كاھىنلار ئىنسانلار ئۇستىدىكى بۈيۈك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھوزۇر-ھالاۋىتىنى سۈرۈشىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىلاھ بىلەن چوقۇنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى «ۋاستە» بولۇپ، ئىبادەت پائالىيىتى شۇلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. چوقۇنغۇچىلار بىلەن ئىلاھ ئوتتۇرىسىدىكى «تاپشۇرۇش» ۋە «تاپشۇرۇۋېلىش» خىزمىتى شۇلار ئارقىلىق تاماملىنىدۇ.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاشۇ كاھىنلار كاھىنلىقتىن باشقا سېھىرگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرىمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسابىقىگە چۈشكەن، ئارغامچىلىرى ۋە ھاسىلىرىنى يەرگە تاشلىغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارغامچا ۋە ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھرىدىن (يەنى سېھىرنىڭ تەسىرىدىن) مۇسا ئەلەيھىسسالامغا گويا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلغان ئىدى... كاھىنلار كاھىنلىق ۋە سېھىرگەرلىك قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ غەيرىگە قۇل قىلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بۇ «غەيرى» ئىلاھ مەيلى ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مۇقەددەس شەخس بولسۇن ياكى ئۇلارغا ئىلاھ بولۇۋالغان مۇقەددەس بۇت بولسۇن ئوخشاش!... ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تاغۇت!...

اللەغا ئايانكى، ئاشۇ كاھىنلار ئۆز كۆڭلىدە ئۇلارنىڭ بۇيرۇق ۋە تەلىماتلىرىنى گويا ھەقىقەتتەك ئىجرا قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئاتلىنىدىغان بۇ بىچارە قۇللار (چوقۇنغۇچىلار)نى قاتتىق مەسخىرە قىلىشىدۇ. بىراق، كاھىنلار رولنى تولىمۇ قاملاشتۇرۇپ ئالىدۇ.

ئۇلار خەلق ئۆستىدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تېخىمۇ ئۇزاق داۋاملاشتۇرۇش، نادان خەلقنىڭ نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى يوغىنىتىش ۋە قورسىقىنى سەمرىتىش ئۈچۈن مۇراسىملاردا ئىبادەت شەكىللىرىنى ئورۇندىغاندا ناھايىتى جىددىي ۋە ئەستايىدىل قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ.

جاھىلىيەتتە كىشىلەر ۋاستىلارغا كۆنۈپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ـ چۈشكۈنلۈك ۋە بېكىمچىلىك ئىچىدە ـ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، پاك، يىگانە ئىلاھتىن ياتسىراش ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاستىلىق رول ئوينايدىغان مەۋجۇدىيەتكە ئادەتلىنىدۇ. كىشىلەر بۇ ۋاستىلىق مەۋجۇدىيەتنى «ئىنسانىي خاراكتېر بىلەن ئىلاھىي خاراكتېر... ئىنسانىي تەرەپ بىلەن ئىلاھىي تەرەپ... دىن ئىبارەت قوش خاراكتېرغا ئىگە. ئۇلار ئىنسان بىلەن ئىنسانىي تەرىپى ئارقىلىق، ئىلاھ بىلەن ئىلاھىي تەرىپى ئارقىلىق ئۇچرىشىدۇ. ئۇلار ھايات يولىدىكى ”ئۆتەڭ“دىن ئىبارەت. كىشىلەر بۇ ئۆتەڭلەردە ئەبەدىي، ئەزەلىي، غەيبىي، چەكسىز ”روھىي ئالەم“ سەپىرى ئۈچۈن كېرەكلىك ”ئوزۇق“لارنى تەييارلايدۇ» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ.

ئەقىدە، ئىبادەت ۋە شەرىئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇشۇنداق ئېغىپ كېتىشلەر سەۋەبىدىن قۇرئانىي پرىنسىپ بۇ مەسىلىنى ئېنىق بەلگىلەشتە ۋە ئىبادەتنى ئىنسان كۆڭلىگە كىچىش ئېھتىمالى بولغان شېرىك تۇرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن پاكلاشتا چىڭ تۇردى.

بىز رېئال تەجرىبىلەردىن شۇنى كۆرۈپ يەتتۇقكى، ئىسلام ئۇممىتى ئىبادەتتىكى شېرىكتىن پاكلىنىپ، بۇ پاكلىق بىلەن اللەنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق كېلىدىغان ۋە اللە ئەڭ گۈزەل قامەتتە

ياراتقان ئىنسانىنىڭ ئىنسانلىقىغا لايىق كېلىدىغان دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئاشۇ خىل پىكىرلەرنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچراپ كەتتى...

سوپىزم ئەقىدە ۋە ئىبادەتنىڭ سۈزۈكلۈكىنى بۇزىدىغان بىر مۇنچە بىدئەتلەرنى ئېلىپ كەلدى...

بىز بۇ يەردە «ئىتتىهاد»، «هۇلۇل»، «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد①» ئىدىيىسىدىكى روشەن ئازغۇنلۇقلار ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. بۇ پىكىرلەر اللەنىڭ پەيغەمبەرلىرى، جۈملىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن تەۋھىد بىلەن پۈتۈنلەي قارمۇ-قارشى كېلىدۇ. سوپىزمدىكى بۇ خىل ئىدىيە مەيلى ھىندىستاندىن كەلسۇن ياكى پارستىن كەلسۇن ياكى دۇنيانىڭ قەيېرىدىن كەلسۇن ئۇ ماھىيەتتە ئوچۇق-ئاشكارا بۇددىزمنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ھەقىقەتەن بىز سوپىزم بىلەن بىللە پەيدا بولغان يەنە بىر بىدئەت ھەققىدە سۆزلەيمىز. ئۇ بولسا مازار ۋە ئەۋلىيالارغا چوقۇنۇش، «غوجام»نى مۇرتلارنىڭ ئېگىدا يوغىنىتىپ، ئۇنى

---

① «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» (بارلىقنىڭ بىرلىكى) دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى تۇنجى بولۇپ كىم، قاچان ئىشلەتكەنلىكى تا ھازىرغا قەدەر ئېنىق بولمىسمۇ، بىراق، بۇ سۆز بىرىكمىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان چۈشەنچە قاراشلارنى رەسمىي يوسۇندا شەرھلەپ، پەلسەپۋى تەلىماتقا ئايلاندۇرغان كىشىنىڭ ئىبنى ئەرەبى ئىكەنلىكى مەلۇم. «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» (بارلىقنىڭ بىرلىكى) تەلىماتىنى ئاددىيراق قىلىپ چۈشەنسەك، ئۇنىڭ مەنىسى «ۋۇجۇد بىر، ئۇ بولسىمۇ اللە، ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى، شۇڭا ئىنسان قەلبىنى پاكلاپ، مەنىۋى كامىللىققا يەتكەندە، ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، ئەسلى ۋۇجۇدقا قوشۇلۇپ كېتىدۇ» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

«ئىتتىهاد» (بىرلىشىش) ۋە «هۇلۇل» (سىڭىپ كېتىش) سۆزىمۇ تىل ۋە ئاتالغۇ جەھەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلەنسىمۇ، بىراق، مەزمۇن ۋە ئىپادىلىگەن مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورتاق مەنىسى «ئىنسان ھەق ۋۇجۇدىدا (ۋۇجۇدى مۇتلەقتە) ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق ئېتىش، ئۆزلۈكتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالماسلىق بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئاشىق ئۆز مەشۇقىغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ» دېگەنلىكتۇر. (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

مۇرت بىلەن الله ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش، ئاشۇ «غوجام»لار مەيلى تىرىك ياكى ئۆلۈك بولسۇن اللەدىن باشقىغا قىلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئىبادەتلەرنى شۇلارغا قىلىش... تىن ئىبارەتتۇر.

ھەقىقەتەن بۇ جاھىلىيەتكە خاس چېكىنىشتۇر...

توغرا، بۈگۈن كىشىلەر قەدىمقى زاماندىكى مۇشرىكلاردەك ئۆز قولى بىلەن بۇت ياساپ، ئۇنىڭغا چوقۇنمايدۇ. بىراق، بەرىكەت ئىزدەپ مازارلانى تاۋاپ قىلىشىدۇ، مازارلارنىڭ توپا-تۇمانلىرىنى يۈز-كۆزلىرىگە سۈركەپ، مازارلاردا ئېغىناپ يېتىشىدۇ، ئىجابەت بولىدۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن قەبرە باشلىرىدا دۇئا قىلىشىدۇ، قەبرىدىكى ئۆلۈكتىن مەدەت تىلەپ، پەرياد چېكىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ. «"پالانى غوجام"نىڭ اللەنىڭ نەزىرىدە بەلگىلىك ئورنى بار، ئۇ اللەنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىغا تايىنىپ، تەقدىرلەرنىڭ ئېقىشىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشىدۇ ياكى الله "ئەقتاب" ۋە "ئەبدال"لارغا اللەنىڭ مۈلكىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىنى تاپشۇرغان، ئەگەر ئۇلارنىڭ مۇرتلىرى ئۆزلىرىگە "شەپقەت قىلىش"نى تىلەپ، ئۇلارغا يالۋۇرسا، ئۇلار ئىشلارنى مۇرتلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزگەرتەلەيدۇ ۋە ئۇلارنى خەتەرلەردىن قوغداپ قالالايدۇ» دەپ ئەقىدە قىلىشىدۇ... ئەمدى بۇلارنى نېمە دەيمىز؟ ئەجەبا ئەرەب مۇشرىكلىرىمۇ: ﴿مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى﴾ «بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى اللەغا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر[1]» (يەنى ئۇلارنىڭ زاتىغا چوقۇنمايمىز، بەلكى، ئۇلارنىڭ اللەنىڭ قېشىدىكى ئورنى بولغانلىقى ئۈچۈن چوقۇنىمىز)

---

① سۈرە زۇمەر: 3- ئايەت.

دېمىگەنمىدى؟!

ئەمما، شەيخ ۋە مۇرتلار (ئىشان ۋە سوپىلار) سوپىزمنىڭ خەتەرلىك بىدئەتلىرىدىن يەنە بىر بىدئەتتۇر.

بىز بۇ يەردە سوپىزمنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى، ئاۋام خەلقنىڭ سوپىزمنىڭ قوينىغا ئۆزىنى قانداق ئاتقانلىقىنى تەپسىلى سۆزلەپ بولالمايمىز... بىراق، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىزكى، روشەن، ئاسان، چۈشىنىشلىك، تەسىرلىك قۇرئانىي پرىنسىپ ۋە كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتلەرنى ئاسان قوبۇل قىلالىشى، ھەقىقەت ئىزنالىرنى ئۆچۈپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە قەلبىدە مۇستەھكەملىشى ئۈچۈن ھەقىقەتلەرنى كىشىلەرگە يېقىنلاشتۇرۇپ بېرىدىغان پەيغەمبەر پرىنسىپى ئاساسىدا كىشىلەرگە دىننى تەلىم بېرىدىغان تەربىيىچى ئۆلىمالار كۆنسىرى ئازىيىپ بارماقتا ئىدى. خەلق بۇ خىل ئۆلىمالارنى تاپالمايۋاتاتتى. ئەكسىچە بۇلارنىڭ ئورنىدا شۇنداق كىشىلەر پەيدا بولدىكى، ئۇلار ئەقىدە ھەققىدە ـ بولۇپمۇ اللەنىڭ زاتىغا ۋە ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئالاقىدار تەرەپلەردە ـ گويا ئەقلىي، پەلسەپىۋى، قورغاق تىپىشماقلار ھەققىدە سۆزلىگەندەك سۆزلەيتتى. بۇنداق مۇرەككەپ، چېگىش چۈشەندۈرۈشلەر زېھىننى ئۇپرىتاتتى، قەلبنى ھېرىكەتلەندۈرەلمەيتتى... يەنە شۇنداق پىقھى ئالىملىرى پەيدا بولدىكى، ئۇلار پىقھى ھەققىدە گويا ئۇ زېمىندىكى ئىنسانلار ھاياتىنى ئىنتىزاملاشتۇرۇش ۋە اللەنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇۋاتقان، اللەنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئىجرا قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى اللەغا باغلاش ئۈچۈن نازىل بولغان «دىن» ئەمەس، بەلكى، جانلىق تۇيغۇ بىلەن بولغان ئالاقىسى ئاللىقاچان ئۈزۈلگەن قورغاق مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلىگەندەك سۆزلەيتتى... دەل شۇ

سەۋەپتىن ئاۋام خەلق كالامىزم (پەلسەپە)نىڭ ئەقىدە ھەققىدىكى مۇرەككەپ، سىرلىق تېپىشماقلىرىدىن، پىقھى تەتقىقاتلىرىنىڭ قورغاقلىقىدىن قېچىپ، ئۇلارنىڭ روھىي چاڭقاقلىقىنى قاندۇرىدىغان، ئالىلىقاچان يوقىتىپ قويغان روھىي ئارامىلىقىنى قايتا تاپقىلى بولىدىغان «تىنچ ماكان» ـ سوپىزىمنىڭ قوينى ـ غا ئۆزىنى ئاتتى...

بۇلارنى چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ، ئەمما، ئاقلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، اللەنىڭ توغرا يولىدىن ئېغىپ كېتىشنى ھېچ بىر سەۋەپ بىلەن ئاقلىغىلى بولمايدۇ.

﴿وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ وَلاَ تَتَّبِعُواْ السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَن سَبِيلِهِ﴾

«بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى اللەنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ.[①]»

ئىسلام ئىنسانلار بىلەن الله ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ۋاستىلەرنى بىكار قىلىپ، بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن كەلدى.

﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾

«پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: "ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)".[②]»

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ﴾

«مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ

---

① سۈرە ئەنئام: 153 ـ ئايەت.
② سۈرە غافىر: 60 ـ ئايەت.

ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن.①»

سوپىزم بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدا مەيلى ئۆلۈك ياكى تىرىك بولسۇن ۋاستىچى ۋە شاپائەتچىلەرنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن كەلدى.

ئىسلام بۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدىن كىشىلەرگە دىنىنى تەلىم بېرىدىغان «ئالىم» ۋە «پەقىھ»لەرنى چىقىرىش ئۈچۈن كەلدى.

﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاء﴾

«اللەنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە اللەدىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.②»

﴿وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُونَ لِيَنفِرُواْ كَآفَّةً فَلَوْلاَ نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِي الدِّينِ وَلِيُنذِرُواْ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُواْ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾

«مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ اللەدىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟③»

ئىسلام ئاشۇ ئالىم ۋە پەقىھلەرنى كىشىلەرگە يېتەكچى، مۇئەللىم، تەربىيىچى ۋە ئۈلگە قىلدى. ھەرگىزمۇ ئۇلارنى مەخسۇس «مۇراسىم»غىلا خاس بولغان (باشقا بىلەن كارى يوق)

---

① سۈرە بەقەرە: 186 ـ ئايەت.

② سۈرە فاتىر: 28 ـ ئايەت.

③ سۈرە تەۋبە: 122 ـ ئايەت.

«پوپ» قىلمىدى. چۈنكى، ئىسلام نوقۇل ئەقىدە ۋە قېلىپلاشقان ئىبادەت شەكلىلا ئەمەس، بەلكى، ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھاياتنىڭ مۇكەممەل پرىنسىپىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر دىنىنىڭ سايىسىدا ئۇلارغا دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى، مەزمۇنىنى ۋە تەلەپلىرىنى ئۆگىتىدىغان ئالىم ۋە پەقىھلەرگە مۇھتاج... ئەمما، دىن نوقۇل ئەقىدە ياكى ئەقىدىگە باغلانغان «شەكىل» بولغان چاغدا، بۇ يەردە «كاھىنلار» پەيدا بولۇپ، ئىنسانلار بىلەن الله ئوتتۇرىسىدا ۋاستە بولىۋالىدۇ. ۋاستە ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئىزچىل تۇردە يوغىناپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ نورمال ئىنسانىي تەبىئىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە كاھىنلار كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئىنسانىي خاراكتېر بىلەن ئىلاھىي خاراكتېرنى بىرلەشتۈرگەن ئارىلاشما خاراكتېرغا ئىگە دەپ قارىلىدۇ.

ئىسلام دىنىنى الله ئۈچۈن خالىس قىلغىلى كەلدى. سوپىزم سوپىلارنىڭ ئېڭىدا ئىشانلارنى بەندە بىلەن الله ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىگە ئايلاندۇرغىلى كەلدى. مۇرتلارنىڭ قارىشىچە شەيخ اللەنىڭ نەزىرىدە مۇبارەك، ئۇلۇغ كىشى بولۇپ، اللەغا تېخىمۇ بەكرەك يېقىنلىشىش ۋە اللەنىڭ رەھمىتىگە كۆپلەپ ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم شەيخنىڭ بەرىكىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايدۇ... گويا بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى بەلگىلەشتە شەيخنىڭ الله بىلەن بىرەر ئورتاقلىقى باردەك... ۋەھالەنكى، الله سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن:

﴿لَيْسَ لَكَ مِنَ الأَمْرِ شَيْءٌ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ

تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس.[1]»

ئىسلام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھىي خۇسۇسىيەتتىن پۈتۈنلەي خالىي بولغان پەقەت بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى قارارلاشتۇرۇش ئۈچۈن كەلدى. ئەمما، سوپىزم پەيغەمبەرنى ياخشى كۆرۈشتە، ئۇنى ئۇلۇغلاشتا چەكتىن ئاشتى. ئاخىرى: «الله پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرلىرىنى كۆرسۇن» دەپ ياراتقان دېگەن ئازغۇن گەپنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلىسۇن دەپ بۇ ئالەمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن.

﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.[2]»

ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلاشنى شەيخنى مۇرتلارنىڭ ئىگىدا يوغىنىتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە شەيخ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆرەرمىش، كىشىلەرگە سۆزلەۋاتقان گەپلەرنى رەسۇلۇللاھدىن بىۋاستە قوبۇل قىلارمىش، ۋەھاكازالار...!

* * * * *

بۇ دىندىكى ئىبادەت پرىنسىپى ئىنتايىن كەڭرى بولۇپ، ئۇ كىشىلەر «ئىبادەت» دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن «پەش پەرز» بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. توغرا، «بەش پەرز» گەرچە بۇ دىنىنىڭ تۈپ ئاساسلىرىنى شەكىللەندۈرگۈدەك دەرىجىدە مۇھىم بولسىمۇ،

---

① سۈرە ئال ئىمران: 128 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەنبىيا: 107 ـ ئايەت.

بىراق، ئۇ ئاللاھ تەرەپتىن كىشىلەرگە پەرز قىلىنغان ئىبادەتنىڭ پەقەتلا بىر قىسمىدۇر.

﴿قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، لاَ شَرِيكَ لَهُ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: ”مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر“①.»

ناماز ۋە قۇربانلىق ئىبادەتتۇر... بىراق، اللەنىڭ بەندىلەردىن تەلەپ قىلىۋاتقىنى بۇنىڭدىنمۇ چوڭراقتۇر... يەنى اللە بەندىلەردىن پۈتكۈل ھاياتىنىڭ، ھەتتا، ئۆلۈمىنىڭمۇ شېرىكى يوق يالغۇز بىر اللە ئۈچۈن قىلىنغان ئىبادەت بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

دېمەك، ئىبادەت پرىنسىپى ھەر بىر دەقىقە، ھەر بىر ئەمەل، ھەر بىر ئوي-خىيال ۋە ھېس-تۇيغۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾

«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم②.»

ئەگەر جىن ۋە ئىنساننى يارىتىشتىكى نىشان -نەفىي ۋە ئىستىسنا بىلەن- اللەغا ئىبادەت قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولسا، ئۇنداقتا، «بەش پەرز» ئۆلگەنگە قەدەر داۋاملىشىدىغان پۈتكۈل ھاياتلىق مەيدانىنى تولدۇرۇشقا يېتەمدۇ؟!

ھەقىقەتەن بۇ نىشان ئىبادەت ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى بىردەك ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان غايەت زور بىر «سىستېما» بولغان

---

① سۈرە ئەنئام: 162- ئايەت.

② سۈرە زارىيات: 56- ئايەت.

چاغدا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئىبادەت ئىسلامدا دەل ئەنە شۇنداقتۇر...

ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق پەرز ئەمەللەرنىڭ بەلگىلىك ۋاقتى بار (بەلگىلەنگەن ۋاقتى يېتىپ كەلمىگىچە مەيلى ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن بۇ ئەمەللەرنى ئادا قىلغىلى بولمايدۇ). ئىنسان پەقەت نەپلى ئارقىلىقلا ئىبادەت دائىرىسىنى كېڭەيتەلەيدۇ. بىراق، بۇ خىل كەڭلىك پۈتكۈل ھاياتلىق مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرالمايدۇ. شۇنداقلا، ئىنسانمۇ ئاشۇ بەلگىلىك (سانى چەكلىك) ئەمەللەر بىلەن ھاياتلىق مەيدانىنى تولدۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى، بۇ نۇردىن يارىتىلغان پەرىشتىلەرنىڭ ئىشى بولۇپ، ئۇلار ﴿يُسَبِّحُونَ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ لَا يَفْتُرُونَ﴾«كېچە-كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ.[1]»، ﴿لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾«اللەنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.[2]» ئەمما، ماددا بىلەن روھنىڭ بىرىكمىسى بولغان ئىنساننىڭ چارچايدىغان جىسمى، زېرىكىدىغان كۆڭلى بار. ئۇ ھارماي-تالماي، كېچە-كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىشقا قادىر بولالمايدۇ.

اللە ئىنساننى بۇنىڭغا تەكلىپ قىلمىدى. چۈنكى، اللە ئىنساننى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. اللە ئىنساننى باشتىلا ھازىرقى قىياپىتى بىلەن ياراتقان (ئىنسان تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، مايمۇندىن ھازىرقى ھالىتىگە ئۆزگەرگەن ئەمەس). اللە ئىنساننىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، ئىنساننىڭ نېمىلەرنى قىلىپ، نېمىلەرنى

---

① سۈرە ئەنبىيا: 20- ئايەت.

② سۈرە تەھرىم: 6- ئايەت.

قىلالمايدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى كۆچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرىمايدۇ.

ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپ، اللە ئىنسانىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنىڭ پەقەت اللە ئۈچۈنلا بولۇشىنى، ئىنساننى پەقەت ئىبادەت ئۈچۈنلا ياراتقانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇنداقتا، تەلەپ قىلىنغان ئىبادەت پەقەت «بەش پەرز»لا بولغان چاغدا، «تەلەپ» ئىشقا ئاشقان بولامدۇ؟

ياق! ئىبادەتنىڭ مەنىسى كېڭىيىپ، ئىنساننىڭ زېمىنىدىكى پۈتكۈل پائالىيىتى ئىبادەت دائىرىسىگە تەۋە بولغان چاغدىلا، ئاندىن «تەلەپ» ھەقىقى ئىشقا ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل پائالىيەت «لاإله الاالله» بىلەن زىچ باغلانغان بولۇشى ۋە «لاإلــه الاالله» بارلىق تەلەپلىرى بىلەن ھاياتنىڭ پرىنسىپىغا ئايلانغان بولۇشى كېرەك.

سىياسەت ئىبادەتتۇر... ئۇ اللەنىڭ شەرىئىتىنى يولغا قويۇش، يەر شارى رېئاللىقىدا ئىلاھىي ئادالەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش، كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىدا ياخشىلىقنى بىخلاندۇرۇپ، يامانلىقنى قومۇرۇپ تاشلاش، كىشىلەرنى يەككە-يىگانە اللەغا چوقۇندۇرۇش ۋە تاغۇتلاردىن ئۇلارنى ئازات قىلىش بولغان چاغدا...

تىجارەت ئىبادەتتۇر... ئۇ مەيلى شەخسنىڭ تىجارىتى بولسۇن ياكى كوللىكتىپنىڭ تىجارىتى بولسۇن ياكى دۆلەتنىڭ تىجارىتى بولسۇن، ھالال كەسىپ بىلەن پۇل-مال تېپىپ، ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىش بولغان چاغدا...

سەنئەت ئىجادىيىتى ئىبادەتتۇر... ئۇ توغرا سەنئەت ئۇسلۇبلىرى

بىلەن ياخشىلىققا چاقىرىپ، يامانلىققا جەك ئېلان قىلىش، كىشىلەرنى ئىلاھىي پرىنسىپنىڭ تەلىۋى بويىچە زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە اللەنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىشقا قىزىقتۇرۇش بولغان چاغدا...

بەلكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبادەتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كىشىلەرگە ئۆگىتىش ئۈچۈن ئېيتقانىدەك: «خوتۇنىنىڭ ئېغىزىغا بىر لوقما تاماق سېلىپ قويۇشمۇ[1]» ئىبادەتتۇر.

* * * * *

ئىلاھىي پرىنسىپتا بارلىق ئىبادەتلەر بىردەك دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى مەقسەت قىلىدۇ... مەيلى ئۇ بەلگىلىك ئىبادەتلەر بولسۇن ياكى ئىنساننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيىتى بولسۇن ئوخشاش!

بەزى كىشىلەر ئويلىغاندەك بۇ يەردە دۇنيادىن ئۈزۈلگەن مەخسۇس ئاخىرەت ئۈچۈنلا قىلىنىدىغان ئىبادەت مەۋجۇت ئەمەس. بۇ دىن ھاياتى دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان. مەيلى كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسى ۋە شەرىئىتى بولسۇن ياكى ئىبادىتى ۋە مۇئامىلىلىرى بولسۇن ئوخشاشلا ھەممىسى مۇشۇ دىنىنىڭ دائىرىسىگە تەۋە ئىشلاردۇر.

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ﴾

«بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن

① ئىمام بۇخارى ۋە ئىما ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق.[1]»

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىندا چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە دۇنيا ئاخىرەت بىلەن باغلىنىدۇ. كىشىلەر دىنىنىڭ سايىسىدا ھاياتى دۇنيادا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئەمەل قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، قەلبلەر بولسا ئاخىرەتكە باغلانغاندۇر.

﴿إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ﴾

«ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ.[2]»

ناماز دۇنيادا يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئەجىر بولسا ئاخىرەتتىدۇر. مۇئمىن اللەنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئاخىرەتتە ئەجىرگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ. ھاياتى دۇنيا ئىسلاھ بولىدۇ.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.[3]»

دۇنيادا گۇناھتىن ساقلىنىسىلەر، ھاياتىڭلار ئىسلاھ بولىدۇ...

---

① سۈرە ھەدىد: 25 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەنكەبۇت: 45 ـ ئايەت.

③ سۈرە بەقەرە: 182 ـ ئايەت.

ئاخىرەتتە بولسا ئۇنىڭ ئەجرىنى ئالىسىلەر.

﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن.①»

﴿وَالَّذِينَ فِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ مَّعْلُومٌ، لِّلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ﴾

«ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ. ②»

﴿إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللَّهِ وَابْنِ السَّبِيلِ﴾

«زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، اللەنىڭ يولىغا ۋە مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ.③»

گۇناھتىن پاكلاش، ياخشىلىقنى كۆپەيتىش، بايىنىڭ اللە بەرگەن پۇل-مال بىلەن كەمبەغەلگە غەمخورلۇق قىلىشى، مەسئۇللارنىڭ زاكاتنى يىغىپ، اللە بەلگىلىگەن ئورۇنلارغا چىقىم قىلىشى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۇنيادا ئورۇندىلىدۇ... ئەجرى بولسا ئاخىرەتتىدۇر.

﴿وَأَذِّن فِي النَّاسِ بِالْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالًا وَعَلَى كُلِّ ضَامِرٍ يَأْتِينَ مِن كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ، لِيَشْهَدُوا مَنَافِعَ لَهُمْ وَيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ فِي أَيَّامٍ مَّعْلُومَاتٍ عَلَى مَا رَزَقَهُم مِّن بَهِيمَةِ

---

① سۈرە تەۋبە: 102 ـ ئايەت.

② سۈرە مائارىج: 24 ـ 25 ـ ئايەتلەر.

③ سۈرە تەۋبە: 60 ـ ئايەت.

الْأَنْعَامِ فَكُلُوا مِنْهَا وَأَطْعِمُوا الْبَائِسَ الْفَقِيرَ﴾

«”كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئۇرۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئۇرۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنى ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) اللە ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى اللەنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) اللەنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن“. سىلەر قۇربانلىقلارنى گۆشىدىن يەڭلار، موھتاجقا، پېقىرغا بېرىڭلار.[1]»

بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيادا تاماملىنىدۇ، ئەجرى بولسا ئاخىرەتتىدۇر... دېمەك، ئىبادەت بىرلا ۋاقىتتا دۇنيا ھەم ئاخىرەتنى مەقسەت قىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا بۇ يەردە «لاإله الاالله»نىڭ بارلىق تەلەپلىرىگە رىئايە قىلىدىغان مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا ئاخىرەتتىن ئۈزۈلۈپ، پەقەت دۇنيا ئۈچۈنلا قىلىنىدىغان ئەمەل (ئىش) مەۋجۇت ئەمەس... ھەتتا، كىشىلەر ”بۇ دېگەن پەقەت ھېسسىياتنى قاندۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەسقو“ دەپ قارايدىغان جىنسىي ئالاقىدىمۇ ئەجىر بار. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ جىنسىي ئالاقىسىدىمۇ ئەلۋەتتە ئەجىر بار» دېدى. باشقىلار: «ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ بىرىمىز ئايالىنىڭ قېشىغا ئۆزىنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كەلسىمۇ ئەجىرگە ئېرىشەمدۇ؟» دېۋىدى،

---

[1] سۈرە ھەج: 27-28- ئايەتلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئەگەر ئۇ هارام ئىش قىلسا (زىنا قىلسا) ئۇنىڭغا گۇناھ بولامدۇ؟، دەل شۇنىڭدەك ئۇ هالال ئىش قىلغان ئىكەن، ئەلۋەتتە ئەجىرگە ئېرىشىدۇ[1]» دېدى.

دېمەك، هەر قانداق بىر ئىش بىرلا ۋاقىتتا دۇنيا هەم ئاخىرەتنى مەقسەت قىلىدۇ. يەنى دۇنيادا ساۋاپمۇ بولمايدىغان، گۇناھمۇ بولمايدىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس. هەر قانداق بىر ئىش يا ساۋاپ، يا گۇناھ دائىرىسىدە تاماملىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا «لاإله الاالله»نىڭ ئىبادەت تەلىپى هاياتتىكى بارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان هەر بىر دەقىقىدە اللەغا ئىبادەت قىلغۇچى بولىدۇ... مەيلى ئۇ بەلگىلىك ئىبادەتلەردىن بىرەرنى ئادا قىلىۋاتقان بولسۇن ياكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن هالدا اللەنى ئەسلەۋاتقان بولسۇن ياكى اللەنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەپ بىرەر پائالىيەت بىلەن شوغۇللىنىۋاتقان بولسۇن ياكى اللەدىن هايا قىلىپ ۋە اللەنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەپ ئۆزىنى ئارزۇ-هەۋەسلەرنىڭ ۋە كۆڭۈلگە كەچكەن يامان خىياللارنىڭ قورشاۋىدىن قۇتقۇزغان بولسۇن ئۇ ئوخشاشلا ئىبادەت قىلغۇچىدۇر... ئەنە شۇ چاغدا ئۇ اللەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ، نَحْنُ أَوْلِيَاؤُكُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَشْتَهِي أَنفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ، نُزُلًا مِّنْ غَفُورٍ رَّحِيمٍ﴾

«شۈبهىسىزكى، "پەرۋەردىگارىمىز اللەدۇر" دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: "قورقماڭلار، غەم

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (اللە) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر“ دەيدۇ.[1]»

@ @ @ @ @

---

① سۈرە فۇسسىلەت: 30 ـ 32 ـ ئايەتلەر.

## 3. شەرىئەتتىكى تەلەپ[1]

بىز يۇقىرىقى بۆلۈملەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇقكى، «لاإله الاالله» پەقەت ئەقىدىلا ئەمەس، بەلكى، بارلىق ساماۋىي ئەلچىلىكلەردە ئەقىدە بىلەن زىچ باغلانغان، زېمىندىكى ئىنسانلار ھاياتىنى ئىنتىزاملاشتۇرۇش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان يولىيورۇقلاردۇر. بىزگە ئىلگىرىكى ساماۋىي ئەلچىلىكلەردىكى يولىيورۇقلار ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان بايانلاردىن باشقا ھېچقانداق مەلۇماتلار يېتىپ كەلمىدى، دېگەن ھالەتتىمۇ، ھېچبولمىغاندا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئەلچىلىكتىن باشلاپ «لاإله الاالله» ھاياتىنىڭ مۇكەممەل «دەستۇرى» بىلەن زىچ باغلاندى. بۇ دەستۇر يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلار دەۋرىدىكى ۋاقىتلىق «قانۇن» ئىدى. بۇ «قانۇن» مەيلى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر بولسۇن ياكى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاشۇ ئۈممەتىنىڭ ئىچىدىن ئەقىدىسىنى يېڭىلىغان ۋە ئۆزلىرىمۇ «بىز ئىسانىڭ ياردەمچىلىرىمىز» دەپ ئىسا ئەلەيھىسسالام يېتەكلىگەن يولغا ئەگەشكەنلەر بولسۇن ئوخشاشلا ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى

① «شەرىئەتتىكى تەلەپ»نىڭ ئەسلى ئەرەبچىسى «المقتضى التشريعي» بولۇپ، ئۇنى يەنە «شەرىئەت جەھەتتىكى تەلەپ»، «شەرىئەتنى يولغا قويۇشتىكى تەلەپ»، «قانۇن چىقىرىشتىكى تەلەپ»، «قانۇن جەھەتتىكى تەلەپ» دېگەندەك كۆپ خىل مەنىلەر بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

قامدىيالايىتتى... ۋاقىتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن اللەنىڭ ئىلمىدا تەقدىر قىلىنغان ئاخىرقى ئەلچىلىك يېتىپ كەلدى. بۇ ئەلچىلىكنىڭ بارلىق ئىنسانلارنى نىشان قىلغان، تا قىيامەتكىچە زېمىندا ياشاپ ئۆتىدىغان ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجلىرىنى تولۇق قاندۇرالايدىغان ھەمدە ئۇنىڭدا «قانۇن» مۇكەممەللەشكەن ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىلىك بولۇشى اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىدى.

بىز بۇ يەردە بۇ شەرىئەتنىڭ تەپسىلاتلىرى ھەققىدە تولۇق سۆزلەپ بولالمايمىز. چۈنكى، بۇ دېگەن مەخسۇس بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، بۇ چەكلىك سەھىپىلەر ئۇنىڭ ساھەسى بولالمايدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت «لاإلــه الاالله» بىلەن اللەنىڭ شەرىئىتىنى قانۇن قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك باغلىنىشچانلىقنى تەكىتلىمەكچىمىز. گەرچە بۇ ئەسلىدە ئۇچۇق مەسىلە بولسىمۇ، بىراق، ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ چەكتىن ئېشىشى ۋە «ئەمەلي رېئاللىق»نىڭ ئۇممەت پەرزەنتلىرىگە بېسىم پەيدا قىلىشى نەتىجىسىدە بۇ ئوچۇق مەسىلە بايان قىلىشقا مۇھتاج بولۇپ قالدى.

الله مۇشرىكلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَجَعَلَ الْآلِهَةَ إِلَهًا وَاحِدًا إِنَّ هَذَا لَشَيْءٌ عُجَابٌ﴾

«كاپىرلار: "مۇھەممەد نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش" دېدى.[①]»

﴿وَقَالَ الَّذِينَ أَشْرَكُواْ لَوْ شَاء اللّهُ مَا عَبَدْنَا مِن دُونِهِ مِن شَيْءٍ نَّحْنُ وَلا آبَاؤُنَا وَلاَ حَرَّمْنَا مِن دُونِهِ مِن شَيْءٍ﴾

① سۈرە ساد: 5ـ ئايەت.

«مۇشرىكلار: ”مۇبادا اللە خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمىز اللەنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق، اللەنىڭ رۇخسىتىسىز (يەنى اللەنىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق“ دېدى.①»

يۇقىرىقى ئىككى ئايەت شېرىكنىڭ ئۈچ چوڭ يىلتىزىنى بەلگىلەيدۇ. ئىسلام دەل ئاشۇ يىلتىزنى تۈپتىن قومۇرۇپ، دىنىنى اللە ئۈچۈن خالىس قىلىش مەقسىتىدە كەلگەن. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۈچ چوڭ يىلتىز ــــ اللەنىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرمەسلىك، ئىبادەتنى اللەنىڭ غەيرىگە قىلىش ۋە اللەنى قويۇپ ھالال-ھارام قىلىشتىن ئىبارەت. يەنى ئەقىدە، ئىبادەت ۋە قانۇن مەسىلىسى.

شېرىكنىڭ بۇ ئۈچ چوڭ يىلتىزىغا ئىماننىڭ ئۈچ چوڭ يىلتىزىنى قارىمۇ-قارشى ھالدا روبىرو تۇرىدۇ. ئىماننىڭ ئۈچ چوڭ يىلتىزى: اللەنىڭ بىرلىكىگە كەسكىن ئىمان كەلتۈرۈش، پۈتكۈل ئىبادەتنى شېرىكى يوق يالغۇز بىر اللەغا قىلىش ۋە بارلىق قانۇنلارنى قويۇپ، پەقەت اللەنىڭ شەرىئىتىنىلا قانۇن قىلىشتىن ئىبارەت. يەنى ئەقىدە، ئىبادەت ۋە قانۇن مەسىلىسى.

مانا بۇلار «لاإلــه الاالله»نىڭ ئاساسلىق تەلەپلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياكى بىرى بۇزۇلسا، «لاإلــه الاالله» پۈتۈنلەي بۇزۇلىدۇ② (ئىمان قالمايدۇ).

ئون ئۈچ ئەسىر جەريانىدا ئىسلام ئۈممىتى «مۇسۇلمان اللەنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا بىر شەرىئەتنى ئۆزىگە قانۇن قىلىۋالسا،

---

① سۈرە نەھل: 35- ئايەت.

② «لاإله الاالله»نى بۇزۇدىغان ئامىللار ھەققىدە ئاخىرقى بۆلۈمدە سۆزلەيمىز.

بىلىپ تۇرۇپ، رازى بولۇپ، اللەنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا بىر قانۇنىدىن ھۆكۈم ئىزدىسە، ئۇ يەنە داۋاملىق مۇسۇلمان بولىۋېرىدۇ» دېگەننى زادىلا ئويلاپ باققان ئەمەس.

بىراق، ئاخىرقى ئەسىر ئۇممەتنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە كېچىپ باقمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئەسىرلەر جەريانىدا ئېغىپ كېتىش[1] دائىرىسى كۆپىنىسىرى زورايماقتا. ئۇزاق مەزگىللەر داۋامىدا ئۇممەتنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھاياتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئىسلام ھەقىقەتلىرىدىن ئۇممەت ئاستا-ئاستا يىراقلاپ بارماقتا. گەرچە ئۇممەت «لاإلــه الاالله»نىڭ بارلىق تەلەپلىرىدىن يىراقلاپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق، مۇنداق ئىككى ئىشتىن چىكىنىشنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى:

1. ناماز؛

2. اللەنىڭ شەرىئىتىنى قانۇن قىلىش.

بۇ ئىككىسى مۇسۇلماننىڭ ئوبرازى بولۇپ، مۇسۇلمان بۇ ئوبرازنى يوقىتىپ قويسىمۇ، يەنە ئۇنى مۇسۇلمان دەپ ئاتاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئاخىرقى ئەسىردە ئۇممەتنىڭ ئارقىغا چېكىنىشى ئاشتى، دۈشمەنلەرنىڭ ھەربىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھۇجۇملىرى كۈچەيدى، ئىدىيىۋى ھۇجۇم يۇقىرى چەككە يەتتى... نەتىجىدە ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە كېچىپ باقمىغان ئىشلار يۈز بەردى. ئۇممەت ئىلگىرى چىڭ ئېسىلىپ تۇرغان بۇ ئاخىرقى ئىككى نۇقتىدىنمۇ چېكىندى. شەيتانلار ئۇلارغا بۇ خىل چېكىنىشنى چىرايلىق

① «بىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىمىز» ناملىق ئەسەرنىڭ «ئېغىش لىنىيىسى» دېگەن بۆلۈمىنى ئوقۇڭ!

كۆرسىتىپ: «ھە، ئەمدى ياخشى بولدى، ئۈممەت تەرەققىيات پەلەمپىيىگە قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدى، ئالغا ئىلگىرىلىدى!» دېيىشتى.

ئۆز دىنىنىڭ ئالاھىدە رولىنى ئۇنۇتقان بۇ ئۈممەتكە شەيتانلار مۇنداق دېيىشتى: «ياۋروپاغا قاراڭلار! ياۋروپا دىنىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنى تۇرمۇش رېئاللىقىغا "ھاكىم" بولۇشتىن يىراقلاشتۇرغاندىن كېيىنلا، ئاندىن تەرەققى قىلدى.»

شەيتانلار ئۈممەتكە يەنە مۇنداق دېيىشتى: «بۇندىن ئون تۆت ئەسىر ئىلگىرى نازىل بولغان شەرىئەت نازىل بولغان چاغدىكى ئىپتىدائىي شارائىتقا ماس كېلەتتى. ئۇ ئوخشىمايدىغان بۈگۈنكى زامانىۋى رېئاللىققا قانداق ھۆكۈم قىلىدۇ؟ دۇنيا تەرەققىي قىلمىدىمۇ؟ ئۇنداقتا، ھاياتتا يۈز بېرىۋاتقان تەرەققىياتقا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن شەرىئەتنىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇش لازىم.»

ئۈممەتنىڭ ئۆز دىنىنى بىلمەسلىكى، دۈشمەنلەر ئىسلام ئەللىرىدە پەيدا قىلغان ئىدىيىۋى ھۇجۇم ۋە «ئەمەلىي رېئاللىق»نىڭ بېسىمى ئالدىدىكى بىچارىلىكى سەۋەبىدىن تولۇق بىر ئەۋلاد كىشىلەر بۇ يالغان-ياۋىداق «گەپلەر»نى راست دەپ تەستىقلىدى... (الله رەھىم قىلغان كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا).

ئۈممەت ئاشۇ ساختا ئويدۇرمىلارغا قارشى مۇنازىرە قىلىپ بېقىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئورنىدىن دەس تۇرمىدى. چۈنكى، ئەقىدە ۋە ئىمان جەھەتتىكى قالاقلىق سەۋەبىدىن ئۈممەتنىڭ روھىيىتىدە پەيدا بولغان بوشلۇق ئۇلارغا ئىمانىي ئۈستۈنلۈكتىن ھېچنەرسىنى قالدۇرمىغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە الله مۇئمىنلەر گەرچە ئۇرۇشتا دۈشمەنلەر ئالدىدا مەغلۇپ بولۇپ كەتسىمۇ، بىراق، ئاشۇ

ئۈستۈنلۈكنى ھېس قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى:

﴿وَلاَ تَهِنُوا وَلاَ تَحْزَنُوا وَأَنتُمُ الأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾

«(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.①»

﴿وَلِلَّهِ الْعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِ وَلِلْمُؤْمِنِينَ﴾

«غەلىبە اللهغا، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ.②»

ئەقىدە ۋە ئىمان جەھەتتىكى قالاقلىقتىن كېلىپ چىققان ھەربىي، ئىلمىي، ئىقتىسادىي ۋە پەن-تېخنىكا قالاقلىقى③ مۇسۇلمانلارنى مۇشۇ مەيدانلارنىڭ ھەممىسىدە غەرب بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرىشىدە - كۈرەشكە يۈزلىنىشتىن ئىلگىرىلا - روھىي جەھەتتە ئېزىپ، كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتتى. شۇڭا ئۇلاردىن ھېچبىرى - كۆڭلىدە بولسىمۇ- «غەربنىڭ ئۆلگىسى يارىمايدۇ، ھېچبولمىغاندا بىزگە يارىمايدۇ» دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

ھەي!!!... چۆپرەندە «گىگانت»نى تەنقىد قىلىشقا قانداقمۇ پېتىنالىسۇن؟!... بۇنداق قىلغانلىق ئەقىلدىن ئاداشقانلىق بولمامدۇ؟!...

* * * * *

ئەمما، "ياۋروپا دىنىنى چۆرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن ئاندىن

① سۈرە ئال ئىمران: 139- ئايەت.

② سۈرە مۇنافىقۇن: 7- ئايەت.

③ «بىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىمىز» ناملىق ئەسەرنىڭ «ئېغىپ كېتىشنىڭ تەسىرلىرى» دېگەن بۆلۈمنى ئوقۇڭ!

تەرەققى قىلدى“ دېگەن گەپلەر ھەققىدە بىر قانچە كىتابلىرىمدا تەپسىلى سۆزلىدىم[1] (شۇڭا، بۇ يەردە ئۇ ھەقتە تەپسىلى توختىلىپ ئولتۇرمايمەن).

گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ياۋروپا اللەنىڭ دىنىنى ھېچقاچان اللە تەرەپتىن نازىل بولغان ساپ، سۈزۈك ھالىتىدە تونۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئەمەلىيەتتە ياۋروپانىڭ تونۇغىنى ۋە ئۇن ئىككى ئەسىر «دىن» دەپ چىڭ ئېسىلغىنى اللەنىڭ دىنى ئەمەس، بەلكى، پائۇلنىڭ دىنى بولۇپ، ئۇ بىر ئەبجەش دىن ئىدى. پائۇل[2] زىددىيەتلىك پىكىر، كۆز-قاراش ۋە تەلىماتلارنى بىر يەرگە توپلاپ، بۇ ئاتالمىش «دىن»نىڭ مەنبەسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇنى تەستىقلىغان، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلغان، ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەر قانداق ئۇرۇنۇشلارنى رەت قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇش قىلغان... ئاخىرقى ھېساپتا ئۇنى چۆرۈپ تاشلىغان «قەۋم»دىن ھەر قانداق ئىنسان ئەجەپلەنمەي تۇرالمايدۇ.

ياۋروپالىقلارنىڭ بۇ ئەبجەش دىنىنى چۆرۈپ تاشلىغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. بەلكى، ئەجەپلىنەرلىك بولغىنى ئۇلارنىڭ بۇ دىنىنى تەستىقلىغانلىقى ۋە مىڭ يىللاپ بۇ دىنغا چىڭ ئېسىلىپ

---

① «ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيۋى ئېقىملار»، «ھازىرقى دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى ئىسلامىي نۇقتىدىن كۆزىتىش» ۋە «شەرىئەتنى يولغا قويۇش ھەققىدە» دېگەن كىتابلىرىمغا قاراڭ! (ئاپتوردىن).

② پائۇلنىڭ ئەسلى ئىسمى شاۋىل بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى يەھۇدىي ئىدى. ئۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەرگە رەھىمسىزلىك بىلەن جازا يۈرگۈزۈش قىلغان ئىدى. كېيىن ئۆزىنىڭ خىرىستىئان دىنىغا كىرگەنلىكىنى جاكارلاپ، ئىسمىنى پائۇلغا ئۆزگەرتتى ھەمدە «ئىنجىل»نى قايتا يېزىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان «يېڭى دىن»نىڭ مەنبەسىنى شەكىللەندۈردى. كېيىن ياۋروپاغا بېرىپ، بۇ دىنىنى تەشۋىق قىلىپ ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كەڭرى تارقاتتى (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

ياشىغانلىقىدۇر.

ئەجەبا، اللەنىڭ دىنى ھەق دەپ بىلىدىغان بىر مۇسۇلمان: «ياۋروپا تەرەققى قىلىش ئۈچۈن دىنىنى چۆرۈپ تاشلىغاندەك، مەن دىنىمنى چۆرۈپ تاشلايمەن» دېسە، توغرا بولامدۇ؟!

﴿وَمَا يَسْتَوِي الْأَعْمَى وَالْبَصِيرُ، وَلَا الظُّلُمَاتُ وَلَا النُّورُ، وَلَا الظِّلُّ وَلَا الْحَرُورُ﴾

«كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم (يەنى كاپىر بىلەن مۆمىن) باراۋەر بولمايدۇ. زۇلمەت بىلەن نۇر (يەنى باتىل بىلەن ھەق) باراۋەر بولمايدۇ. سايە بىلەن ئىسسىق (يەنى جەننەت بىلەن دوزاخ) باراۋەر بولمايدۇ.[1]»

مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىنىڭ ھەقلىقىنى تونۇغان، تارىخنى ئوقۇغان، مىراسلىرىدىن خەۋەردار بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا، ياۋروپالىقلارنى ھالاكەتكە سۆرەپ ماڭغان تەرەققىيات بۇزغۇنچىلىقى ئىسلام دۇنيا ئەللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ قەلب ۋە ئەقىللىرىنى ھەرگىز بولغىۋەتمەسلىكى كېرەك.

ھەقىقەتەن ياۋروپالىقلارنىڭ ھاياتى ئىنچىكە تۈردە تەكشۈرۈپ، ئوتتۇراھال بىر نۇقتىدا توختىماستىن، ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە تەۋرىنىپ تۇرغان بىر ھايات بولدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتى تارىختىكى جاھىلىيەتلەردىن ھەر قانداق بىر جاھىلىيەتتە يۈز بېرىدىغان زۇلۇم ۋە جىنايەتلەرگە قارشى داۋاملاشقان «قايتۇرما ئىنكاس»دىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

بىز ياۋروپالىقلارنىڭ ھاياتىدا جانلىقلىق، چىدامچانلىق، ئىنچىكىلىك ۋە ئۆتكۈر ئىرادىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز...

---

① سۈرە فاتىر: 20 ـ 22 ـ ئايەتلەر.

بىــراق، بۇلارنىــڭ ھەممىــسى تــوغرا دىنىنىــڭ كۆرسەتمىــسگە ئېرىــشەلمىگەنلىكى ئۈچــۈن دۇنيــا ۋە ئــاخىرەتتە بىكــار بولــۇپ كېتىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر.

ئۇلارنىــڭ دۇنيــادىكى ھايــاتى جىنــايەت بىــلەن تولغــانلىقى ئۈچــۈن، ئاشــۇ خىــل ئالاھىــدىلىكلەرنىڭ قانچىلىــك ئــۇزاق داۋاملاشقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرقى ھېساپتا ھامان ھــالاكەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ھايــاتى ھەققىــدە اللەنىــڭ مۇنــۇ سۆزى يېتەرلىكتۇر.

﴿وَقَدِمْنَا إِلَى مَا عَمِلُوا مِنْ عَمَلٍ فَجَعَلْنَاهُ هَبَاءً مَّنثُورًا﴾

«بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئــۇنى ئۇچــۇپ يــۈرگەن توزانــدەك قىلىــۋېتىمىز، (يەنــى ئــۇلار ئىمانــسىز بولغــانلىقتىن، قىلغــان ياخــشى ئەمەللىرىنــى يوققــا چىقىرىمىز).[①]»

ياۋروپــا مۇشــۇنداق تەۋرىنىــشلەرنىڭ بىرىــدە ھەر بىــر نەرســىدىكى مــۇتلەق «تۇرغۇنلــۇق» ئىدىيىــسىدىن ھەر بىــر نەرسىدىكى مۇتلەق «تەرەققىيات» ئىدىيىسىگە كۆچتى. تەڭپۇڭ، ئوتتۇراھال بىر نۇقتىدا توختىمىدى. بۇ نۇقتا ئىنسان ھاياتىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ «تۇراقلىق» بولمايدىغانلىقى ياكى «تۇراقلىق» بولــسا بولمايــدىغانلىقى ۋە ھەمــمە نەرســىنىڭ «ئۆزگىرىشچان» بولمايدىغانلىقى يــاكى «ئۆزگىرىــشچان» بولــسا بولمايــدىغانلىقى، بەلكى، ئىنسان ھاياتىدا ھەم «تۇراقلىق» ھەم «ئۆزگىرىشچان» ئامىللارنىڭ بولىدىغانلىقى، «تۇراقلىق» ئــامىللارنى ئۆزگەرتىــشكە

① سۈرە فۇرقان: 23 ـ ئايەت.

بولمايدىغانلىقى، «ئۆزگىرىشچان» ئامىللارنى «تۇراقلاشتۇرۇش»قا بولمايدىغانلىقى، ئەگەر بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىنسا، ئىنسانىنىڭ ھاياتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، «مىزان»نى يوقىتىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەتتى.

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ﴾

«بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق.[1]»

* * * * *

قانۇن چىقىرىش مەسىلىسى ئۇلۇھىيەت مەسىلىسى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشچانلىقىقا ئىگە مەسىلىدۇر...

بۇ مەسىلە ئۇلۇھىيەت مەسىلىسىگە بىر چېتىق بىلەن ئەمەس، بەلكى، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى چېتىق بىلەن باغلىنىدۇ...

بىرىنچى چېتىق شۇكى، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى اللەغا مەنسۇپ، چۈنكى، الله ياراتقۇچىدۇر.

﴿أَلاَ لَهُ الْخَلْقُ وَالأَمْرُ﴾

«يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر.[2]»

بەلگىلەش ھوقۇقى اللەغا مەنسۇپ!... يەنى «بۇ بولىدۇ، بۇ بولمايدۇ، بۇ توغرا، بۇ خاتا، بۇ چىرايلىق، بۇ سەت، بۇ ھالال، بۇ ھارام» دېيىش ھوقۇقى بىر اللەغا خاس. چۈنكى، الله

---

① سۈرە ھەدىد: 25- ئايەت.

② سۈرە ئەئراف: 54- ئايەت.

ياراتقۇچىدۇر. ئۇ ئاسمان-زېمىننى ۋە ئىنساننى ياراتتى. ئىنسانغا تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقىلنى، ھېس قىلغۇچى سەزگۈ ئەزالارنى ۋە سانىسىزلىغان نېمەتلەرنى بەردى. اللەنىڭ خاس ھوقۇقلىرىدىن بىر ھوقۇقى -قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى- اللەدىن تارتىۋالماقچى بولغان بۇ ئىنسان ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ياراتمىدى. ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا رىزىق بەرمىدى. بەلكى، ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىغۇ ئەلۋەتتە اللەغا مۇھتاج، ئۇنىڭدىن باشقا ئىچىدىغان بىر يۇتۇم سۇ، نەپەسلىنىدىغان ئازغىنە ئوكسىگېن، كىيەكلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى... دېگەندەك چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ياراتقۇچىسىغا مۇھتاج!.

ئۇنداقتا، ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسى قارار چىقىرىدۇ؟ يارىتالايدىغان زاتمۇ ياكى يارىتالمايدىغان زاتمۇ؟

﴿أَفَمَن يَخْلُقُ كَمَن لاَّ يَخْلُقُ أَفَلا تَذَكَّرُونَ﴾

«(پۈتۈن كائىناتنى) ياراتقان اللە بىلەن (ھېچ نەرسىنى) يارىتالمايدىغان (بۇتلار) ئوخشاش بولامدۇ؟ ئويلىمامسىلەر.①»

﴿وَالَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ اللّهِ لاَ يَخْلُقُونَ شَيْئًا وَهُمْ يُخْلَقُونَ﴾

«ئۇلارنىڭ اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلغانلىرى (يەنى بۇتلىرى) ھېچ شەيئىنى يارىتالمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يارىتىلغاندۇر (يەنى ئىنسانلار تەرىپىدىن ياسالغاندۇر).②»

بۇ ئايەت جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان ئويدۇرما ئىلاھلارنىڭ يارىتىش خۇسۇسىيىتى بولمىغانلىقتىن ئىبادەتكە لايىق كەلمەيدىغانلىقىغا دىققىتىمىزنى تارتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

---

① سۈرە نەھل: 17- ئايەت.

② سۈرە نەھل: 20- ئايەت.

بىراق، ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇلۇھىيەتنى دەۋا قىلغان، كىشىلەر اللەنى قويۇپ، ئۇنى ئىلاھ قىلىۋالغان ھەر قانداق كىشىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى دەۋا قىلغۇچىدا «ئۇلۇھىيەت دەۋاسى» بىلەن «خۇدالىق دەۋاسى» تەڭ تېپىلىدۇ. چۈنكى، بىر تەرەپتىن ئۇ ئۆزىنى اللەنىڭ شېرىكى قىلىۋالغان بولىدۇ. مەسىلەن: الله «بۇ ھارام» دېسە، ئۇ «ھالال» دەيدۇ. الله «بۇ توغرا» دېسە، ئۇ «خاتا» دەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئۆزى خالاپ ھالال ۋە ھارام (قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز) دەپ بەلگىلەپ بەرگەن تۈزۈم ۋە پرىنسىپلىرىغا ئەگىشىۋاتقان كىشىلەر ئۇنى اللەنىڭ شېرىكى قىلىۋالغان بولىدۇ. الله يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار ھەققىدە مۇنداق دېدى:

﴿اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ﴾

«ئۇلار (يەھۇدىي-ناسارالار) ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) مەبۇد قىلىۋالدى.[1]»

ئەدىي ئىبنى ھاتەم ئىبادەت ئۇقۇمىنى بىلمىگەنلىكتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئۇلار موللا-راھىبلىرىغا چوقۇنمىغان ئىدىغۇ؟» دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ: «ئۇلار ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىپ بەرسە شۇنىڭغا ئەگەشمەمسىز؟ مانا بۇ ئۇلارنىڭ موللا-راھىبلىرىغا چوقۇنغانلىقىدۇر[2]» دېدى.

بۇ شەرىئەت مەسىلىسىنى ئۇلۇھىيەت مەسىلىسىگە بىۋاستە

① سۈرە تەۋبە: 31- ئايەت.

② تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

باغلايدىغان بىرىنچى چېتىقتۇر: يەنى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى يارىتىدىغان زاتقا مەنسۇپ، يارىتىش ئىقتىدارى بولمىغان زاتقا ئەمەس!... ئۇ مەيلى بۇت ياكى ئىنسان بولسۇن، ھاكىم ياكى مەھكۇم بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە اللەنىڭ مۇنۇ سۆزى ئۇيغۇن كېلىدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ لَن يَخْلُقُوا ذُبَابًا وَلَوِ اجْتَمَعُوا لَهُ وَإِن يَسْلُبْهُمُ الذُّبَابُ شَيْئًا لَّا يَسْتَنقِذُوهُ مِنْهُ ضَعُفَ الطَّالِبُ وَالْمَطْلُوبُ﴾

«شۈبھىسىزكى، سىلەر اللەنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ!)، چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (يەنى بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇش پۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر.[1]»

ئىككىنچى چېتىق اللەنىڭ سۈپەتلىرىدىن ﴿الْخَالِقُ﴾ «ياراتقۇچى» دېگەن سۈپىتىدىن باشقا، ﴿اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾ «شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار» ۋە ﴿الْحَكِيمُ الْعَلِيمُ﴾ «ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى» دېگەن بىر قانچە سۈپىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ھەقىقەتەن قانۇن تۈزگۈچى قانۇنلىرىنىڭ ئاممىباب بولۇشى ئۈچۈن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بولۇشى، قانۇنلىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە ۋە ئەھۋالىغا مۇناسىپ بولۇشى ئۈچۈن قانۇنغا رىئايە قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلگۈچى

[1] سۈرە ھەج: 73 ـ ئايەت.

بولۇشى، قانۇنلاردىن بۇگۇن ياكى كەلگۈسىدە زىيانلىق نەتىجە كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن قانۇن پەيدا قىلىدىغان تەسىرلەردىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى، مەخپى ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن شەيئىلەرنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچى بولۇشى لازىم. ئىنسانلار ئىچىدە كىم ئۆزىنى «مەن مۇشۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە، مەندە بۇ خىل سۈپەتلەر اللهغا قارىغاندا كۆپرەك تېپىلىدۇ» دەپ ئېيتالايدۇ؟!

﴿أَأَنتُمْ أَعْلَمُ أَمِ اللّهُ﴾

«سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر؟ ياكى الله ئوبدان بىلەمدۇ؟.[1]»

﴿وَعَسَى أَن تَكْرَهُواْ شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ وَعَسَى أَن تُحِبُّواْ شَيْئًا وَهُوَ شَرٌّ لَّكُمْ وَاللّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ﴾

«سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن الله بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار).[2]»

ياۋروپا خاتا هالدا اللهنىڭ دىنى دەپ ئويلىغان پائۇلنىڭ دىنىدىن چىكىنىپ چىقىپ، ئۆزىنى: «بويۇنتۇرۇقتىن ئازات بولدۇق، ئەمدى اللهنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئېهتىياجلىق ئەمەسمىز» دېگەن چاغدا، ئۆلارنىڭ قانۇنلىرى شەخس، جەمئىيەت ۋە دۆلەت هاياتىدا قانداق ناچار تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى؟

ياۋروپا جەمئىيىتىدە ئاياللارغا چۈشۈۋاتقان زۇلۇمنى يوقىتىش

---

① سۈرە بەقەرە: 140 ـ ئايەت.

② سۈرە بەقەرە: 216 ـ ئايەت.

ئۇچۇن ئاياللارنى «ئازات» قىلغان، ئاياللارنىڭ ۋە ئاياللار بىلەن بىرگە ئەرلەرنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇپ، ئائىلىنى پاچاقلاپ تاشلىغان، كوچا بالىلارنىڭ ماكانىغا ئايلانغان، جىنسىي قالايمىقانچىلىق ۋە جىنايەت جەمئىيەتكە كەڭرى يامرىغان چاغدا ياۋروپا قانۇنلىرى نېمە قىلالىدى[1]؟!

جىنايەتكە بېرىلىدىغان جازانى ئىزچىل تۈردە يەڭگىللىتىپ، ئاخىرى جىنايەت جەمئىيەتتە يۈز بېرىدىغان ئادەتتىكى بىر ئىشقا، بەلكى، تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان چاغدا ياۋروپا قانۇنلىرى نېمە قىلالىدى؟!

جازانىنى ھالال قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى جازانە ئۈستىگە تىكلىگەن، ئاندىن كاپىتالىزم تاغۇتلىرى بايلىق ۋە پاراۋانلىقنى كۆپەيتىپ، كەمبەغەللەرنىڭ نامراتلىق ۋە بىچارىلىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمگەكچىلەرنىڭ قانلىرىنى شوراپ، ئۇلارنى قۇل قىلغان چاغدا ياۋروپا قانۇنلىرى نېمە قىلالىدى؟!

ياۋروپا خەلقئارا سىياسىتىنى ـ ئۆزىنى چوڭ دۆلەتلەر دەپ ئاتىۋالغان ـ تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئۈستىگە قۇرغان، كىچىك دۆلەتلەرنى ئولجا كەبى تالان ـ تاراج قىلغان، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق بىر خەلقئارالىق جازادىن «ۋېتو ھوقۇقى» (چوڭ دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارالىق قوغدىنىش ھوقۇقى) بىلەن ئۆزىنى قوغدىغان چاغدا ياۋروپا قانۇنلىرى نېمە قىلالىدى؟!

① ئامرېكىلىق يازغۇچى يازغان «مەن زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى، پاھىشە، ئون تۆت ياش» ناملىق ئەسەرگە قارالسۇن!

ياۋروپا: «بىز بويۇنتۇرۇقتىن ئازات بولدۇق، ئەمدى اللەنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئېھتىياجلىق ئەمەسمىز» دەپ جار سالغاندىن كېيىن يەر شارىنىڭ ھەممە جايلىرىنى قاپلىغان بۇزۇلۇش، ئىزتىراب، ئۇرۇش، قىرغىنچىلىق ۋە زۇلۇملار ئالدىدا ياۋروپا قانۇنلىرى نېمە قىلالىدى؟!

* * * * *

بىز يۇقىرىدا قانۇن چىقىرىش مەسىلىسى بىلەن ئۇلۇھىيەت مەسىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇردۇق. ھەمدە اللە ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن اللەنىڭ شەرىئەتتىكى ھاكىمىيىتىنىڭ پۈتكۈل كائىناتتىكى ھاكىمىيىتىنىڭ پەقەت بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇردۇق.

﴿إِنِ الْحُكْمُ إِلاَّ لِلّهِ، أَمَرَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ﴾

«ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت اللەغىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان.»[1]

﴿لَهُ الْحُكْمُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾

«(مەخلۇقاتتا ئىجرا بولىدىغان) ھۆكۈم پەقەت اللەغا خاستۇر، سىلەر اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.»[2]

---

① سۈرە يۇسۇف: 40 ـ ئايەت.

② سۈرە قەسەس: 88 ـ ئايەت.

﴿هَلْ مِنْ خَالِقٍ غَيْرُ اللَّهِ يَرْزُقُكُم مِّنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ﴾

«اللهدىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ اللهدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، (اللەنىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسلەر؟.»[1]

﴿وَمَا اخْتَلَفْتُمْ فِيهِ مِن شَيْءٍ فَحُكْمُهُ إِلَى اللَّهِ ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبِّي عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ، فَاطِرُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ جَعَلَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا وَمِنَ الْأَنْعَامِ أَزْوَاجًا يَذْرَؤُكُمْ فِيهِ لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ البَصِيرُ، لَهُ مَقَالِيدُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ يَبْسُطُ الرِّزْقَ لِمَن يَشَاء وَيَقْدِرُ إِنَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ، شَرَعَ لَكُم مِّنَ الدِّينِ مَا وَصَّى بِهِ نُوحًا وَالَّذِي أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِ إِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى وَعِيسَى أَنْ أَقِيمُوا الدِّينَ وَلَا تَتَفَرَّقُوا فِيهِ كَبُرَ عَلَى الْمُشْرِكِينَ مَا تَدْعُوهُمْ إِلَيْهِ اللَّهُ يَجْتَبِي إِلَيْهِ مَن يَشَاء وَيَهْدِي إِلَيْهِ مَن يُنِيبُ﴾

«سىلەر (دىن ئۇستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەر قانداق نەرسە ئۇستىدە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئۇنىڭغا الله ھۆكۈم چىقىرىدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) ئەنە شۇ الله مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم، (ھەممە ئىشتا) اللەغا مۇراجىئەت قىلىمەن. الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىدۇر، الله سىلەرگە ئۆز جىنسىڭلاردىن جۈپتىلەرنى (يەنى ئاياللارنى) ياراتتى. ھايۋانلارغىمۇ ئۆز تىپىدىن جۈپتىلەرنى ياراتتى. بۇ ئارقىلىق الله سىلەرنى كۆپەيتىدۇ، ھېچ شەيئى اللەغا ئوخشاش ئەمەستۇر، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ)

---

[1] سۈرە فاتىر: 3 ـ ئايەت.

ئاچقۇچلىرى اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر، اللە خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى (سىناش يۈزىسىدىن) كەڭ قىلىدۇ، خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى (بالاغا مۇپتىلا قىلىپ سىناش يۈزىسىدىن) تار قىلىدۇ، اللە ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. اللە سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيي قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار، مۇشرىكلارغا سەن ئۇلارنى دەۋەت قىلغان نەرسە (يەنى تەۋھىد) ئېغىر كەلدى، اللە تەۋھىدكە خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ، اللەنىڭ (تائىتىگە) قايتىدىغان ئادەمنى تەۋھىدكە باشلايدۇ.[1]»

﴿أَمْ لَهُمْ شُرَكَاءُ شَرَعُوا لَهُم مِّنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَن بِهِ اللَّهُ﴾

«ئۇلارنىڭ اللە رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟.[2]»

ئەگەر بىزگە بۇ كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئايدىڭ بولغان بولسا، ئۇنداقتا، بىز ئىلاھيي شەرىئەتنىڭ باشقا قانۇنلاردا تېپىلمايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى!

﴿أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾

«ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللەغا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللەدىنمۇ ئادىل كىم بار؟.[3]»

---

① سۈرە شۇرا: 10 ـ 13 ـ ئايەتلەر.

② سۈرە شۇرا: 21 ـ ئايەت.

③ سۈرە مائىدە: 50 ـ ئايەت.

ئېنىقكى، جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمى ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىگە چىقىرىپ بەرگەن ھۆكمىدۇر. بۇ ئايەت كەرىمە شۇنى ئېنىق بايان قىلىدۇكى، ھەقىقەتەن بۇ يەردە ھۆكۈمنىڭ ئىككىلا تۈرى مەۋجۇت، ھەرگىزمۇ ئۈچىنچىسى مەۋجۇت ئەمەس. بىر بولسا اللەنىڭ ھۆكمى، بىر بولسا جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمى. شۇ سەۋەپتىن اللەنىڭ قانۇنىنىڭ غەيرى بىلەن قىلىنغان ھەر قانداق ھۆكۈم ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى قانداق بولسۇن، شەكلى ۋە مەزمۇنلىرى قانداق بولسۇن پۈتۈنلەي جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمىدۇر.

كىشىلەر اللەنىڭ شەرىئىتىگە رىئايە قىلمايدىكەن، ئۇنداقتا، جەزمەن ئىنسانلار قانۇن تۈزگۈچى بولىدۇ. قانۇن تۈزگۈچى مەيلى شەخس بولسۇن ياكى كوللىكتىپ بولسۇن ياكى بارلىق ئىنسانلار توپى بولسۇن بەرىبىر «ئىنسان» دېگەن كاتېگورىيىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بارلىق ھۆكمى جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمى بولىدۇ.

ئىلاھىي شەرىئەتتە كىشىنىڭ ئەڭ بەك دىققىتىنى تارتىغىنى «ئومۇمىيلىق» ۋە «ئۇنىۋېرساللىق»دۇر. دىن مۇكەممەللىشىپ، اللە:

﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الإِسْلاَمَ دِينًا﴾

«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تامامىلىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.[1]»

دېگەن چاغدىلا ئىلاھىي شەرىئەت ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ۋە ئىنساننىڭ زېمىندىكى ھاياتىنىڭ بارلىق

---

① سۈرە مائىدە: 3- ئايەت.

تەلەپلىرىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئېلىپ بولغان.

بۇ يەردە ئىنسان ھاياتىدىكى تۇراقلىق ۋە ئۆزگىرىشچان مەسىلە پەيدا بولىدۇ-دە، مۇنداق بىر سوئال كېلىپ چىقىدۇ: شەرىئەت نازىل بولغىلى ئون تۆت ئەسىر بولدى، ئون تۆت ئەسىردىن بۇيان ھايات ئىزچىل تۈردە ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا، قەدىمقى زاماندا نازىل بولغان شەرىئەتنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنگە ھۆكۈم قىلىشقا قانداق سالاھىيىتى توشىدۇ؟

بۇ يەردە جاھىلىيەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ-دە: «ئۇنداقتا، ئىنسانلار ئۆزىگە ئۆزى قانۇن تۈزۈشى لازىم، چۈنكى، تۇرغۇن شەرىئەتنىڭ ھاياتنىڭ يېڭىلىقلىرى بىلەن ماسلىشالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىنسان ئاي شارىغا چىقتى، ئاتومنىڭ سىرىنى يەشتى، ھەيران قالارلىق "مۆجىزىلەر"نى ياراتتى» دەيدۇ.

ئاتالمىش مۇسۇلمانلاردىن مۇشۇنداق گەپنى دەيدىغانلار ئىلاھىي شەرىئەت ھەققىدە ھېچنىمە بىلمەيدىغان، ئۆز ئۈممىتىنىڭ تارىخىنى ئوقۇپ باقمىغان، شانلىق ئەنئەنىلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلار غەربنىڭ «ئارتۇقچىلىقلىرى» ئالدىدا خۇدىنى يوقىتىپ، روھى قۇللۇق ئىسكەنجىسىگە چۈشكەندىن باشلاپ، ئىسلام ھەقىقەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن، خرىستىئانلار مۇسۇلمان ئەللىرىدە پەيدا قىلغان ئىدىيىۋى ھۇجۇم ۋە «ئەمەلىي رېئاللىق»نىڭ بېسىمى ئاستىدا يەنچىلىپ، كۆكۈم-تالقان بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر.

﴿وَلَوْ جَعَلْنَاهُ قُرْآنًا أَعْجَمِيًّا لَّقَالُوا لَوْلَا فُصِّلَتْ آيَاتُهُ أَأَعْجَمِيٌّ وَعَرَبِيٌّ قُلْ هُوَ لِلَّذِينَ آمَنُوا هُدًى وَشِفَاءٌ وَالَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ فِي آذَانِهِمْ وَقْرٌ وَهُوَ عَلَيْهِمْ عَمًى أُولَٰئِكَ يُنَادَوْنَ

مِن مَّكَانٍ بَعِيدٍ﴾

«مۇبادا بىز ئۇنى ئەجەم تىلىدىكى قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: "نېمىشقا ئۇنىڭ ئايەتلىرى (بىز چۈشىنىدىغان تىلدا) روشەن بايان قىلىنمىدى؟ پەيغەمبەر ئەرەب، كىتاب ئەجەمچىمۇ؟" دەيتتى. ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك-شۈبھىگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ)[①]»

ھەقىقەتەن ئىنسان ھاياتىدا - بارلىق كائىنات قۇرۇلمىسىدىكىدەكلا- تۇراقلىق ۋە ئۆزگىرىشچان ئامىللار مەۋجۇت...

ئىلمىي تەرەققىياتنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كىشىلەر ماددىي كائىناتقا نىسبەتەن بۇ ھەقىقەتنى ئېنىق تونۇپ يەتتى. يەنى بۇ يەردە دائىملىق بىر ئۆزگىرىش مەۋجۇت ياكى ئۇلارنىڭ تىل ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا كائىناتنىڭ شەكلىدە دائىملىق بىر تەرەققىيات مەجۇت: يۇلتۇزلار يوقۇلۇپ، (يېڭىدىن) يۇلتۇزلار پەيدا بولىدۇ. تۇمانلىق بۇلۇتلار توپلىشىپ، پلانېتالار تارقاقلىشىدۇ... نۇرلۇق مەدەنلەر نۇرسىز مەدەنلەرگە ئايلىنىدۇ.

---

① سۈرە فۇسسىلەت: 44- ئايەت.

ئۇنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقى ئۆزگىرىدۇ... بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇراقلىق ئوق رامكىسى ئىچىدە تاماملىنىدۇكى، ئۇنىڭ ئاساسى كائىناتنىڭ سىرتقى شەكلىدىكى تۇرلۇك ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان ئاتوم تەركىبى بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار مۇشۇ دىنىنىڭ تەلەپلىرىگە رىئايە قىلغان، قەلبلىرىنى «لاإلــه الاالله» ئۇچۇن خالىس قىلغان، نەتىجىدە اللەنىڭ نۇرى بىلەن ئۇلارنىڭ پاراستى نۇرلانغاندىن باشلاپ، ئىنسانلار ھاياتىدىكى بۇ خىل تۇراقلىق ۋە ئۆزگىرىشچان ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەن.

مۇسۇلمانلار شۇنى تونۇپ يەتكەنكى، ھەقىقەتەن ئىنسانلار ھاياتىدا ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان تۇراقلىق ئىشلار مەۋجۇت. ئەگەر بۇلار ئۆزگەرتىلسە ھايات بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. يەنە شەكىل جەھەتتىن دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئىشلار مەۋجۇت. بىراق، بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتى ئۆزگەرمەيدىغان تۇراقلىق قائىدىلەرنىڭ كونتروللۇق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بۇ ئۆزگىرىش تۇراقلىق قائىدىلەرنىڭ كونتروللۇق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتسە، ئۇنداقتا، بۇ خىل ئۆزگىرىش غايەت زور چۇۋالچاق بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇكى، ئۇنى ھېچقانداق بىر ئۆلچەم ياكى رامكا كونترول قىلالمايدۇ.

مۇسۇلمانلار شۇنى تونۇپ يەتكەنكى، ئىلاھىي شەرىئەت بۇ كائىنات ھەقىقىتى بىلەن ئىنسانلار ھاياتىدا ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇچرىشىدۇ. ئىلاھىي شەرىئەتتىكى ئۆزگەرمەس تۇراقلىق ھەقىقەتلەر ئىنسانلار ھاياتىدىكى تۇراقلىق ئىشلارنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا، ئىلاھىي شەرىئەتتىكى تۇراقلىق قائىدىلەر ئىنسانلار ھاياتىنىڭ بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا تەرەققى

قىلىپ تۇرىدىغانلىقى سەۋەبىدىن دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئىشلارغا ئۆلچەم بەلگىلەپ بېرىدۇ. اللە تائالا ـ مەيلى قۇرئان ياكى ھەدىستە بولسۇن ـ تۇراقلىق ئىشلار ھەققىدىكى كونكرېت ھۆكۈملەرنى نازىل قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزگىرىشچان ئىشلار ھەققىدىكى ئابستراكت ھۆكۈملەرنىمۇ نازىل قىلغان. ئاندىن «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىگە رىئايە قىلىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ ئەقلىگە يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئىشلارنى تۇراقلىق ھۆكۈملەرگە چۈشۈرۈشتە «ئىجتىھاد» قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن. نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ۋەھيى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار بارلىق ئىشلاردا قۇرئان ۋە ھەدىسكە تايانغان ھالدا بۇ دىننى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاشقا كىرىشكەندىن تارتىپلا بىۋاستە باشلانغان «فىقھي» مەيدانغا كەلگەن.

ئىجتىھاد ــ مۇسۇلمانلار ھاياتىدىكى تۇراقلىق ئىشلار بىلەن ئۆزگىرىشچان ئىشلار ئوتتۇرىسىنى ماسلاشتۇرىدىغان دائىملىق قورالدۇر.

ئەلمانىيلار ساختا دەۋالارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ ئارقىلىق اللەنىڭ شەرىئىتىنى بىكار قىلىۋېتەلەيمىز دەپ ئويلايدۇ.

﴿يُرِيدُونَ لِيُطْفِئُوا نُورَ اللَّهِ بِأَفْوَاهِهِمْ وَاللَّهُ مُتِمُّ نُورِهِ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ، هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُونَ﴾

«ئۇلار اللەنىڭ نۇرىنى (يەنى اللەنىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اللە ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر). مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اللە ھەق دىنىنى بارلىق

دىنلار ئۇستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى.①»

ئەلمانىيلارنىڭ بەزىلىرى مۇنداق دېيىشىدۇ: ئىسلامىي ھايات شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ تۇرغۇنلۇقى ۋە ئىنسانلار ھاياتىدا يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان كەڭ-كۆلەملىك يېڭىلىقلار بىلەن ماسلىشالماسلىقى سەۋەبىدىن ئاخىرقى ئۈچ ئەسىردە قاتماللىشىپ قالدى.

ئۇلار بۇ باتىل سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ اللەنىڭ دىنىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالىدۇ. بەلكى، ئۇلار مۇسۇلمانلار اللەنىڭ دىنىغا كىرىپ كەلگەن ئەڭ چوڭ دەرۋازا- ئەقىدە دەرۋازىسى- دىن بىمالال چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار - گەرچە بۇنى ئاڭلىق تۈردە ھېس قىلالمىسىمۇ- اللەنىڭ ئىلىم ۋە ھېكمەت سۈپىتىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ- نادانلىق ئىچىدە ئېيتىلغان- بۇ گەپلىرىدىن گويا "اللە بۇ شەرىئەتنى يولغا قويغان چاغدا كېيىنكى ئەسىرلەردە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلمەپتىكەن، اللە پەرز قىلغان شەرىئەت كىشىلەر ھاياتىدىكى يېڭىلىقلارغا ماس كەلمەيدىكەن، يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان شارائىتقا تەدبىقلىغىلى بولمايدىغان شەرىئەتنى يولغا قويۇش ھېكمەتلىك (پەم-پاراسەتلىك) كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس" دېگەندەك بىر مەنا چىقىپ تۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەنە مۇنداق دېيىشىدۇ: ئىجتىھاد دېگەن ئىنسانىي قىلمىش... ئەمەلدە تەدبىقلانغىنى اللەنىڭ شەرىئىتى ئەمەس، بەلكى، ئىنسانىنىڭ اللەنىڭ شەرىئىتىگە بولغان

---

① سۈرە سەپ: 7-8- ئايەتلەر.

چۈشەنچىسى. ھەقىقەتەن بۇ خىل مەنادىكى اللەنىڭ شەرىئىتى ماھىيەتتە مەۋجۇدىيىتى (تۇتقىلىقى) يوق بىر نەرسە. بەلكى، اللەنىڭ شەرىئىتىگە بولغان ئىنسانىي تەسەۋۋۇر. بۇ خىل تەسەۋۋۇر ئۆزگىرىشىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بىر فەقىھ بىلەن يەنە بىر فەقىھ ئوتتۇرىسىدا بىردەكلىك يوق (ئىختىلاپ بار)... ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن بىز ماھىيەتتە مەۋجۇدىيىتى (تۇتقىلىقى) يوق ياكى «پەقەت مۇشۇلا اللەنىڭ شەرىئىتى» دېگىلى بولمايدىغان بىر نەرسىنى «قانۇن» دەپ يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىمىز؟!.

ئۇلارنىڭ يەنە بەزىلىرى مۇنداق دېيىشىدۇ: ئىجتىھاد ئىنساننىڭ قىلمىشى بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا، نېمىشقا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا كەسكىن بىر قارارنى چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايمىز؟!... يەنى شەرىئەت ئىسمىلىك بۇ نەرسىنى نېمىشقا دېققەت-ئېتىبارىمىزنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ تاشلىيالمايمىز؟ نېمىشقا سېقىلماي يەرلىك قانۇننى قوبۇل قىلالمايمىز؟ چۈنكى، ئۇ ئىنسانلار ھاياتىدا پەيدا بولۇۋاتقان يېڭىلىقلارغا تامامەن ماس كېلىدىغان «زامانىۋى»، «تەييار» قانۇندۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چېقىلغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس قانۇن ئەمەس. بەلكى، ئۇ ئىنسانلار تۈزگەن ئادەتتىكى قانۇن. خالىساق ئۆزگەرتەلەيمىز، خالىساق ئەمەلدىن قالدۇرالايمىز.

بۇلار - گەرچە «قانۇنشۇناس» بولسىمۇ- ئۆزىمۇ خاتالاشقان، باشقىلارنىمۇ ئوچۇق، قەبىھ خاتالىق بىلەن ئازدۇرغان كىشىلەردۇر...

توغرا، تېكىست (ئايەت ياكى ھەدىسنىڭ تېكىستىنى) ئىزاھلاشتا ھەقىقەتەن ئىختىلاپ بار. يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان

مەسىلىلەرگە هۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن تۇراقلىق قائىدىلەردىن پايدىلىنىشتىمۇ ئىختىلاپ بار... بىراق، بۇ قەدىمدىن تارتىپ مەجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئەھۋال بولۇپ، فەقىھلەر مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپلا بۇ ئىختىلاپ ئۇلارغا ناتونۇش ئەمەس ئىدى. فەقىھلەر بىر-بىرىنى ئىختىلاپ پرىنسىپى بويىچە ئېتىراپ قىلىشقان ئىدى. ئۇلار بۇنى شەرىئەتنىكى يوچۇق ياكى شەرىئەتنى بىكار قىلغانلىق ياكى شەرىئەتنى ماھىيەتتە مەۋجۇدىيىتى (تۇتقىلىقى) يوق شەكلىي بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىق دەپ قارىمىغان ئىدى.

بۇنداق قەبىھ خاتالىقنى سادىر قىلغۇچىلار مۇجتەھىدلارنىڭ ئىجتىهاد چېگرىسىدىن غەپلەتتە قىلىپ، ئىجتىهادنى ئۆلچەمسىز هالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر ئىش دەپ ئويلاپ قىلىشقان. ئەمەلىيەتتە ئىجتىهاد ھەرگىزمۇ هارامنى هالال قىلالمايدۇ. هالالنى هارام قىلالمايدۇ. شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە تېخىمۇ خىلاپلىق قىلمايدۇ.

الله ۋە پەيغەمبەر ئورناتقان چەك-چېگرالارغا رىئايە قىلىدىغان ئىجتىهاد بىلەن ئىنسانىي نۇقتىئىنەزەردىن باشقا هېچقانداق ئۆلچىمى يوق ئىجتىهاد (ئىنسانىي خاهىش) ئوتتۇرىسىدا رىئال دۇنيادا چوقوم پەرق بار.

بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇنازىرە قىلىش هاجەتسىز...

فەقىھلەر ئىجتىهاد قىلىدىغان، بىراق، -ئىجتىهادتا- «پاھىشىنىڭ هاراملىقى»دا چېك تۇرىدىغان جەمئىيەت بىلەن قانۇنشۇناسلىرى كۆپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق پاھىشىگە

رۇخسەت قىلىدىغان جەمئىيەت باراۋەرمۇ؟!

فەقىھلەر ئىجتىھاد قىلىدىغان، بىراق، -ئىجتىھادتا- «جازانىنىڭ ھاراملىقى»دا چىڭ تۇرىدىغان جەمئىيەت بىلەن قانۇنشۇناسلىرى كۆپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق جازانىگە رۇخسەت قىلىدىغان ۋە جازانىنى ھالاكەتلىك ئىقتىسادىي قورالغا ئايلاندۇرىدىغان جەمئىيەت باراۋەرمۇ؟!

فەقىھلەر ئىجتىھاد قىلىدىغان، بىراق، -ئىجتىھادتا- «ھەد (جازا)نى يولغا قويۇشتا»دا چىڭ تۇرىدىغان جەمئىيەت بىلەن قانۇنشۇناسلىرى كۆپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئىزچىل تۈردە جازانى يەڭگىللىتىپ، جىنايەتنىڭ كۆنسىرى ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان جەمئىيەت باراۋەرمۇ؟!

ئەگەر بىز ئىجتىھادتا شەرىئەتنىڭ مەقسىتىنى چىڭ تۇتساق، ئۇنداقتا، ئەلمانىيلار ئىجتىھاد ھەققىدە قانداقمۇ بولمىغۇرلۇق بىلەن بىلجىرلىيالىسۇن؟!

* * * * *

بۇ دىندا يالغۇز شەرىئەت (قانۇن)لا ئىشقا سېلىنماستىن، بەلكى، شەرىئەتنىڭ جەمئىيەتنى بۇزۇقچىلىقتىن ساقلاشتىكى كۆپلىگەن ئامىللارنىڭ پەقەت بىرى ئىكەنلىكى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. دېمەكچىمىزكى، بۇ يەردىكى مەسىلە باشقا بىر قانۇنغا ئالماشتۇرۇش مۇمكىن بولىدىغان «قانۇن» مەسىلىسى ئەمەس. بەلكى، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اللە تەرەپتىن نازىل قىلىنغان كىتاب (قۇرئان كەرىم) مەسىلىسىدۇر. ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىم ئىشلارنى ھەل قىلىشتىكى مۇكەممەل پرىنسىپتۇر. ئۇ ئىشلارنى يەككە ھالەتتە بىر

تەرەپ قىلمايدۇ، يەككە ھالەتتىكى ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ...

بىز جازا ئىجرا قىلىشتىكى مۇنداق بىر ئۇلگىنى كۆرۈپ باقايلى!...

ئوغرىنىڭ جازاسى قولىنى كېسىش...

مەسىلە مۇشۇنداق يەككە رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان چاغدا بىر قىسىم كىشىلەر جىنايەتچىگىمۇ «ئىنسانپەرۋەرلىك» نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش نامى بىلەن ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، ئۇنى ئىنكار قىلىشىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا بولسا مۇنداق بىر خىيال پەيدا بولىدۇ: قولنى كېسىش نېمە دېگەن رەھىمسىزلىك-ھە؟ بىر ئاز ئىنساپ قىلىپ يەڭگىلرەك جازا بەرسىمۇ بولىدىغۇ؟ مەسىلەن، مۇددەتلىك قاماق جازاسى دېگەندەك...

مەيلى ئۇلار ياكى بۇلار بولسۇن ھەممىسى ئىسلامنى تەدبىقلايدىغان ئوبيكتىپ مۇھىتنى چۈشەنمەسلىك، روھلارنى قۇل قىلىدىغان غەربتىن ھاڭ-تاڭ قىلىش سەۋەبىدىن ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىشىدۇ.

ئىسلام مەسىلىگە يالغۇز جازا نۇقتىسىدىنلا مۇئامىلە قىلمايدۇ. مەسىلىنى ھەل قىلىشتا نوقۇل جازاغىلا تايانمايدۇ ھەمدە جازانى بىردىنبىر ھەل قىلىش ئۇسۇلى سۈپىتىدە قوللانمايدۇ. جازا بولسا ئىسلام ئەڭ ئاخىرىدا ئامالسىز قوللىنىدىغان چارىدۇر.

ئىلاھىي پرىنسىپ ئالدى بىلەن جىنايەتنىڭ سەۋەپلىرىنى چەكلەشنى نىشان قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا جىنايەت ئالدىراپ يۈز بەرمەيدۇ.

ئاندىن اللەغا، ئاخىرەتكە بولغان ئىمانىنى مۇستەھكەملەشنى، بەندە بىلەن الله ئوتتۇرىسىدا جانلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى نىشان قىلىدۇ... بۇ خىل مۇناسىۋەت قەلبدە اللەغا قارىتا ھايا ۋە پاكلىقنى، ئىتائەتكە يېتەكلەيدىغان مۇھەببەتنى ۋە اللەنىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىشقا ئېلىپ بارىدىغان قورقۇنچنى پەيدا قىلىدۇ.

﴿وَيَرْجُونَ رَحْمَتَهُ وَيَخَافُونَ عَذَابَهُ﴾

«ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ (ئۇنىڭ) ئازابىدىن قورقىدۇ.[1]»

ئاندىن كېيىن جەمئىيەتتە دوستلۇق ۋە مېھرى-مۇھەببەت ئېلېمېنتلىرىنى كۈچەيتىدۇ، مۇئمىنلەر ئوتتۇرىسىدا «قېرىنداشلىق»نى مۇستەھكەملەيدۇ.

﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾

«مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر.[2]»

ئاندىن كېيىن ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىدۇ. ئائىلە بولسا بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيىلەپ يېتىلدۈرىدىغان باغچىدۇر.

ھېسسىي رېئاللىقتا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بۇ «مەنىۋى خىسلەتلەر»دىن باشقا، بايلارنىڭ ماللىرىدا بىر ئۈلۈش «نېسۋە» (ئۆشرە-زاكات)نى پەرز قىلىپ بېكىتىدۇ. دۆلەت ئەمرى بۇ «نېسۋە»نى بىر يەرگە جەملەيدۇ. ھەتتا، ئۇنى بېرىشتىن باش تارتقان كىشى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنى مۇھتاجلارغا

---

① سۈرە ئىسرا: 57- ئايەت.

② سۈرە ھوجۇرات: 9- ئايەت.

چىقىم قىلىپ بېرىدۇ (تارقىتىپ بېرىدۇ.)

ئەڭ ئاخىرىدا ئىشلىيەلمەيدىغان ياكى ئىشلەشكە شارائىتى يار بەرمەيدىغان ياكى تۇرمۇشى ئومۇمى ئۇممەتنىڭ ئەھۋالىغا نىسبەتەن تۆۋەن بولغان كىشىلەرگە دۆلەت خەزىنىسىنى مەسئۇل قىلىدۇ.

ئىلاھىي پرىنسىپ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى زېمىندا ئەمەلگە ئاشۇرسا، ئۇنداقتا، ئوغرى نېمىشقا ئوغرىلىق قىلىدۇ؟!

ئەگەر ئۇ مۇشۇ خىل ئەھۋالدا ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنداقتا، ئۇ ھەرگىزمۇ ئامالسىزلىقتىن ئوغرىلىق قىلغان ھېساپلانمايدۇ.

بۇ چاغدا ئۇنى كۆتۈپ تۇرۇۋاتقان «رەھىمسىز» جازا ئۇنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ئۇرۇنۇشتىن توسۇشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاستە بولىدۇ.

يۇقارقىلاردىن باشقا، ئەگەر ئۇ راستىنلا ئوغرىلىق قىلغان ھالەتتىمۇ، قازى ئۇنىڭ ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغانلىقىنى، ھېچبىر سەۋەپسىزلا ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرمىغىچە قولىنى كېسىش جازاسىنى ئىجرا قىلمايدۇ.

ھاتەب ئىبنى بەلتەئەنىڭ خىزمەتكارلىرى مۇزەينە قەبىلىسىدىكى بىر كىشىنىڭ تۆگىسىنى ئوغرىلىدى. ئۇ كىشى ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۆمەر كەسىر ئىبنى سەلتە (جازا ئىجرا قىلغۇچى)نى ئۇلارنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىدى. ئۇلار جازا مەيدانىغا مېڭىۋېدى، ئۆمەر ئۇلارنى مېڭىشتىن توختاتتى. ئاندىن ھاتەب ئىبنى بەلتەئەگە: «اللە بىلەن قەسەمكى، سەن خىزمەتكارلىرىڭنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنى ھارام نەرسىنى يېسىمۇ ھالال بولغۇدەك

دەرىجىدە ئاچ قويىسەن. كاشكى، مەن مۇشۇلارنى بىلمىگەن بولسام، ئاندىن ئۇلارنىڭ قولىنى كېسەتتىم. مەن ھازىر ئۇلارنىڭ قولىنى كەسمەيمەن. ئەكسىچە سېنى ئېغىر دەرىجىدە جەرىمانە تۆلەشكە بۇيرىمەن» دېدى. ئاندىن مۇزەينە قەبىلىسىدىكى كىشىدىن: «تۆگەڭنى بازاردا قانچە پۇلغا ئالاتتى؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى: «تۆت يۈز تەڭگە» دېگەن ئىدى، ئۆمەر ھاتەبكە: «سەككىز يۈز تەڭگە تۆلەپ بەر» دېدى.

بۇ اللەنىڭ شەرىئىتىدە ئەكس ئەتكەن نەقەدەر يۈكسەك ئىلاھىي ئادالەت ـ ھە!

ئەلمانىيلار بۇ كۆركەم ئىلاھىي ھىدايەتنى رەت قىلىپ، ھەر قايسى ئەللەردە ئۇنىڭ بۇزۇقچىلىقى ئاشكارىلانغان، جەمئىيەتلىرىمۇ ئۇنىڭدىن زېرىكتۈاتقان قانۇنلارنى ئىزدەپ، اللەنىڭ يولىنى تاشلاپ قەيەرگە بارىدۇ؟!...

﴿أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾

«ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللەغا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللەدىنمۇ ئادىل كىم بار؟.[①]»

* * * * *

مانا بۇلار ئىلاھىي شەرىئەتكە خاس بولغان بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدىكى قىسقىچە چۈشەندۈرۈشلەر بولۇپ، ھەرگىزمۇ مەخسۇس تەتقىقات تېمىسى ئەمەس. بىزنىڭ بۇ چەكلىك سەھىپىلەردىكى نىشانىمىز اللەنىڭ دىنىدىكى ئەقىدە

---

① سۈرە مائىدە: 50 ـ ئايەت.

بىلەن شەرىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك باغلىنىشچانلىقنى بايان قىلىش، شۇنداقلا، اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ «لاإله الاالله»نىڭ ئىمان ۋە ئىبادەت جەھەتتىكى تەلەپلىرىگە ئوخشاش بىۋاستە تەلەپلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى مەركەزلىك ئاساستا بايان قىلىشتىن ئىبارەت... بۇلانىڭ ھەممىسى ئىماننىڭ ئاساسلىق يېلتىزلىرى بولۇپ، ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسى ياكى بىرى بۇزۇلسا ئىمان مۇقەررەر بۇزۇلىدۇ.

@ @ @ @ @

# 4. ئەخلاقىي تەلەپ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى مېنى بەكلا ئويغا سالىدۇ:

«تۆت ئىش بولۇپ، ئەگەر ئۇ بىر كىشىدە تولۇق تېپىلسا، ئۇ كىشى ھەقىقى مۇناپىق بولىدۇ. ئەگەر تۆت ئىشنىڭ بىرەرى بىر كىشىدە تېپىلسا، ئۇ كىشى شۇ بىر ئىشنى تاشلىمىغىچە، ئۇ كىشىدە مۇناپىقنىڭ بىر ئالامىتى ساقلانغان بولىدۇ. ئۇ تۆت ئىش مۇنۇلاردىن ئىبارەت: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ئەھدە قىلسا ئالدايدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، جىدەللىشىپ قالسا گۇناھ سادىر قىلىدۇ.[①]»

يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق، تالاش-تارتىشتا يامان گەپ قىلىش... ئەخلاقتا ياتىدىغان مەسىلە تۇرۇپ، «مۇناپىقلىق»نىڭ ئەقىدىگە ئالاقىدار مەسىلە بولۇشى مېنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ.

سۇبھانەللاھ! ئۇنداقتا، بەزىلەر نېمىشقا ئەخلاقنىڭ ئەقىدە بىلەن ئالاقىسى يوق دەپ قارايدۇ؟!...

ئەخلاقنىڭ ئەقىدە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەزەلدىن مېنىڭ ئېڭىمدا ئوچۇق مەسىلە ئىدى... مەن «لاإله الاالله» بىلەن ئاشۇ

---

① ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەخلاق ئوتتۇرىسىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان بۇ مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كەسكىن ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن «”لاإلــه الاالله“ ئەخلاقى» ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن ئىدىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قېتىم مەن ئەقىدە پاكولتېتىدىكى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى دىسسېرتاتسىيىسى (دوكتۇرلۇق ياكى ماگىستىرلىق ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن يېزىلىپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ، باھالىشى ئۈچۈن سۇنۇلغان ئىلمىي ماقالىسى)نى باھالاش جەريانىدا ھەقىقەتەن ھەيران قالغان ئىدىم. بۇ ئوقۇغۇچى ماقالىسىدا ئىسلامدىكى ئەخلاقنىڭ ئەقىدە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مەركەزلىك ھالدا يورۇتقان ئىدى. ئەمما، باھالىغۇچىلارنىڭ بىرى قوپاللىق بىلەن: «ئەخلاقنىڭ ئەقىدە بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئەقىدە دېگەن بىز دەرسلىرىمىزدە ئۆگەنگەندەك ئىلاھىييات، نەبۇۋۋات ۋە سەمئىيياتدۇر[1]. ئەمما، ئەخلاق بولسا مۇستەقىل بىر تېمىدۇر!» دەپ ۋارقىراپ كەتكەن ئىدى.

مەن بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى، باھالىغۇچى مەلۇماتى مول، نەزەر دائىرىسى كەڭرى، ھەممىگە تونۇلغان مەشھۇر دەۋەتچى ئىدى... مەن شۇ چاغلاردا: «توغرا، ”لاإله الاالله“ بىلەن ئۇنىڭ تەلەپلىرى ئوتتۇرىسىنى مۇشۇنداق ئايرىۋېتىش دەل ئۇممەتنىڭ ھازىرقىدەك پاجىئەگە گىرىپتا بولۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى ئىكەن» دەپ ئويلىغان ئىدىم.

* * * * *

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان تۇنجى سۈرە گەرچە

---

① «الله ۋە پەيغەمبەرنىڭ كىتاۋىدىن ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن بايانلار» دېگەن مەنىدە.

ئەينى چاغدا يەر يۈزىگە لىق توشۇپ كەتكەن جاھىلىيەتكە روبىرو تـۇرۇش ئۈچـۈن ئەۋەتىلـگەن پەيغەمـبەرگە چۈشـۈرۈلگەن تـوغرا ئەقىدىنى بايان قىلىش مەقسىتىدە نازىل بولغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭدىكى روشەن ئەخلاقىي چاقىرىق كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ.

﴿اقْرَأْ باسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ، خَلَقَ الْإِنْسَانَ مِنْ عَلَق، اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ، الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ، عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ، كَلَّا إِنَّ الْإِنْسَانَ لَيَطْغَى، أَنْ رَآَهُ اسْتَغْنَى، إِنَّ إِلَى رَبِّكَ الرُّجْعَى، أَرَأَيْتَ الَّذِي يَنْهَى، عَبْدًا إِذَا صَلَّى، أَرَأَيْتَ إِنْ كَانَ عَلَى الْهُدَى، أَوْ أَمَرَ بِالتَّقْوَى، أَرَأَيْتَ إِنْ كَذَّبَ وَتَوَلَّى، أَلَمْ يَعْلَمْ بِأَنَّ اللَّهَ يَرَى، كَلَّا لَئِنْ لَمْ يَنْتَهِ لَنَسْفَعَنْ بِالنَّاصِيَةِ، نَاصِيَةٍ كَاذِبَةٍ خَاطِئَةٍ، فَلْيَدْعُ نَادِيَهُ، سَنَدْعُ الزَّبَانِيَةَ، كَلَّا لَا تُطِعْهُ وَاسْجُدْ وَاقْتَرِبْ﴾

«ياراتقـان پەرۋەردىگارىڭنىـڭ ئىـسمى بىـلەن ئوقـۇغىن. ئـۇ ئىنساننى لەختە قانـدىن يـاراتتى. ئوقـۇغىن، پەرۋەردىگارىـڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنـسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى. شەك ـ شۈبھىسىز ئىنسان ئـۆزىنى باي ساناپ (اللەغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستلا ھەددىدىن ئاشـىدۇ. (ئـى ئىنـسان!) بارىـدىغان يېرىـڭ پەرۋەردىگارىڭنىـڭ دەرگاھىـــدۇر (قىلمىـــشىڭغا قـــاراپ جازاغـــا يـــاكى مۇكاپاتقـــا ئېرىشـــسەن). نامـــاز ئوقۇۋاتقـــان بەنـــدىنى (يەنـــى مـــۇھەممەد ئەلەيھىـــسسالامنى) توسـقان ئادەمنىــڭ (ھــالىنى) ماڭــا ئېيتــىپ بەرسەڭچۇ؟ ماڭا (ئۇنىـڭ ھـالىنى) ئېيتـىپ بەرسـەڭچۇ؟ ئەگەر ئـۇ (ھەددىدىن ئاشقۇچى) (نامازنى توسۇشنىڭ ئورنىغا) تـوغرا يولـدا بولغان بولسا ياكى تەقۋادارلىققا ئەمر قىلغـان بولـسا (بـۇ ئۇنىـڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشى بولماسمىدى؟) ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ ئەگەر ئۇ (قۇرئاننى) ئىنكـار قىلـسا، ئىمانـدىن (يـۈز ئۆرۈسـە)، اللەنىـڭ (ئـۇنى) كـۆرۈپ تۇرىـدىغانلىقىنى بىلمىـدىمۇ؟ ئـۇ گـۇمراھلىقتىن

يانـــسۇن، ئەگەر ئـــۇ بۇنىڭـــدىن يانمىـــسا، چوقـــۇم ئۇنىـــڭ كوكۇلـسىدىن ـ يالغـانچى گۇناھكارنىـڭ كوكۇلـسىدىن تۇتـۇپ (جەھەننەمگە) سۆرەيمىز. ئۇ ئۆزىنىـڭ سورۇنداشـلىرىنى يـاردەمگە چاقىرسۇن! بىز زابانىيلەر (يەنى جەھەننەمنىڭ كۈچلۈك ـ قاتتىق قـول پەرىـشتىلىرى) نـى چـاقىرىمىز. (بـۇ فـاجىر گـۇمراھلىقتىن) يانـسۇن! ئۇنىڭغـا ئىتـائەت قىلمىغىـن، (ئاللاھقا) سـەجدە قىلغىـن (شۇنىڭ بىلەن ئاللاھقا) يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن.①»

مانا بۇ كىشىلەرنىڭ شېرىكى يوق بىر ئاللاھقا ئىبـادەت قىلىـشى ئۈچـۈن، ئۇلارغـا ئۇلارنىـڭ پەرۋەردىگـارىنى تونۇشتۇرۇشـنىڭ باشلىنىشى.

مەن «قۇرئـان تەتقىقـاتى» نـاملىق كىتاۋىمـدا: دەسـلەپكى تونۇشتۇرۇشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەرەب مۇشرىكلىرى بىلىدىغان «ئالـلاھ ياراتقۇچى، ئىنـسانىنى ئالـلاھ ياراتقـان» دېـگەن مەلۇمـاتلار بىـلەن باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم. بـۇ مەلۇمـاتلارنى ئالـلاھ قۇرئـان كەرىمـدە خـاتىرىلىگەن بولـۇپ، ئـۇلار بـۇنى ئېتىـراپ ۋە ئىقرار قىلىشاتتى.

﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ﴾

«ئەگەر سـەن ئـۇلاردىن: "ئاسـمانلارنى ۋە زېمىننـى كىـم يـاراتتى؟" دەپ سورىـساڭ، ئـۇلار چوقـۇم "ئالـلاھ" دەپ جـاۋاپ بېرىدۇ.②»

﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَهُمْ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ﴾

«ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئۇلارنى كىم ياراتقانلىقىنى سورىساڭ،

① سۈرە ئەلەق.
② سۈرە لوقمان: 25 ـ ئايەت.

ئۇلار چوقۇم "الله" دەيدۇ.[1]»

﴿كَلَّا إِنَّا خَلَقْنَاهُمْ مِمَّا يَعْلَمُونَ﴾

«شۇبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى ئۇلار بىلىدىغان نەرسىلەردىن ياراتتۇق.[2]»

﴿وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ النَّشْأَةَ الْأُولَى فَلَوْلَا تَذَكَّرُونَ﴾

«شۇبھىسىزكى، سىلەر دەسلەپكى يارىتىشنى بىلدىڭلار (يەنى دەسلەپتە اللەنىڭ سىلەرنى يوقتىن بار قىلغانلىقىنى تونۇدۇڭلار)، سىلەر (اللەنىڭ سىلەرنى دەسلەپ ياراتقاندەك قايتا يارىتىشنى) ئويلىمامسىلەر؟[3]»

بىراق، الله بايان قىلغان بۇ مەرىپەتنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە ھېچبىر نەتىجىسى بولمىغان ئىدى. چۈنكى، شېرىك ئاشۇ قەلبلەردىكى جانلىق ئۇرۇقچىنى... الله ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدە ياراتقان بىر اللەغا ئىشىنىش ئۇرۇقچىسىنى... بۇزۇۋەتكەن ئىدى:

﴿ فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾

«اللەنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) الله ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، اللەنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.[4]»

شۇڭا ئۇرۇقچىنى يېڭىدىن ئۇندۇرۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ توغرا نەتىجە بېرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ۋەھيى

① سۈرە زۇخرۇف: 87- ئايەت.
② سۈرە مائارىج: 39- ئايەت.
③ سۈرە ۋاقىئە: 62- ئايەت.
④ سۈرە رۇم: 30- ئايەت.

كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن باشلاندى... اللە ئۇلارنى لەختە قاندىن ياراتقان، قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئىدى... ئىنساننى يوقتىن بار قىلىش، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئەلەقسىمان ھۈجەيرە ھالىتىدىكى كىچىك جانلىقنى مۇكەممەل بىر ئىنسانغا ئايلاندۇرۇشتىكى بارلىق ئۇلۇغلۇق ۋە پەزلى يىگانە اللەغا مەنسۇپ. ھېچنەرسە بىلمەيدىغان ھالەتتە تۇغۇلغان ئىنساننىڭ تۈرلۈك ئىلىملەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى بارلىق ئۇلۇغلۇق ۋە پەزلى مەرھەمەتلىك اللەغا مەنسۇپ.

﴿وَاللَّهُ أَخْرَجَكُمْ مِنْ بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ لَا تَعْلَمُونَ شَيْئًا وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَالْأَفْئِدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«اللە سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، اللە سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى[1]»

اللەنىڭ بۇ نېمەتلىرى ئۈچۈن ئىنسان اللەغا شۈكرى قىلىشى، ئىبادەتتە ياراتقۇچىسىغا يۈزلىنىشى، ئۇنىڭغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكى كېرەك... بىراق، ھەقىكە «يوغانچىلىق قىلىدىغان» ئازغۇن روھلار اللە بېكىتكەن «چەك»نىڭ قېشىدا توختىمايدۇ. بەلكى، ئۇنىڭدىن ھالقىپ، ئۆتۈپ كېتىدۇ.

﴿كَلَّا إِنَّ الْإِنْسَانَ لَيَطْغَى، أَنْ رَآَهُ اسْتَغْنَى﴾

«شەك-شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى باي ساناپ (اللەغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستلا ھەددىدىن ئاشىدۇ.»

---

① سۈرە نەھل: 78-ئايەت.

بىز بۇ يەردە «ھەددىدىن ئېشىش» ھەققىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتەيلى!... ھەقىقەتەن بۇ بىر «خاراكتېر»... يەنى جاھىلىيەتچە خاراكتېر بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭ سەۋەپلىرىدىن ئاساسلىق ئىككى سەۋەپ سۆزلىنىدۇ:

بىرىنچى سەۋەپ شۇكى، ئىنسان اللە ئاتا قىلغان نېمەتلەر سەۋەپلىك ئۆزىنى ياراتقۇچىسىدىن بىھاجەت دەپ ئويلايدۇ. يەنى ئىنسان اللەنىڭ ھەر تۈرلۈك نېمىتىگە ئېرىشىپ بولۇپلا، گويا بۇ نېمەتلەر ئىنسانغا ئۆزلىكىدىن كېلىپ قالغاندەك ياكى ئاشۇ ئىنسان ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەندەك ھېس قىلىپ، ئۆزىنى: «مەن اللەغا بويسۇنۇشتىن بىھاجەت» دەپ «ھەددىدىن ئاشىدۇ».

ئىككىنچى سەۋەپ شۇكى، ئاشۇ تۇزكور ئىنسان ئۆزىنىڭ ھامان اللەنىڭ قېشىغا قايتىدىغانلىقىغا، اللەنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىگە قارىتا ئۇنىڭدىن ھېساپ ئالىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ- دە، يوغانچىلىق قىلىپ، «ھەددىدىن ئاشىدۇ».

دەل شۇ سەۋەپتىن ئايەت جاھىلىيەتتە روھلارنى قاپلاپ، ئۇنىڭ «ھەددىدىن ئېشىش»نىغا سەۋەپ بولغان ئاشۇ «كېسەللىك»نى كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا كېرەكلىك بولغان «داۋالاش ئۇسۇلى»نى تەقدىم قىلىدۇ. ئۇ بولسا — ئىنسان ھوزۇرلىنىۋاتقان نېمەتلەرنىڭ اللە تەرەپتىن كېلىدىغانلىقىغا، اللەنىڭ دەرگاھىدا ھېساب، مۇكاپات ۋە جازانىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ، خَلَقَ الْإِنْسَانَ مِنْ عَلَقٍ، اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ، الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ، عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾

«ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.»

﴿إِنَّ إِلَى رَبِّكَ الرُّجْعَى...﴾

«(ئى ئىنسان!) بارىدىغان يېرىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر (قىلمىشىڭغا قاراپ جازاغا ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن).»

﴿كَلَّا لَئِنْ لَمْ يَنْتَهِ لَنَسْفَعَنْ بِالنَّاصِيَةِ، نَاصِيَةٍ كَاذِبَةٍ خَاطِئَةٍ﴾

«ئۇ گۇمراھلىقتىن يانسۇن، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن يانمىسا، چوقۇم ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن ـ يالغانچى گۇناھكارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ (جەھەننەمگە) سۆرەيمىز.»

بۇ يەردە جاھىلىيەتنىڭ خاراكتېرىدىن يەنە بىر خاراكتېر... يالغانچىلىق خاراكتېر... سۆزلىنىدۇ. بۇ يەردە يالغانچىلىق كىشىلەر ئۆز ـ ئارا «يالغانچىلىق» دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن دائىرىدىن نەچچە ھەسسە كەڭرى بولۇپ، ئۇ اللەغا قىلىنغان يالغانچىلىقتۇر. ئۆزىنىڭ اللەنى تونۇيدىغان ساغلام تەبىئىتىگە قىلىنغان يالغانچىلىقتۇر. اللە ئاسمان ـ زېمىننى ھەق بىلەن ياراتقان بولۇپ، بۇ دەل ئاشۇ ھەقكە قىلىنغان يالغانچىلىقتۇر... بىراق، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر خاراكتېردۇر...

ئۇنىڭغا تەڭداش ھالدا مۇئمىنلەر قولغا كەلتۈرگەن ئەخلاقلار سۆزلىنىدۇ: ھەددىدىن ئېشىشنىڭ ئۇدۇلىدا تەقۋادارلىق، اللەغا ۋە ھەقكە يالغانچىلىق قىلىشنىڭ ئۇدۇلىدا سەجدە قىلىش ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن اللەغا يېقىنلىشىش... سۆزلىنىدۇ.

* * * * *

ئەقىدە ھەققىدىكى تۈنجى سۈرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ روشەن ئەخلاقىي چاقىرىقلار ئېنىقكى، مۇئەييەن ئۇقۇم ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە توغرا ئەقىدە بىلەن ئېسىل ئەخلاق، خاتا ئەقىدە بىلەن رەزىل ئەخلاق تەڭداش ھالدا بىللە كەلتۈرۈلگەن.

قۇرئان سۈرىلىرى ئىزچىل تۈردە ئەقىدە بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ:

﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ، الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ، وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ، وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ، وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ، إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ، فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاءَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ، وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ، وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ، أُولَئِكَ هُمُ الْوَارِثُونَ، الَّذِينَ يَرِثُونَ الْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

«مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۇئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (اللەنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل

ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرى سۈپەتلەرگە ئىگە مۇئمىنلەر نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ.[1]»

﴿وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا، وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا، وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا، إِنَّهَا سَاءَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا، وَالَّذِينَ إِذَا أَنْفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا، وَالَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَامًا، يُضَاعَفْ لَهُ الْعَذَابُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَانًا، إِلَّا مَنْ تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحًا فَأُولَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا، وَمَنْ تَابَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَإِنَّهُ يَتُوبُ إِلَى اللَّهِ مَتَابًا، وَالَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ الزُّورَ وَإِذَا مَرُّوا بِاللَّغْوِ مَرُّوا كِرَامًا، وَالَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُوا بِآيَاتِ رَبِّهِمْ لَمْ يَخِرُّوا عَلَيْهَا صُمًّا وَعُمْيَانًا، وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا، أُولَئِكَ يُجْزَوْنَ الْغُرْفَةَ بِمَا صَبَرُوا وَيُلَقَّوْنَ فِيهَا تَحِيَّةً وَسَلَامًا، خَالِدِينَ فِيهَا حَسُنَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا﴾

«مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: "سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز" دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ). ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) ئېيتىدۇ: "پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن)

① سۈرە مۇئمىنۇن: 1 ـ 11 ـ ئايەتلەر.

ئايرىلمايدۇ. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر“. ئۇلار (يەنى اللە ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ. ئۇلار اللەغا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، اللە ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، اللە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، اللە تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. كىمكى (گۇناھلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمەلىنى تۈزەيدىكەن، ئۇ اللەغا يۈزلەنگەن بولىدۇ (يەنى اللە ئۇ نىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ). ئۇلار (يەنى اللە ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ (يەنى ئۇنى بېرىلىپ ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ). ئۇلار: ”ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشىۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن“ دەيدۇ. ئەنە شۇلار سەۋرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان)

دۇئـا ۋە سـالام بىـلەن قارشـى ئېلىنىـدۇ. ئـۇلار جەننەتـتە مەڭگـۈ قالىـدۇ، جەنـنەت نېمـدېگەن گـۈزەل ماكـان! نېمـدېگەن گـۈزەل جـاي-ھە!. ئېيتقىنكـى، "ئەگەر سـىلەرنىڭ دۇئـايىڭلار بولمـسا، پەرۋەردىگــارىم سىــلەرگە پەرۋا قىلمايــدۇ، (ئــى كــاپىرلار! پەيغەمبەرنــى) ئىنكــار قىلــدىڭلار، (ئــاخىرەتتە) ســىلەر قۇتۇلالمايدىغان ئازابقا دۇچار بولۇسىلەر"①.»

بۇ ئايەتلەردە ئەقىدىنى ئەخلاقتىن ئايرىش مۇمكىنمۇ؟ ياق! ئـۇ ھەقىقەتەن «لاإله الاالله» ئەخلاقىدۇر.

* * * * *

«لاإلـــه الاالله»نىــڭ «ئەخــلاق تەلپــى»دە دېققىتىمىزنــى تارتىدىغان ئىـشلارنىڭ بىـرى ئەڭ ئالـدى بىـلەن ئەخلاقنىـڭ الـله بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدە بولغانلىقىدۇر.

﴿أَفَمَنْ يَعْلَمُ أَنَّمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ الْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَى إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُو الْأَلْبَابِ، الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللَّهِ وَلَا يَنْقُضُونَ الْمِيثَاقَ، وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ وَيَخَافُونَ سُوءَ الْحِسَابِ، وَالَّذِينَ صَبَرُوا ابْتِغَاءَ وَجْهِ رَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَنْفَقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً وَيَدْرَءُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ أُولَئِكَ لَهُمْ عُقْبَى الدَّارِ، جَنَّاتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا وَمَنْ صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ وَالْمَلَائِكَةُ يَدْخُلُونَ عَلَيْهِمْ مِنْ كُلِّ بَابٍ، سَلَامٌ عَلَيْكُمْ بِمَا صَبَرْتُمْ فَنِعْمَ عُقْبَى الدَّارِ﴾

«(ئـى مـۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىـڭ تەرىپىـدىن ســاڭا نازىـل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىـدىغان ئـادەم (ھەقنـى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (اللەنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىـل ئىگىلىـرىلا پەنـد-نەسـىھەت ئالىـدۇ. ئـۇلار اللەنىـڭ ئەھـدىگە (يەنـى الـله تاپـشۇرغان ئىـشلارغا) ۋاپـا

① سۈرە فۇرقان: 64-77- ئايەتلەر.

قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ. ئۇلار اللەنىڭ (خىش-ئەقرىبالارغا) سىلە-رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، اللەدىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشتىن قورقىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈكتىن (اللە يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار) - ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ.①»

﴿وَاذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَمِيثَاقَهُ الَّذِي وَاثَقَكُمْ بِهِ إِذْ قُلْتُمْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا﴾

«(ئى مۇئمىنلەر!) اللەنىڭ سىلەرگە بەرگەن (ئۇلۇغ) نېمىتىنى ۋە سىلەر بىلەن قىلغان مۇئاھىدىسىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا سىلەر: "ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق" دېگەن ئىدىڭلار.②»

مانا بۇ ئەھدە... «ئەينى زاماندا سىلەر: "ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق" دېگەن ئىدىڭلار». بۇ اللە تەرەپتىن كەلگەن پرىنسىپلارغا رىئايە قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان «لاإلــه الاالله» ئەھدىسىدۇر.

ھەقىقەتەن ئەخلاقنىڭ «رىئايە قىلىش مەنبەسى» بولۇش كېرەك. چۈنكى، ئەخلاق كۆڭۈلنىڭ شەھۋاتلىرىنى كونترول قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، اللە بۇ شەھۋاتلارنى مۇئەييەن ھېكمەت سەۋەبىدىن ياراتقان ۋە ئۇنى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە چوڭقۇر

---

① سۈرە رەئد: 19-22- ئايەتلەر.
② سۈرە مائىدە: 7- ئايەت.

ئورۇنلاشتۇرغان.

﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالْأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾

«ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر.①»

ھەقىقەتەن شەھۋات تۆرتكىلىك ئامىل بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن ئىنساننى ھەرىكەت، ئاكتىپچانلىق ۋە زېمىندا تىرىشچانلىق كۆرستىشكە ئۈندەيدۇ. نەتىجىدە خىلاپەت ۋەزىپىسىنىڭ ھەمدە زېمىندىكى ئىنسان ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى بولغان زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئىشقا ئاشىدۇ.

﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: "مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن" دېدى.②»

﴿هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا﴾

«ئۇ (الله) سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى③.»

شەھۋات يەنە بىر تەرەپتىن سىناق ئوبيېكتى بولۇپ، الله ئىنساننى سىناق ئۈچۈن ياراتقان:

---

① سۈرە ئال ئىمران: 14- ئايەت.

② سۈرە بەقەرە: 31- ئايەت.

③ سۈرە ھۇد: 61- ئايەت.

﴿إِنَّا جَعَلْنَا مَا عَلَى الْأَرْضِ زِينَةً لَهَا لِنَبْلُوَهُمْ أَيُّهُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾

«ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىنىتى قىلدۇق.①»

ئىنساننىڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىدە ۋە الله ئىنسانغا تەقدىر قىلغان سىناقتا گەرچە شەھۋات زۆرۈر بولسىمۇ، بىراق، الله شۇنى ئېنىق بىلدۈركى، كونترولسىز ھالدا شەھۋات دەرياسىغا غەرق بولۇش ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنى ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا، شەھۋات ئۈچۈن جەزمەن ئۇنى كونترول قىلىدىغان ئۆلچەم ۋە ئەندىزە بولۇشى كېرەك.

شەھۋاتنى كونترول قىلىدىغان ئۆلچەم دەل ئەخلاقتۇر...

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى بىر قېتىم فروئىدنىڭ تەسىرى بىلەن، بىر قېتىم ئېمىل دۇركىمنىڭ تەسىرى بىلەن، يەنە بىر قېتىم ماركىسنىڭ تەسىرى بىلەن: «ئەخلاق ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەسلىي ئۇقۇم ئەمەس، بەلكى، ئويدۇرۇلما پرىنسىپ. بەلكى، ئۇ ئىنسانغا سىرتتىن مەجبۇرى تېڭىلغان. ئەخلاقنى ئىنسانغا پايدىلىق ئامىل دېگەندىن كۆرە، ئۇنى ئەركىنلىكنى بوغىدىغان كىشەن دېگەن تۈزۈك. ئۇ ئىزچىل تۇردە ئېنىق بىر ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدىغان تۇراقسىز ئۆلچەم. بەلكى، "تۇراقلىق بولۇش ئۇنىڭغا لايىق كەلمەيدۇ» دەپ بىلجىرلىدى.

ماھىيەتتە ئىنسان ئۆز تەبىئىتى بىلەن ئەخلاقىي مەۋجۇدىيەت. چۈنكى، ئەخلاق ئۇنىڭ ئەسلى تەبىئىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان:

---

① سۈرە كەھف: 7 ـ ئايەت.

﴿وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا، فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا، قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا، وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا﴾

«روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى-يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى-فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ.[1]»

ئىنسان ئارىلاشما تەبىئەتلىك مەۋجۇدىيەت. ئۇنىڭ ئىككى يولى بولۇپ، ھايۋانغا ئوخشاش بىرلا يولى يوق. ئىنسانغا ئىككى يولنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرۈش بىلدۈرۈلدى. شۇنداقلا، ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاش ئەركىنلىكى ۋە ئىقتىدارى بېرىلدى. شۇ سەۋەپتىن ئىنساننىڭ ھەر قانداق بىر پائالىيىتىگە ئەخلاقىي قىممەت ھەمرا بولۇپ كېلىدۇكى، بۇ ئەخلاقىي قىممەت ئۇنىڭ پائالىيىتىدىن ئايرىلىپ تۇرمايدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ ھەر بىر قىلمىشى ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاش جەريانىدۇر. ئۇنىڭ بىرى تەقۋادارلىق يولى، يەنە بىرى گۇناھ ۋە جىنايەت يولى.

بىز ھايۋاننى ئەخلاقىي مەۋجۇدىيەت دەپ ئاتىمايمىز. چۈنكى، ئۇنىڭ بىرلا يولى بولۇپ، ئۇ بۇ يولدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ بولسا ھايۋاننىڭ خاراكتېر يولىدۇر. ھايۋان ئۆز خاراكتېرىنىڭ تەلىۋىگە ئاۋاز قوشقان چاغدا، ئۇنىڭ قىلىقى ياخشى ياكى يامان دەپ ئايرىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تاللاش ئەركىنلىكى يوق. ئەمما، اللە پەرقلەندۈرۈش ۋە تاللاش ئىقتىدارىنى بەرگەن ئىنساننىڭ ھەر بىر پائالىيىتىنى (قىلمىشىنى) «ياخشى» ياكى «يامان»دىن ئىبارەت ئىككى سۈپەتنىڭ بىرى بىلەن

---

① سۈرە شەمس: 7-10- ئايەتلەر.

سۈپەتلەيمىز... مانا بۇ ئىنسانىنىڭ ئەمەللىرى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدىغان ئەخلاقىي قىممەتتۇر.

بۇ يەردىكى مەسىلە ـ ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ گۇمانىدىكىدەك ـ ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئەخلاقىي قىممەتكە ئىگە بولۇش ياكى بولماسلىق مەسىلىسى ئەمەس. بەلكى، ئۆلچەم مەسىلىسىدۇر... ئىنسانىنىڭ مەلۇم بىر پائالىيىتىنى «ياخشى» ياكى «يامان» دېيىش ئۈچۈن «ئۆلچەم»نى كىم بەلگىلەپ بېرىدۇ؟ بۇ سەت، بۇ چىرايلىق؛ بۇ توغرا، بۇ خاتا؛ بۇ ھالال، بۇ ھارام دېگەن ھۆكۈمنى كىم چىقىرىدۇ؟

بۇ بىر ماھىيەتلىك مەسىلە. بۇ مەسىلە مەۋجۇت بولغاندىن باشلاپ، ھەقىقى مەئبۇد كىم؟ ئۇ يېگانە اللهمۇ ياكى اللهنىڭ غەيرىمۇ؟ دېگەن مەسىلە بىلەن زىچ باغلانغان.

ئەگەر مەئبۇد الله بولسا، ئۇنداقتا، ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئۆلچەم ئىلاھىي ئۆلچەم بولىدۇ. ئەگەر مەئبۇد اللهنىڭ غەيرى بولسا، ئۇنداقتا، ئۆلچەمنى اللهنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىۋاتقان ئىلاھلار بەلگىلەيدۇ. بۇ ئۆلچەم مەيلى ئېمىل دۇركىم ئېيتقاندەك «كوللېكتىپ ۋىجدان» بولسۇن ياكى ماركىس ئېيتقاندەك «ماتېرىيالىستىك ۋەزىيەتلەر» بولسۇن ياكى پراگماتىزمچىلار ئېيتقاندەك «مەنپەئەت» بولسۇن ئاخىرقى ھېساپتا ھەممىسى بىردەك شەيتانىنىڭ تۈزۈلمىلىرىدۇر. چۈنكى، ماھىيەتتە ئىبادەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: يا اللهغا ئىبادەت قىلىش، يا شەيتانغا ئىبادەت قىلىش...

﴿أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي آدَمَ أَنْ لَا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُبِينٌ، وَأَنِ اعْبُدُونِي هَذَا صِرَاطٌ مُسْتَقِيمٌ﴾

«سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): ”ئى ئادەم بالىلىرى!

شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر“ دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟[1]»

مانا بۇ يەردە ئەخلاق «لاإله الاالله» بىلەن باغلىنىدۇ...

بەلگىلەش ھوقۇقى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، غالىب، قەھر قىلغۇچى، ئۇلۇغلۇق ئىگىسى، يەككە-يىگانە، بىردىنبىر ئىلاھقا مەنسۇپ. ئاللاھ ياراتقۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن «ھالال-ھارام، چىرايلىق-سەت، توغرا-خاتا» دېيىش ئۇنىڭ ھوقۇقىدۇر.

﴿أَلَا لَهُ الْخَلْقُ وَالْأَمْرُ﴾

«يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا اللهنىڭ ئىلكىدىدۇر.[2]»

شۇنداقلا، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى الله بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، شەرىئەت تەلىماتلىرىنى ئاللاھ بەلگىلىگەندەك، ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىمۇ ئوخشاشلا ئاللاھ بەلگىلەيدۇ. ھەر ئىككى ھالەتتە مەنبە ۋە كۆز قاراش بىردۇر.

ئەگەر بىز ئاشۇ ئەخلاقنى رېئال ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان ئىسلامنىڭ تەربىيە پرىنسىپىغا قارايدىغان بولساق، شەخس، جامائەت ۋە ئۇممەت ھالىتىدە «يارامىلىق ئىنسان»نى قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئىلاھىي

---

① سۈرە ياسىن: 60-61- ئايەتلەر.

② سۈرە ئەئراف: 54- ئايەت.

ئۆلچەملەرنىڭ مۇئمىنلەرنىڭ ھاياتىدا مۇئمىن «لاإلــه الاالله» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن چاغدا اللە بىلەن تۈزىدىغان ۋە «ئاڭلىدۇق، ئىتائەت قىلدۇق» دېگەن ئاساسلىق ئىككى كەلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان «ئەھدە»دىن ئۇرغۇپ چىققانلىقىنى كۆرىمىز.

﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْ رُسُلِهِ وَقَالُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ﴾

«پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللەغا ۋە اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) "اللەنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)" دەيدۇ. ئۇلار: "بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر" دەيدۇ.①»

﴿وَاذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَمِيثَاقَهُ الَّذِي وَاثَقَكُمْ بِهِ إِذْ قُلْتُمْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا﴾

«(ئى مۇئمىنلەر!) اللەنىڭ سىلەرگە بەرگەن (ئۇلۇغ) نېمىتىنى ۋە سىلەر بىلەن قىلغان مۇئاھىدىسىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا سىلەر: "ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق" دېگەن ئىدىڭلار.②»

ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق... مانا بۇ ئەھدە... مانا بۇ ئەڭ كۈچلۈك مۇناسىۋەت!

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى دىنىنى تەدرىجىي ھالدا ئۆز

---

① سۈرە بەقەرە: 285- ئايەت.

② سۈرە مائىدە: 7- ئايەت.

ھاياتىدىن يىراقلاشتۇرغاندىن كېيىن ئەخلاق مەسىلىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان «مۇناسىۋەت ئاملى»نى ئىزدىدى. ئاندىن ئۇنى بىر قېتىم «ئىجتىمائىي مىزان»، بىر قېتىم «ئىنسان تەبىئىتى» يەنە بىر قېتىم «مەنپەئەت» دەپ چۇقان سالدى.

ئەڭ ئاخىرىدا سىۋىئىي مۇناسىۋەت ئامىللىرى پاچاقلاپ تاشلاندى، ئەخلاق يىمىرىلىپ كەتتى!

* * * * *

ھەقىقەتەن ئەخلاقنىڭ «الله بىلەن بولغان ئەھدە»دىن باشقا مۇناسىۋەت ئاملى (ئەخلاقنى ئۆزىگە باغلاپ تۇرىدىغان مەنبە) مەۋجۇت ئەمەس. مۇشۇ ئەھدە بىرىنچىدىن، تۇغرا ئۆلچەملەرنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەخلاقنى يىمىرىۋېتىدىغان بېسىملارغا قارشى مۇستەھكەم ھالدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدىغان دەرىجىدە ئۇنى كۈچەيتىدۇ... بۇ بېسىملار مەيلى شەھۋاتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كەلگەن ئىچكى بېسىم بولسۇن ياكى ئىنسانلار ھاياتىدا اللەنىڭ ئورنىدا ئىلاھ بولۇۋالغان تاغۇتلار... سىياسەت تاغۇتلىرى، ئىقتىساد تاغۇتلىرى، ئىدىيە تاغۇتلىرى، ھەر بىر جاھىلىيەتكە تولۇپ كەتكەن بۇزۇق ئۆرپ-ئادەت تاغۇتلىرى... نىڭ قىلمىشىدىن كەلگەن تاشقى بېسىم بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش!...

قۇرئانىي پرىنسىپ ئەخلاق بىلەن «لاإله الاالله» ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشچانلىقنى كۈچەيتىدۇ...

سىز لوقمان سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەت كەرىمىگە قاراڭ!

﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَى وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ﴾

«ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.[1]»

ۋەسىيەت ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق ھەققىدىكى، بولۇپمۇ ئانا قورساق كۆتۈرۈش، تۇغۇش، ئېمىتىش، بېقىپ قاتارغا قوشۇش... قاتارلىق ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدىكى ۋەسىيەتتۇر... بىراق، ئىنسان بۇ ۋەسىيەتنى قانداق ئىجرا قىلىدۇ؟... ئىنسان بۇ ۋەسىيەتنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئاللاھقا شۈكرى قىلىش، يەنى «ئەھدە»نىڭ ئەسلىگە قايتىش ئارقىلىق ئىجرا قىلىدۇ!

تۈنجى بولۇپ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەھدە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ھەققىدىكى ئەھدە بولۇپ، ئەخلاققا چېتىلىدىغان بارلىق مۇناسىۋەتلەر ئاشۇ ئەھدىنىڭ دائىرىسىگە تەۋە بولىدۇ.

﴿الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللَّهِ وَلَا يَنْقُضُونَ الْمِيثَاقَ، وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ﴾

«ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەھدىگە (يەنى ئاللاھ تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ (خىش ـ ئەقرىبالارغا) سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا

---

[1] سۈرە لوقمان: 14 ـ ئايەت.

كەلتۈرىدۇ.[1]»

الله ئۇلاشقا بۇيرىغان ھەر قانداق مۇناسىۋەت مۇشۇ ئەھدىنىڭ دائىرىسىگە تەۋە بولىدۇ. ئالدى بىلەن الله بىلەن بولغان مۇناسىۋەت (شېرىكتىن پاك بولغان خالىس ئىبادەت قىلىش مۇناسىۋىتى)، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتا ـ ئانا بىلەن بولغان مۇناسىۋەت باغلىنىدۇ.

﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِنْدَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُلْ لَهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُلْ لَهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا، وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُلْ رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾

«پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالالىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن.[2]»

ئاندىن كېيىن ئۇرۇق ـ تۇققانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت باغلىنىدۇ.

﴿وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى وَالْجَارِ الْجُنُبِ وَالصَّاحِبِ بِالْجَنْبِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ مَنْ كَانَ مُخْتَالًا فَخُورًا﴾

«اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك

---

① سۈرە رەئد: 19 ـ 20 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ئىسرا: 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئانائلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ.[1]»

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەخلاقنىڭ دائىرىسى بارا ـ بارا كېڭىيىدۇ. ئاندىن بارلىق كىشلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئەخلاق تەلىپىدە ئەخلاق مۇئەييەن بىر دائىرىدە چەكلىنىپ قالمايدۇ...

سىياسەتتە ئەخلاق بار...

﴿ وَإِذَا حَكَمْتُمْ بَيْنَ النَّاسِ أَنْ تَحْكُمُوا بِالْعَدْلِ...﴾

«الله سىلەرنى كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.[2]»

ئىقتىسادتا ئەخلاق بار...

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَذَرُوا مَا بَقِيَ مِنَ الرِّبَا إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ، فَإِنْ لَمْ تَفْعَلُوا فَأْذَنُوا بِحَرْبٍ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَإِنْ تُبْتُمْ فَلَكُمْ رُءُوسُ أَمْوَالِكُمْ لَا تَظْلِمُونَ وَلَا تُظْلَمُونَ، وَإِنْ كَانَ ذُو عُسْرَةٍ فَنَظِرَةٌ إِلَى مَيْسَرَةٍ وَأَنْ تَصَدَّقُوا خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ، وَاتَّقُوا يَوْمًا تُرْجَعُونَ فِيهِ إِلَى اللَّهِ ثُمَّ تُوَفَّى كُلُّ نَفْسٍ مَا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ﴾

«ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، الله(نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار،

[1] سۈرە نىسا: 35 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا: 57 ـ ئايەت.

(كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار، بىلىڭلاركى، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ، ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر. ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر. سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى-يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ، (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ).①»

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا تَدَايَنْتُمْ بِدَيْنٍ إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى فَاكْتُبُوهُ وَلْيَكْتُبْ بَيْنَكُمْ كَاتِبٌ بِالْعَدْلِ وَلَا يَأْبَ كَاتِبٌ أَنْ يَكْتُبَ كَمَا عَلَّمَهُ اللَّهُ فَلْيَكْتُبْ وَلْيُمْلِلِ الَّذِي عَلَيْهِ الْحَقُّ وَلْيَتَّقِ اللَّهَ رَبَّهُ وَلَا يَبْخَسْ مِنْهُ شَيْئًا فَإِنْ كَانَ الَّذِي عَلَيْهِ الْحَقُّ سَفِيهًا أَوْ ضَعِيفًا أَوْ لَا يَسْتَطِيعُ أَنْ يُمِلَّ هُوَ فَلْيُمْلِلْ وَلِيُّهُ بِالْعَدْلِ وَاسْتَشْهِدُوا شَهِيدَيْنِ مِنْ رِجَالِكُمْ فَإِنْ لَمْ يَكُونَا رَجُلَيْنِ فَرَجُلٌ وَامْرَأَتَانِ مِمَّنْ تَرْضَوْنَ مِنَ الشُّهَدَاءِ أَنْ تَضِلَّ إِحْدَاهُمَا فَتُذَكِّرَ إِحْدَاهُمَا الْأُخْرَى وَلَا يَأْبَ الشُّهَدَاءُ إِذَا مَا دُعُوا وَلَا تَسْأَمُوا أَنْ تَكْتُبُوهُ صَغِيرًا أَوْ كَبِيرًا إِلَى أَجَلِهِ ذَلِكُمْ أَقْسَطُ عِنْدَ اللَّهِ وَأَقْوَمُ لِلشَّهَادَةِ وَأَدْنَى أَلَّا تَرْتَابُوا إِلَّا أَنْ تَكُونَ تِجَارَةً حَاضِرَةً تُدِيرُونَهَا بَيْنَكُمْ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَلَّا تَكْتُبُوهَا وَأَشْهِدُوا إِذَا تَبَايَعْتُمْ وَلَا يُضَارَّ كَاتِبٌ وَلَا شَهِيدٌ وَإِنْ تَفْعَلُوا فَإِنَّهُ فُسُوقٌ بِكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ وَيُعَلِّمُكُمُ اللَّهُ وَاللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ

① سۈرە بەقەرە: 278- 281- ئايەتلەر.

عَلِيمٌ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئـارا قەرز بېرىشـسەڭلار، ئـۇنى (هـۆججەت قىلـىپ) يېزىـپ قويـۇڭلار، ئـاراڭلاردىكى خەت بىلىـدىغان كىـشى ئـۇنى (كەم-زىيـادە قىلمـاي) ئـادىللىق بىـلەن يازسـۇن، خەت بىلىـدىغان كىـشى (الـله ئۇنىڭغـا بىلدۈرگەنـدەك توغرىلىــق بىــلەن يېزىــشنى) رەت قىلمىــسۇن، ئــۇ يازســۇن، زىممىسىدە باشقىلارنىڭ هەققى بولغان ئادەم (يازدىغان كىـشىگە) ئېيتىـپ بەرسـۇن، (قەرزدار) پەرۋەردىگـارى اللهدىـن قورقـسۇن، قەرز ئالغان نەرسىدىن هېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىـسۇن، ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئەخـمەق (يەنـى خـۇدبىن، ئەقىلـسىز، ئىـسراپخور) ياكى ئاجىز (يەنى كىچىك بالا يـاكى بەكمـۇ قېـرى) بولـسا، يـاكى (گەپ قىلالماسلىقى، گـاچىلىقى، كېكەچلىكـى تۈپەيلىـدىن) ئـۆزى ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن، سىلەر ئەر كىشىڭلاردىن ئىككـى كىـشنى گۇۋاهلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالىتىگە، دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كىـشىلەردىن بىـر ئەر، ئىككـى ئايـالنى گۇۋاهلىققـا تەكلىـپ قىلىڭـلار، بـۇ ئىككـى ئايالنىــڭ بىرســى ئۇنتــۇپ قالــسا، ئىككىنچىــسى ئېــسىگە ســالىدۇ. گۇۋاهچىلار (گۇۋاهلىققا) چاقىرىلغـان ۋاقتىـدا (گـۇۋاه بولۇشـتىن) باش تارتمىسۇن. قەرز مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلـى كـۆپ بولـسۇن، ئـۇنى قـايتۇرۇش ۋاقتـى بىـلەن قوشـۇپ يېزىـشتىن ئېـرىنمەڭلار. اللهنىـڭ نەزىرىـدە (يەنـى هۆكمىـدە)، بـۇ ئەڭ ئـادىللىق ۋە ئەڭ ئىــــسپاتلىقتۇر (يەنــــى گۇۋاهلىقنىــــڭ ئۇنتۇلماســــلىقىنى ئەڭ ئىـسپاتلىغۇچىدۇر)، گۇمانلانماسـلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىنـدۇر. لـېكىن ئاراڭلاردا قىلىشقان قولمۇقول سودىدا هۆججەت يازمىساڭلارمۇ هېچ

گۇناھ بولمايدۇ. ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقىتلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار، پۈتۈكچىگىمۇ، گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن؛ ئەگەر زىيان يەتكۈزسەڭلار گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىسىلەر، اللەنىڭ (ئەمرىگە ۋە نەھيىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار، الله سىلەرگە ئۆگىتىدۇ (يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىمنى بېرىدۇ)، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.[1]»

ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدە ئەخلاق بار.

جىنسىي مۇناسىۋەتلەردە ئەخلاق بار.

جەمئىيەت مۇناسىۋەتلىرىدە ئەخلاق بار.

مۇسۇلماننىڭ غەيرى مۇسۇلمان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئەخلاق بار.

تىنچلىق ۋە ئۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىدە ئەخلاق بار.

شۇنداق قىلىپ، ئەخلاقنىڭ دائىرىسى بارغانسىرى كېڭىيىپ بارىدۇ. نەتىجىدە بارلىق ئادەملەرنى، بارلىق ئىشلارنى، ھەتتا، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە «ئەدەب» بار... بەلكى، ئەخلاق كېڭىيىپ، ئىنسانىيەتتىن ھالقىپ، تەبىئەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر مۇسۇلمان كۆچەت تىكسە، باشقىلار ئۇنىڭدىن يېسىمۇ، ئوغرىلىسىمۇ، يىرتقۇچ يېسىمۇ، قۇشلار يېسىمۇ ئۇ كىشىگە سەدىقە بولىدۇ. ھەتتا، ئۇنىڭ كۆچىتىگە ئاپەت يەتسىمۇ، ئۇ كىشىگە سەدىقە

---

[1] سۈرە بەقەرە: 282- ئايەت.

بولىدۇ.[1]»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر قانداق جانلىقتا (ھەر قانداق جان ئىگىسىگە قىلىنغان ياخشىلىقتا) ئەجرى بار.»

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر قېچىر سەنئائدا (ياكى ئىراقتا) مۇدۇرۇپ كەتسە، يولنى تۈزلەپ قويمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن جاۋابكار بولىمەن.»

* * * * *

بىز بۇ چەكلىك سەھىپىلەردە «لاإله الاالله» ئەخلاقى ھەققىدە تەپسىلى سۆزلەپ بولالمايمىز. چۈنكى، ئۇ دېگەن مەخسۇس تەتقىقات ساھەسىدۇر. اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ھەر قايسى ساھەدىكى ئەخلاقىي يولىيۇرۇقلارنىڭ مول مەنبەسىدۇر.

بىزنىڭ بۇ چەكلىك سەھىپىلەردىكى مەقسىتىمىز ئەخلاقنى «”لاإله الاالله“ ئەخلاقى» دەپ ئاتىغىلى بولغۇدەك دەرىجىدە بۇ ئەخلاقلار بىلەن «لاإلــه الاالله»نىڭ باغلىنىشچانلىقىنى، ئۇنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ۋە مۇشۇ دىندىكى مۇستەھكەملىكىنى، ھەتتا، تۈنجى نازىل بولغان سۈرە بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا نازىل قىلىنغان ئايەتنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئەقىدىۋىي ھەم ئەخلاقىي «يولىيورۇقلار» بولغانلىقىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت.

مۇشۇ دىنىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئەخلاقىي يولىيۇرۇقلارنىڭ شۇ قەدەر مول ۋە مۇكەممەللىكىگە قارىماي، بۇ ئۈممەتنىڭ ئەخلاقىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى مىنى ئەجەپلەندۈرىدۇ. ئۈممەت

---

① ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئالدى بىلەن ئەخلاقنى «لاإلــه الاالله»نىـڭ تەلەپلىـرى قاتارىـدىن چىقىرىــۋەتتى. ئانــدىن ئــۇنى ئەمەلــيي ھەرىــكەت دائىرىــسىدىن چىقىرىـــپ تاشــلىدى. نەتىجىـــدە ئــۇممەت ھـــازىرقى زامـــان جـاھىلىيىتىگە نىـسبەتەن يەر شـارىدىكى مىللەتـلەر ئوتتۇرىـسىدا «يامان ئاتاقلىق» بولۇپ قالدى.

بۈگۈن يەر شارىدىكى الله رەھىـم قىلغـان كىـشىلەردىن باشـقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەخلاقسىز ھالەتتە ياشاۋاتىدۇ:

﴿ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ﴾

«ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا بۇزۇقچىلىق ئاشكارا بولدى.[①]»

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى يۈكسەك ئەخلاققا ئىـگە قىيـاپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىـدۇ، ئۇنىڭغـا قىزىقتۇرىۋاتىـدۇ ۋە ئەۋلادلىرىنـى شۇ بويىچە تەربىيىلەۋاتىدۇ.

بــۇ جاھىلىيەتنىــڭ ئەخلاقــى قارىماققــا گــۈزەل كۆرۈنــسىمۇ، بىراق، بىز ئۇنىڭغا ئالـدىنىپ قالماسـلىقىمىز لازىـم. چۈنكى، بىـز بىلىمىز، جـاھىلىيەت ئەخلاقـى مـاھىيەتتە مەنـپەئەت خاراكتېرلىـك (پراگماتىـــستىك) ئەخـــلاق بولـــۇپ، ئۇنىـــڭ نىـــشانى دۇنيـــا مەنپەئەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، كۈندىلىك ھايات چاقىنى «مـاي سۈركەپ سىلىقلاشتۇرۇش» ئارقىلىق «چـاق»نىـڭ مـۇمكىن قەدەر غىچىرلىمـايي، ئــۆز-ئــارا سـۈركەلمەي سـىلىق ئايلىنىـشىنى ئىـشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەخلاقنىڭ رېئاللىقتىكى تايانچىسى شۇكى، غەرب جەمئىيىتىدىكى ھەر قانداق «ئاق تەنلىـك» كىـشى قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن بىر قولنى سۇنغان چاغدا، ئۇنىڭ

① سۈرە رۇم: 40- ئايەت.

يەنە بىر قولى ئارقىسىدا بولۇپ، ئارقىسىدىكى قولىدا ھەر قانداق بىر كۆتۈلمىگەن زوراۋانلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پىچاق تۇتۇپ تۇرغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەنە بىر ئاق تەنلىكنىڭمۇ ئاللىقاچان ئارقىسىدا پىچاق تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن باشتىن-ئاخىرى ئەدەبلىك بولۇشى قانداقتۇر ئەخلاققا رىئايە قىلغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى، مۇمكىن قەدەر سۈركىلىشنى ئازايتىپ، مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە جەمئىيەت «چاق»نى سىلىق ئايلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر... بىراق، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىلاھىي ئەخلاق ئەمەس. ئۇنىڭ الله بىلەن ياكى اللەنىڭ دىنى بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاق تەنلىكلەر باشقا ئىرقتىكى كىشىلەرگە تاجاۋۇز قىلىشتىن قورقمايدۇ ۋە قىلچىلىك «ۋىجدان ئازابى» ھېس قىلمايدۇ. ئۇ بىلىدۇكى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ قولىدىكى پىچاق باشقا ئىرقتىكىلەرنىڭ قولىدا يوق. ئاق تەنلىك سوتچى باشقا ئىرقتىكىلەرنى ئۇرۇپ-دۇمبالاپ، پۇت-قوللىرىنى سۇندۇرۇپ، چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلاپ قويغان ئاق تەنلىك ساقچىلارنى گۇناھسىز دەپ بىمالال ئاقلايدۇ ۋە بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنى «ئەيىبلىك» ھېسابلىمايدۇ. بۈگۈن سىربلار بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنا مۇسۇلمانلىرىنى شىددەتلىك قىرغىن قىلىپ، ئەڭ قەبىھ قىرغىنچىلىقلارنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇددىستلار ۋە بۇتپەرەس ھىندىلار بىرما ۋە ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ قىيناۋاتىدۇ. ئەمما، ئۆزىنى «ئەركىن دۇنيا» دەپ ئاتىۋالغان ئاق تەنلىكلەر دۇنياسى بۇنىڭدىن قىلچىلىك خىجىللىق ياكى ۋىجدان ئازابى ھېس قىلمايۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقى مۇسۇلمان بولۇپ ياشىغان مەزگىللەردىكى ئەخلاقى ئىلاھىي ئەخلاق بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچبىر مەنپەئەت بىلەن

ياكى «غايه ۋاستىنى ئاقلايدۇ» دەيدىغان پرىنسىپ قىلچە ئالاقىسى يوق... بەلكى، بۇ دېگەن الله بىلەن بولغان ئەھدىدۇر.

شۇ سەۋەپتىن مۇسۇلمانلار بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە، بىر رايوندىن يەنە بىر رايونغا كۆچكەن ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ئۆزگىرىپ كەتمىگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان الله باشقا يۇرتلارغا بارغاندا ئۆزگىرىپ كەتمەيتتى. ئۆز ئەللىرىدە اللەغا بەرگەن ئەھدە، ئۆز دۆلەتلىرىدە رىئايە قىلىدىغان پرىنسىپلار قەيەرگە بارمىسۇن هامان ئۆزگەرمەيتتى.

ئەبۇ ئۇبەيدە ـ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ـ شام (هازىرقى سۈرىيە)نى پەتهى قىلغاندىن كېيىن، شاملىقلاردىن جىزيە ئالدى. شام خەلقى ئەبۇ ئۇبەيدىگە ئۆزلىرىنى رىم كاتولىكلىرىدىن قوغداش شەرتىنى قويدى. چۈنكى، گەرچە ھەر ئىككىلىسى خرىستىئان دىنىدا بولسىمۇ، بىراق، مەزھەب ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن كاتولىك مەزھىبىدىكى رىملىقلار قارشى مەزھەبتىكى شاملىقلار زۇلۇم ۋە هاقارەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئەبۇ ئۇبەيدە بۇ شەرتنى قوبۇل قىلدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھىرەقلىنىڭ شامنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن زور قوشۇن بىلەن شامغا قاراپ يولغا چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. ئەبۇ ئۇبەيدە شاملىقلارغا جىزيەنى قايتۇرۇپ بەردى ھەمدە: «سىلەر بىزگە سىلەرنى قوغداش شەرتىنى قويغان ئىدىڭلار. ئاڭلاپ تۇرۇپسىلەر، هازىر دۈشمەن زور قوشۇن بىلەن بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىلەرنى چوقۇم قوغدايمىز دەپ ئېيتالمايمىز. مۇبادا الله بىزگە ياردەم بېرىپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ قالساق، ئەنە شۇ چاغدا يەنە

بۇرۇنقى شەرت كۈچكە ئىگە بولسۇن، ھازىرچە سىلەر بىزگە تاپشۇرغان جىزيەنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرەيلى!» دېدى... ئاللا ياردەم بېرىپ مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلدى. شاملىقلار قايتىدىن كېلىپ، چىن كۆڭۈللىرى بىلەن جىزيە تاپشۇردى ۋە: «سىلەر گەرچە بىز بىلە بىر دىندا بولمىساڭلارمۇ، بىزگە ئۆزىمىزنىڭ دىندىكىلەردىنمۇ بەكرەك مېھرىبان ئىكەنسىلەر» دېيىشتى... شۇنىڭدىن كېيىن كۆپلىگەن كىشىلەر ئىسلامغا كىردى...

ئىسلام ھىندونېزىيىگە ئىسلامنىڭ پاكىزلىق ۋە ئالىيجاناپلىق پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغان مۇسۇلمان تىجارەتچىلەرنىڭ ئەخلاقى ئارقىلىق تارقالدى. ھېندونېزىيىلىكلەر تېرىنىڭ رەڭگىنى ئەمەس، بەلكى، قەلبىدىكى ئەقىدىنى ئاساسي ئۆلچەم قىلىدىغان سۈزۈك، ساپ، يارقىن نامايەندىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان بۇ دىننى ياخشى كۆرۈپ، ئاندىن ئىسلامغا كىردى.

ئىسلام ئۇممىتى «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلغان چاغلاردا ئىنسانىيەتنىڭ يولىنى يورۇتىدىغان نۇرلۇق مەدەنىيەت كەڭرى تارقالغان، ياۋروپا گۈللىنىش ھارپىسىدىكى تۇرتكىلىك ئامىللارنى ئاشۇ نۇرلۇق مەدەنىيەتتىن قوبۇل قىلغان ئىدى.

بىراق، بۈگۈن ـ ئاللە رەھىم قىلغان كىشىلەردىن باشقا ـ كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىنى «لاإله الاالله» ئەخلاقىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ باھالايدىغان بولساق، ئۇلارغا «نۆل» قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. جاھىلىيەت بولسا ئۇممەتنىڭ يېنىدا يۈكسەك ئەخلاققا ئىگە «مىللەت» سۈپىتىدە گەۋدىلىنىۋاتىدۇ.

ھەقىقەتەن ياۋروپانىڭ ئەخلاقى ـ پرىنسىپ جەھەتتىن ـ ماھىيەتتە ئىسلام ئەخلاقىنىڭ دەل ئۆزىدۇر...

يەنى راستچىللىق، ۋەدىسىدە تۇرۇش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ئىشلاردا ئىخلاسمەن بولۇش، ئەستايىدىللىق، ئاكتىپچانلىق، چىدامچانلىق، باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، پاكىزلىق... قاتارلىقلار... بىراق، ئىسلام ئەخلاقى بىلەن جاھىلىيەت ئەخلاقى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، كىشىلەر ئىسلامدا ئەخلاققا الله ئۈچۈن رىئايە قىلىدۇ. ئەمما، جاھىلىيەتتە بولسا مەنپەئەت ئۈچۈن رىئايە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جاھىلىيەتتە ئەخلاققا پەقەت ئىجتىمائىي مۇئامىلە دائىرىسىگىلا مەركەز قىلىنغان بولۇپ، سىياسەتتە ئەخلاق يوق. جاھىلىيەت يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، قارا كۆڭۈللۈككە رۇخسەت قىلىدۇ. ئىقتىسادتا ئەخلاق يوق. جاھىلىيەت جازانە، ساختا ئىلان ۋە تۈرلۈك ئالدامچىلىق ۋاستىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى ناھەق يېۋېلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ پايدىلىنىش قىممىتى ئىنتايىن تۆۋەن ياكى يوق دېيەلىك بولغان ئىسكىلاتتا بېسىلىپ قالغان تاۋارلارنى سېتىشنى تىزلىتىش، كاپىتالىستلارنىڭ يانچۇق ۋە چۆنتەكلىرىنى يوغىنىتىش مەقسىتىدە بېرىلىدىغان ئېلانلارنىڭ يالغانلىقى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، بىراق، جاھىلىيەت بۇنى چەكلىمەكتە يوق، ئەكسىچە، ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك راۋاجلاندۇرىدۇ. جىنسىي ئالاقىلەر تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قالايمىقانلاشتى...

بىراق، بۈگۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەخلاقى قېنى؟

بىز ياۋروپا ئەخلاقىغا ئوخشاش قىسمەن دائىرىنى مەركەز قىلغان، مەنپەئەت خاراكېرىدىكى ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلمايمىز. شۇنداقتىمۇ، بىز سوراپ باقايلى: مەيلى مەنپەئەت ياكى غەيرى مەنپەئەت بولسۇن، كۆرۈنۈش ياكى ماھىيەت بولسۇن... بۈگۈن

ئىسلام ئۇممىتىدە ئەخلاق بارمۇ؟!...

ياكى بۇ ئىسلامغا كىرىپ بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ قايتىدىن جاھىلىيەتكە يېنىۋېلىشىمۇ؟!...

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنى قويۇپ تۇرايلى، ئۆتمۈشتىكى ئەرەب جاھىلىيىتىنىڭمۇ «ئەخلاقى» بار ئىدى. بۈگۈن بىزنىڭ جەمئىيەتلىرىمىز ۋە مۇئامىلىلىرىمىز ئەخلاقتىن نەقەدەر يىراقلاپ كەتكەن ـ ھە!

بۇ ئۇممەت ئەخلاقتىن چېكىنىۋېرىپ، ئاخىرى جاھىلىيەت ئۇنىڭ يېنىدا «ئەخلاقلىق» مىللەت سۈپىتىدە قەد كۆتۈردى.

ئۇممەت ھەقىقەتەن، ئالدى بىلەن ئەخلاقنىڭ «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇمىغىچە، ئاندىن ئەۋلادلىرىنى «"لاإله الاالله" ئەخلاقى» بويىچە تەربىيىلەپ چىقمىغىچە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، كاللىدىكى مەلۇمات مەيلى قانچە ئۇزاق ساقلانسۇن بەرىبىر رېئال ھاياتتا قىلچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس.

@ @ @ @ @

# 5. ئىدىيىۋى تەلەپ

مۇسۇلمانىنىڭ كائىنات، هايات، ئىنسان ھەققىدە ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان الله بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئېلىنغان ئۆزىگە خاس تەسەۋۋۇرى بولۇشى كېرەك. بۇ تەسەۋۋۇر ھەر قايسى تەرەپلەردە ـگاھىدا قىسمەت تەرەپلەردە ـ جاھىلىيەت تەسەۋۋۇرىغا ئوخشمايدۇ. بۇ خىل ئوخشىماسلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى، ھايات پرىنسىپى، «قىممەت قاراش»قا بولغان نۇقتىئىنەزەر... قاتارلىق كۆپلىگەن ئىشلاردىكى ئوخشىماسلىقتىن كېلىپ چىققان.

شۇنىڭ ئۈچۈن زالىم كەنت ئاھالىسى بىلەن چىقىشىپ ياشاش مەقسىتىدە غەربنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولغان چاقىرىق ماھىيەتتە بىزنى «ئۆزلۈك پرىنسىپ»ىمىزدىن ۋاز كېچىشكە، «ئىنسانىي توپ»لار بىلەن بىر يولدا مېڭىشقا دالالەت قىلىش چاقىرىقىدۇر. بۇ خىل «ئىنسانىي توپ»لار بىلەن بىر يولدا مېڭىش ئىدىيىسىنى قەدىمدىكى بىر شائىر ـگەرچە پەرقلىق دائىرىدە بولسىمۇ ـ مۇنداق ئىپادىلىگەن:

قەبىلەم غەزىيەدۇر، غەزىيەدۇ ھامان،
ماڭىمەن كەينىدىن ئەگىشىپ تامان.
قىلغىنى توغرا يا بولسۇن ھەم خاتا،
ئەگەشتىم، يوقالماي تۇرسىلا جاھان.

بۇگــۈنكى كۈنــدە «دۇنيــاۋى ئومــۇمى پىكىــر» يــاكى «تېخنولــوگىيە ئىــنقىلاۋى» قەدىمقــى ئەرەب شــائىرىنىڭ قەبىلىسىنىڭ ئورنىدا بىزنىڭ هاياتىمىزدىكى يېڭى پەرۋەردىگارغا ئايلاندى!.

* * * * *

ھەقىقەتەن كائىنات، ھايات ۋە ئىنسان ھەققىدىكى دىنىي ئاگنوز خاراكتېرلىك قىسمەن «مەلۇماتلار» ئاخىرقى ئىلمىي ھەقىقەتكە[1] ئايلانغان چاغدا مۇئمىن ۋە كاپىرغا نىسبەتەن پەرقسىز بولىدۇ. بۇ خىل ھەقىقەتلەرگە شەخسىي كۆز قاراش ۋە شەخسىي پوزىتسىيە «قــول تىقالمايــدۇ»... بــۇ ســاھەدە ئىلىمنىــڭ رولــى پەقەت كــۈزىتىش، خــاتىرىلەش ۋە ئىمكانىيەتنىــڭ بېــرىچە «ئومــۇمى قانۇن»نى يەكۈنلەشكە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت.

ئەمما، ئىلىم ئۇنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان ھامان ۋەزىيەت ئۆزگىرىدۇ... مۇئمىن بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق كۆرۈلىدۇ.

بۇ مەسىلىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرۈپ باقايلى:

ئالىملار ئوتتۇرىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئىلمىي كۆز قاراش شۇكى، ماددىلار سوقۇقتىن قورۇلۇپ (تارىيىپ)، قويۇقلۇق دەرىجىسى ئاشىدۇ، ۋەزنى ئېغىرلايدۇ. ئەمما، سۇ دەل ئەكسىچە مــۇزلاش دەرىجىســىگە بارغانــدا ھەجمــى ئاشــىدۇ، قويۇقلــۇقى كېمىيىدۇ ۋە ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ...

---

[1] ئۇســتاز ســەيىد قۇتۇبنىــڭ «ئىــسلامىي تەســەۋۋۇرنىڭ ئالاھــىدىلىكلىرى»، «ئىــسلامىي تەسەۋۋۇرنىڭ پرىنسىپلىرى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن!

ئىلىم بۇ كۆرۈنۈشلەرنى مۇشۇ پېتى ئەينەن خاتىرىلەيدۇ. ئۇنى خاتىرىلەشتە ۋە سۈپەتلەشتە مەيلى مۇئمىن ياكى كاپىر بولسۇن ھەر ئىككىلىسىنىڭ خاتىرىلىگىنى ئوخشاش بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئوبيكتىپ، ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانىنىڭ مەيدانى بىلەن ئالاقىسى يوق. بەلكى، بۇ ھەقىقەت ئىنسان بۇ دۇنياغا يارىلىشتىن بۇرۇنلا مۇشۇ خىل رەۋىشتە مەۋجۇت ئىدى.

بىراق، جاھىلىيەتچى ئالىم بۇ كۆرۈنۈشنى پەقەت «تەبىئەت»تە مەۋجۇت بولغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرى دەپلا قارايدۇ ۋە ئۇنى تەبىئەتكە قايتۇرۇشتىن باشقىنى قىلالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ «تەبىئەت»نىڭ نېمىلىكىنى ئېنىق بىلمەيدۇ. دارۋىن تەبىئەت ھەققىدە: «ھەممە نەرسىنى تەبىئەت ياراتقان، تەبىئەتنىڭ يارىتىش قۇدرىتى چەكسىز» دەيدۇ، ئاندىن يەنە: «تەبىئەت قارىغۇلارچە ئىش قىلىدۇ» دەيدۇ.

مۇسۇلمان ئالىم بۇنىڭدا اللە دەريا، دېڭىز ۋە ئوكيان سۇلىرىدا ياراتقان جانلىقلارنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدىغان بىر ئىلاھىي تەدبىرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. چۈنكى، ئەگەر سۇ باشقا ماددىلارغا ئوخشاش سوغۇقتىن قورۇلسا (تارايسا) ۋە ئۇنىڭ ۋەزنى ئېغىرلىسا، ئۇنداقتا، مۇز سۇ ئاستىغا چۆشۈپ كېتىپ، سۇ ئاستىدىكى جانلىقلارنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ. ئەمما، اللە سۇنى مۇزلىغاندا كېڭىيىدىغان ۋە سۇ ئۈستىگە ئۆرلەيدىغان قىلغانلىقتىن، ئۇ قەھرىتان قىشنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىرىدە سۇ ئاستىدىكى جانلىقلارنى سوغۇقتىن ساقلايدىغان ئۆگزە ھاسىل قىلىدۇ.

ئىككى نۇقتىئىنەزەر ئارىسىدىكى پەرق ۋە ئۇنىڭ قەلبلەردىكى تەسىرى بىر-بىرىدىن نېمدىگەن يىراق-ھە!

* * * * *

مۇسۇلمانىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا كائىنات، هايات ۋە ئىنسان اللەنىڭ مەخلۇقلىرى بولۇپ، الله ئۇلارنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن ياراتقان. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن پىلانلىغان. ئۇلارغا ئۆز ئىرادىسى بىلەن «قىياپەت» ۋە «قانۇنىيەت» ئاتا قىلغان.

﴿قُلْ أَئِنَّكُمْ لَتَكْفُرُونَ بِالَّذِي خَلَقَ الْأَرْضَ فِي يَوْمَيْنِ وَتَجْعَلُونَ لَهُ أَنْدَادًا ذَلِكَ رَبُّ الْعَالَمِينَ، وَجَعَلَ فِيهَا رَوَاسِيَ مِنْ فَوْقِهَا وَبَارَكَ فِيهَا وَقَدَّرَ فِيهَا أَقْوَاتَهَا فِي أَرْبَعَةِ أَيَّامٍ سَوَاءً لِلسَّائِلِينَ، ثُمَّ اسْتَوَى إِلَى السَّمَاءِ وَهِيَ دُخَانٌ فَقَالَ لَهَا وَلِلْأَرْضِ ائْتِيَا طَوْعًا أَوْ كَرْهًا قَالَتَا أَتَيْنَا طَائِعِينَ، فَقَضَاهُنَّ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ فِي يَوْمَيْنِ وَأَوْحَى فِي كُلِّ سَمَاءٍ أَمْرَهَا وَزَيَّنَّا السَّمَاءَ الدُّنْيَا بِمَصَابِيحَ وَحِفْظًا ذَلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ﴾

«(سەن ئۇلارغا) "سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان اللەنى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىكلەر كەلتۈرەمسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر" دېگىن. ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم-زىيادىسىز باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر). ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، هالبۇكى، ئۇ تۇمان هالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: "ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز هالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)" دېدى. ئىككىلىسى "ئىختىيارىي كەلدۇق" دېدى. الله يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. هەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى هەر ئاسماننىڭ ئېهتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى). ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن

زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللەنىڭ تەقدىرىدۇر.[1] »

بۇ خىل كۆز قاراش -ھەر قايسى تەرەپلەردە- «كائىنات ياراتقۇچىسى يوق مەۋجۇدات ياكى كائىنات تاسادىپىي پەيدا بولغان ياكى كائىنات مەڭگۈ، ئەبەدىلئەبەد مەۋجۇت، شۇڭا ئۇ ”يارىتىلىش“قا مۇھتاج ئەمەس» دەيدىغانلارنىڭ كۆز قارىشىدىن نەقەدەر پەرقلىنىدۇ-ھە!

﴿أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ الْخَالِقُونَ، أَمْ خَلَقُوا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بَل لَا يُوقِنُونَ﴾

«ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (اللەنىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ.[2] »

كائىنات ۋە كائىنات ئۈستىدىكى ھايات تاسادىپىي پەيدا بولغان، ئىنسانمۇ زېمىن ئۈستىدە تاسادىپىيلا پەيدا بولۇپ قالغان چاغدا... ئاشۇ ئىنساننى مەۋجۇداتتىكى ھەر بىر شەيئىگە ۋە «قىممەت» تۈرلىرىدىن ھەر بىر تۈرگە نېمە (قايسى ئامىل) باغلاپ تۇرىدۇ؟ ئىنسان ئەسلىدىلا مەقسەت ۋە نىشانسىز پەيدا بولغان تۇرسا، ئۇنىڭ ھاياتىدا قانداقمۇ نىشان مەۋجۇت بولىدۇ؟ قانداقسىگە ئۇنىڭ «ئەخلاق» ئۆلچىمى بولىدۇ؟ ئۇنىداقتا، نىشانسىز مەخلۇققا نىسبەتەن ئەخلاقنىڭ نېمە رولى ۋە قىممىتى بولسۇن؟!...

«اللە ياراتقۇچى، پەيدا قىلغۇچى، سۈرەتكە كەلتۈرگۈچى»

---

① سۈرە فۇسسىلەت: 9-12- ئايەتلەر.

② سۈرە تۇر: 35-36- ئايەتلەر.

دەپ ئىشىنىدىغان كىشى بىلەن «ھەممىنى "تەبىئەت" ياراتقان، تەبىئەت قارىغۇلارچە ئىش قىلىدۇ» دەيدىغان كىشى ئوتتۇرىسىدىكى كۆز قاراش ۋە كۆز قاراشنىڭ نەتىجىلىرى نىمە دېگەن پەرقلىق-ھە!

ئۇ ئىنتايىن زور پەرق بولۇپ، ھاياتلىق پرىنسىپىدىكى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىنسانىنىڭ ئىنسانىنى، كائىناتنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان ياراتقۇچى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلگەن، ئۆزىنىڭ يارىتىلىشتىكى نىشانىغا نىسبەتەن پاراسىتى يوقالغان چاغدا ئۇنىڭ ھايۋاندىن نىمە پەرقى قالىدۇ؟ بەلكى، ئۇ ھايۋاندىنمۇ ئازغۇنراقتۇر.

﴿أُولَئِكَ كَالْأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ أُولَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ﴾

«ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر.[1]»

ئىنسان ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزگە ئوخشىغان باشقا ئىنسانلارنىڭ تاسادىپىيلا زېمىن ئۈستىدە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ روھىيىتىدىكى ماددىيەتكە بولغان «ئېچىرقاش»نى ھېس قىلغان ۋاقىتتا، ئۇلار ماددىي مەنپەئەتتىن قولغا كەلتۈرگەن «نېسىۋىسى»نىڭ بىر-بىرىدىن كۆپ بولۇشى ئۈچۈن، ئۆز-ئارا «مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشى»گە ئاتلىنىدۇ... نەتىجىدە ھايۋاندىن بەتتەر ئازغۇن بولىدۇ... ھايۋانلار ئۆز تەبىئىتى (خاراكتېرى)نىڭ يېتەكلىشىگە بويسۇنىدۇ-دە، نەتىجىدە تەبىئىتى ئۇنى ھالاكەتتىن ساقلايدۇ. ئەمما، ئىنسان يۈكسەك قىممەت

---

[1] سۈرە ئەئراف: 179 - ئايەت.

قاراشتىن ئايرىلىپ، ئۆز تەبىئىتى (خاراكتېرى)نىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغان ۋاقىتتا، تەبىئىتى ئۇنى ئازدۇرىدۇ ۋە ھالاكەتتىن ساقلىيالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىنسانىنىڭ پائالىيىتىنى كونترول قىلىدىغان «ئۆلچەم»نى يوقاتقان بولىدۇ.

* * * * *

مۇئمىنىنىڭ ئېڭىدا كائىنات، ھاياتلىق ۋە ئىنسان اللهنىڭ مەخلۇقلىرى دېگەنىدىن باشقا، يەنە بىر بۈيۈك ھەقىقەت مەۋجۇت...

يەنى ئىنسانلار توپىدىن باشقا بارلىق مەخلۇقاتلار اللهغا ئىبادەت قىلىدۇ ۋە اللهغا سەجدە قىلىدۇ... دېگەن ھەقىقەت...

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يَسْجُدُ لَهُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ وَالنُّجُومُ وَالْجِبَالُ وَالشَّجَرُ وَالدَّوَابُّ وَكَثِيرٌ مِنَ النَّاسِ وَكَثِيرٌ حَقَّ عَلَيْهِ الْعَذَابُ﴾

«بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر)، زېمىندىكىلەر (يەنى ئىنسانلار، جىنلار ۋە زېمىندا ياشايدىغان بارلىق مەخلۇقاتلار)، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋاناتلار اللهغا بويسۇنۇپ، اللهنىڭ تەسەررۇپ قىلىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ) ۋە نۇرغۇن كىشىلەر اللهغا سەجدە قىلىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر (كۇفرى سەۋەبلىك) ئازابقا دۇچار بولدى.[1]»

﴿وَإِنْ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِ وَلَكِنْ لَا تَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْ﴾

«(كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، اللهنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى اللهنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ

① سۈرە ھەج: 22- ئايەت.

مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر.①»

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يُسَبِّحُ لَهُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالطَّيْرُ صَافَّاتٍ كُلٌّ قَدْ عَلِمَ صَلَاتَهُ وَتَسْبِيحَهُ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِمَا يَفْعَلُونَ﴾

«اللەغا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ۋە قاناتلىرىنى كەرگەن ھالدا (ئۇچۇپ كېتىۋاتقان) قۇشلارنىڭ تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى سەن بىلمەمسەن؟ اللە ھەر(مەخلۇق) نىڭ دۇئاسىنى ۋە تەسبىھىنى بىلىدۇ، اللە ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.②»

﴿وَلِلَّهِ يَسْجُدُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَظِلَالُهُمْ بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ﴾

«ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلار) ئىختىيارى ۋە مەجبۇرى يوسۇندا اللەغا بويسۇنىدۇ، ئەتىگەن-ئاخشامدا (يەنى داۋاملىق تۈردە) ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ بويسۇنىدۇ.③»

«كائىنات ئۇ پەقەت بىر ساماۋىي جىسىم، جانلىق كائىنات ھاياتلىق تۈرلىرىدىن پەقەت بىر تۈر» دەپ قاراش بىلەن بارلىق كائىنات ئارىسىدا ئۇلارنى «اللەغا يۈزلىنىش ۋە اللەغا تەسبىھ ئېيتىش»دىن ئىبارەت ئورتاق بىر مۇناسىۋەتنىڭ ئۆز-ئارا باغلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدا سەزگۈدە ناھايىتى زور پەرق بار...

ئىككى نۇقتىئىنەزەرنىڭ بىرى ئىنساننى ھېسسىي ئالەمنىڭ

---

① سۈرە ئىسرا: 44- ئايەت.

② سۈرە نۇر: 40- ئايەت.

③ سۈرە رەئد: 15- ئايەت.

قورشاۋى ئىچىگە بېكىنىدۇرۇپ قويسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا «كۆرۈش» ساھەسىنى كېڭەيتىدۇ ھەمدە بۇ ساھە كۆرگىلى بولىدىغان ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى، غەيبىي ئالەم بىلەن ھېسسىي ئالەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ... ئاندىن ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ، ئەھمىيەت بېرىش چېكى يىراققا قاراپ سوزۇلىدۇ. (روھىيەتتىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش) ئۇنىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان كىشلىك مۇناسىۋىتىدە ئېنىق ئەكس ئېتىدۇ. ئۇنىڭ مۇناسىۋەت ساھەسى نوقۇل «ماددىي ئالەم» بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى، تېخىمۇ كېڭىيىپ، «مەنىۋىي ئالەم»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ...

* * * * *

ئۈچىنچى بىر ئىش بار... ھازىرقى ئىلىم-پەن ئۇنىڭغا دۇچ كەلدى. بىراق، ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى قۇرۇپ چىققان ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر مائارىپىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا تەربىيىلەنگەن، ئاندىن بۇ خىل مائارىپ ئۇنىڭ بارلىق تەسەۋۋۇرلىرىنى بۇزۇۋەتكەن قەلبلەردە بۇ ئىشنىڭ تەسىرى تولىمۇ ئاجىز ھالەتتە بولۇۋاتىدۇ (مۇھىملىقىنى ھېس قىلالمايۋاتىدۇ).

كائىناتنى ئۆز-ئارا باغلاپ تۇرۇۋاتقان ئىنچىكە ئىنتىزام «ئىلىم-پەن»نىڭ كۆز قارىشىدىكىدەك «مېخانىكىلىق» ھەرىكەت ئەمەس.

ھەقىقەتەن ئۇنىڭ كەينىدە پىلان ۋە تەدبىر بار...

شۈبھىسىزكى، بۇ پىلان ۋە تەدبىر ئىنسان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك...

يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ياكى قۇياشنىڭ ئەتراپىدا

ئايلىنىشى، يەر شارى بىلەن قۇياش ئارىلىقىدىكى ياكى يەر شارى بىلەن ئاي شارى ئارىلىقىدىكى مۇساپە، يەر شارىنى قورشاپ تۇرۇۋاتقان ھاۋا قاتلىمىنىڭ تەركىبى، قۇرۇقلۇق يۈزىگە سۇنىڭ تارقىلىشى، يەر شارى ھاۋاسىدىكى كاربوننىڭ رولى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆن نۇرىدا ئوكسىگېن ئىشلەپچىقىرىشتىكى رولى... قاتارلىق يەر شارىنىڭ پۈتكۈل ھەرىكىتى ئىنسان ھاياتىغا ماس كېلىش ئۈچۈن ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نازۇك ئۆلچەم بىلەن «ھېسابلىنىپ» تۇرىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقىلاردىن قايسى بىرى كىچىككىنە نىسبەتتە ئېششى ياكى كېمىيىش ئارقىلىق بۇزۇلسا، بۇنىڭدىن «ئوزۇن ئېغىزى»نىڭ كېڭىيىشى ئالدىن «سىگنال» بېرىۋاتقاندەك شۇ ھامان يەر شارىدىكى ئىنسان ھاياتىغا نىسبەتەن ھالاكەتلىك نەتىجە كېلىپ چىققان بولاتتى.

ئىنساننىڭ زېمىندىكى ھاياتىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل كائىنات ئىنتىزامىنى بويسۇندۇرۇپ بېرىشتىكى اللەنىڭ پەزلى ۋە تەدبىرىنى ھېس قىلىش بىلەن تەبىئەتنىڭ خىزمىتىدىكى ھەممە نەرسە قارىغۇلارچە ھەرىكەت قىلىدۇ دەپ گۇمان قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن زور-ھە!

﴿اللَّهُ الَّذِي سَخَّرَ لَكُمُ الْبَحْرَ لِتَجْرِيَ الْفُلْكُ فِيهِ بِأَمْرِهِ وَلِتَبْتَغُوا مِنْ فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ، وَسَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مِنْهُ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾

«اللەنىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ اللەنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن (يەنى تىجارەت قىلىشىڭلار، بېلىق تۇتۇشۇڭلار، دېڭىز ئاستىدىن ئۈنچە-

مەرۋايىتلارنى سۇزۇۋېلىشلار ئۈچۈن) ۋە (اللەغا) شۈكۈر قىلىشلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىيىنى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) (روشەن) دەلىللەر بار.[①]»

گەرچە ئىلىم - پەن كائىنات ئىنتىزامى بىلەن ئىنسان ھاياتىنىڭ تەلەپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل كۆركەم ماسلىقنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق، قەلبلەر ھەقىقەتكە قارىتا «تاقاقلىق» ھالەتتە تۇرماقتا.

﴿قُلِ انْظُرُوا مَاذَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا تُغْنِي الْآيَاتُ وَالنُّذُرُ عَنْ قَوْمٍ لَا يُؤْمِنُونَ﴾

«ئېيتقىنكى، "ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار. مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ". [②]»

گەرچە «ئىلىم» ئاتالغۇسى، «ئىلىم»نىڭ قىممىتى ۋە رولى قاتارلىق مەسىلىلەردە ھامان بىردەكلىك مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق، «ئىلىم» ئۇقۇمى، «ئىلىم»نى كۆپچىلىككە سۇنۇش ۋە تەقدىم قىلىش مەسىلىسىدە چوڭ پەرق مەۋجۇت.

---

① سۈرە جاسىيە: 11 - 12 - ئايەتلەر.

② سۈرە يۇنۇس: 101 - ئايەت.

بولۇپمۇ «تەبىئىي پەنلەر»دە شۇنداق...

بۇ «تەبىئىي پەنلەر»دە ئىلمىي ھەقىقەتتىن نەزەرىيە كۆپرەك...

مۇسۇلمان ئالىم ئەڭ ئالدى بىلەن «يارىتىش»نى اللەنىڭ ئىرادىسىدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان، تەبىئەت دۇنياسىدىكى رەڭگارەڭ كۆرۈنۈشلەرنى اللەنىڭ پىلان ۋە باشقۇرۇش دائىرىسىدىن چىقىرىپ چۈشەندۈرىدىغان ھەر قانداق نەزەرىيىنى رەت قىلىدۇ.

شۇ سەۋەپتىن، گەرچە ئىلىم كىشىلەرنى ھاۋادا ئۇچۇرۇپ، سۇدا ماڭدۇرسىمۇ، بىراق، «ئىلىم» دەپ ئاتالغان ھەر قانداق نەرسە مۇسۇلمان تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. مەسىلەن، دارۋىن نەزەرىيىسى ماھىيەتتە پەقەت بىر ئىلمىي پەرەزدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىراق، ئۇ بىر مەزگىل يەر شارىنى قاپلىدى. ھەتتا، ئۇنى رەت قىلغان كىشى نادان، قالاق دەپ قارالدى. مانا بۈگۈن دارۋىنىزمنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى يالغانغا چىقىرىپ، «ئىنسان»نىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە «يېڭىچە چۈشەندۈرۈش»نى ئوتتۇرىغا قويىدىغان يېڭى «ئىلمىي نەزەرىيە» مەيدانغا كەلدى[1].

ئەمما، «ئىجتىمائىي پەنلەر»دە بولسا، يېرىق تېخىمۇ كەڭ...

بۇ «پەنلەر»نىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئىنسانىي نۇقتىئىنەزىرىگە ۋە ئىنساننىڭ ھايات پرىنسىپلىرى ھەققىدىكى كۆز-قارىشىغا تايىنىدۇ.

---

① مورىس بوكاي ئاپتورلۇقىدىكى «ئىنساننىڭ ئەسلى نېمە؟» ناملىق ئەسەرگە قارالسۇن! (ئاپتوردىن).

بۈگۈنكى كۈندە پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، تارىخ، ئەدەبىيات، ئىقتىساد ۋە جۇغراپىيە... قاتارلىق «ئىجتىمائى پەنلەر» («ئىنسانىي پەنلەر» ياكى «گۇمانىتار پەنلەر») دەپ ئاتالغان «پەنلەر»نىڭ ھەممىسى غەربتە دارۋىنىزمنىڭ ئىنساننى «ھايۋان» دەپ قارايدىغان نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

بۇ پەنلەردىكى ھالقىلىق مەسىلە ئۇنىڭ «ئارىلاشما» بولۇپ كەتكەنلىكىدە... بۇ خىل پەنلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىرى ئۆزىنىڭ ئىنسانغا بولغان نۇقتىئىنەزىرىدە دارۋىنىزم نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «ئىلمىي ئىزدىنىشنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، دارۋىنىزم نەزەرىيىسى ”ساپ ئىلىم“غا ئايلاندى، ئۇنىڭ نەتىجىلىرى باشقا پەنلەرنىڭ نەتىجىلىرىگە ئوخشاشلا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىشى لازىم» دەپ قارايدۇ... بولۇپمۇ، ئىقتىساد، پسىخولوگىيە ۋە پېداگوگىكا پەنلىرىگە نىسبەتەن بۇ خىل تەشەببۇسلار كۈنسېرى كۈچەيمەكتە. گەرچە باشقا پەنلەرگە قارىغاندا بۇ پەنلەردە بىر قەدەر يەڭگىلرەك بولسىمۇ...

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مۇسۇلمان قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئاساس قىلىدىغان ئىدىيىۋى پرىنسىپنىڭ تەلىۋى بويىچە دارۋىنىزمنىڭ ئىنساننى «ھايۋان» دەپ قارايدىغان نەزەرىيىسىنى رەت قىلىدۇ. شۇنداقلا، غەربنىڭ ئىقتىساد، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا (تەربىيە) ۋە تارىخ پەنلىرىنى «ساپ ئىلىم»، ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مۇنازىرىگە ئېھتىياجى يوق ئاخىرقى مۇقەررەر نەتىجە دەپ قارايدىغان «كۆز-قاراش»لارنى رەت قىلىدۇ.

سىز ئىقتىساد ئىلمىدىكى مۇنداق بىر ئاددىي مىسالنى كۆرۈپ

بېقىڭ!

غەربنىڭ ئىقتىساد ئىلمىدىكى تۇنجى دەرس «ئىقتىساددىكى قىيىنچىلىق ئېھتىياجنى قامدىيالماسلىق قىيىنچىلىقىدۇر» دېگەن گۇناھلىق ئىبارە بىلەن باشلىنىدۇ.

سۇبھانەللاھ! الله زېمىن ھەققىدە: ﴿وَبَارَكَ فِيهَا وَقَدَّرَ فِيهَا أَقْوَاتَهَا﴾ «الله زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم-زىيادىسىز) باراۋەر (تاماملىدى) [1]» دەۋاتسا، ئۇلار: «قىيىنچىلىق ئېھتىياجنى قامدىيالماسلىق قىيىنچىلىقىدۇر» دەۋاتىدۇ.

يالغانچىلار!!!... بۇ يەردىكى قىيىنچىلىق «ئېھتىياجنى قامدىيالماسلىق قىيىنچىلىقى» ئەمەس، بەلكى، «ئىنسان قىيىنچىلىقى»دۇر. يەنى جاھىلىيەتچى ئىنسان چەكتىن ئاشقان ھوزۇر-ھالاۋەتتىن بەھرىمەن بولۇشنى ئىزدەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن (ھەممە كىشىگە اللەنىڭ نېمەتلىرىدىن تەڭلىك ۋە باراۋەرلىك ئىچىدە ئادالەت بىلەن ئورتاق مەنپەئەتلىنىشنى بەلگىلىگەن) ئىلاھىي شەرىئەتنى رەت قىلىدۇ. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى قۇل قىلىدۇ. زالىملارنىڭ كۆزىگە يەر شارىدىكى رىزىق ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ... مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشى باشلىنىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر ئوتتۇراھال تۇرمۇش سەۋىيىسىدىنمۇ كۆپ تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. چۈنكى، ئاز سانلىق گورۇھلار (ھوقۇق ۋە كاپىتال مۇنوپولىيىچىلىرى) چەكتىن ئاشقان ھوزۇر-ھالاۋەت ۋە ئەيش-ئىشرەت ئىچىدە ياشايدۇ.

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت: 10-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاجىزلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسى ۋە رىزقىنى يەپ تۈگىتىۋېتىدۇ. بۇ ئىشلار مەيلى بىر دۆلەتتە يۈز بەرسۇن ياكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە يۈز بەرسۇن پەرقسىزدۇر.

ئىقتىساددىكى ھەقىقىي قىيىنچىلىق رىزىقنىڭ كەم بولۇشى ئەمەس، بەلكى، ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن ئاللاھ رازى بولىدىغان رەۋىشتە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىنساننى پاكلاشنىڭ زۆرۈرلىكىدۇر. ئىنسان ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە كۈچلۈك ئىمان كەلتۈرمىگىچە، ھاياتىدىكى بارلىق ئىشلارنى مۇشۇ ئىمان ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلمىغىچە ھەرگىز بۇنداق قىلالمايدۇ.

غەربنىڭ ئاخباراتلىرى: «2000-يىلى ياكى 21-ئەسىردە ئاھالىلەرنىڭ نوپۇسى شىددەتلىك كۆپىيىپ، يەر شارىغا ئېغىر خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ چۇقان سالدى.

ئەمەلىيەتتە «ساپ ئىلىم» مۇنداق دەۋاتىدۇ: «بۈگۈنگە قەدەر ئىنسانىيەت پايدىلانغان دېڭىز بايلىقلىرى بۇنىڭدىن كېيىن دېڭىزدىن چىقىرىش تامامەن مۇمكىن بولىدىغان بايلىقلارنىڭ ئوندىن بىرىدىن ئاشمايدۇ (ئۇنىڭ توققۇزى ئىنسانىيەتنىڭ پايدىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا). قۇرۇقلۇق ۋە سۇدىن تەركىب تاپقان يەر شارى ئىنسانلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ، ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە ئاشقان ھالەتتىمۇ، ئوخشاشلا ئۇلارنى سىغدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ئەگەر ئىنسانلار يەر شارىدىكى بايلىقلارنى ئىسراپ، ئۇلاردىن پەقەت ئېھتىياج ئاساسىدىلا (ئەيش-ئىشرەت ئاساسىدا ئەمەس) پايدىلىنىدىغان بولسا، نوپۇس مەيلى قانچىلىك كۆپەيسۇن يەر شارىدا ئىنسانىيەتنىڭ قىستىلىپ قالمايدىغانلىقى، ئېھتىياجنى قامدىيالماسلىق قىيىنچىلىقىنىڭ مەڭگۈ يۈز بەرمەيدىغانلىقى مۇقەررەردۇر.»

«نوپۇسـنىڭ كۆپىيىـشى يەر شـارىغا خەتەر ئېلىـپ كېلىـدۇ» دېگەن گەپ ئاق تەنلىكلەرنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا تاشـلىغان نىجىـس چۇقـانلىرى بولـۇپ، بـۇ ئـارقىلىق باشــقا ئىرقتىكىلەرنىـــڭ كۆنـــسىرى ئېـــشىۋاتقان نەســـلىگە (ئەۋلاد قالدۇرۇشىغا) چەك قويۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار باشقا ئىرقتىكىلەرنىـــڭ بىخۇدلۇقـــدىن پايـــدىلىنىپ، ئۇلارنىـــڭ بايلىقلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن مەنپەئەت رامكىسى ئىچىدە قىستاڭچىلىق پەيدا بولۇشـتىن ئەنـدىشە قىلىـدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بـايلىق ئىگىلىرىنىـڭ نوپۇسـى كۆپىيىـپ، ئـاق تەنلىكلەرگە قارشى قـوزغىلاڭ كۆتۈرسـە ۋە ئـۇلاردىن ئـۆز رىزقىغا ئەمـدى چـاڭ سالماسـلىقنى تەلەپ قىلسا، بـۇ چاغـدا بىـر ئوبـدان مەنپەئەتتىن قۇرۇق قىلىشتىن ئەنسىرەيدۇ.

بۇ نىجىس چۇقانغا «ئوبيكتىپ ئىلىم» قـالپىقى كىيـدۈرۈلۈپ، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلۇۋاتىدۇ.

سىز پسىخولوگىيە ئىلمىدىن بىر مىسال كۆرۈپ بېقىڭ!

بۈگـۈن پـسىخولوگلار ئۆزلىرىنىـڭ «تەجرىبىلىـك» بولـۇپ قالغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلار پسىخولوگىيە ئىلمىـدە قولغـا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنىـڭ باشــقا «ســاپ ئىلىــم»لەردە قولغــا كەلتــۈرگەن نەتىجىلەرگە ئوخشاشلا قوبـۇل قىلىنىـشقا تېگىـشلىك «ئىلمىـي»، «ئوبيكتىپ» نەتىجىلەر ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ.

مۇسۇلمان مۇتەپەككۇر بۇ دەۋا ئالدىدا مۇنداق ئـۈچ «ئىلمىـي» ئېتىرازنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم.

بىرىنچــى ئېتىــراز: پــسىخولوگىيىلىك مەۋجۇدىيەتنىــڭ قايــسى ئېلېمېنتىنى تەجرىبىخانىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا قارىتا تەجرىبە

ئىشلىگىلى بولىدۇ؟ ئىنساندىكى ئەڭ بىباھا نەرسە قىممەت قاراش تۇرسا، تەجرىبە ئوبيېكتى ھېسسى نەرسىمۇ؟ ياكى مەنىۋىي نەرسىمۇ؟ ياكى ھېسسىي بىلەن مەنىۋىي نەرسىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىمۇ؟

قېنى ئېيتىڭچۇ؟... بىر كىشى ئىلگىرى ئاتېئىزمچى ئىدى، كېيىن ئىمان كەلتۈرۈپ، مۇئمىن بولدى... بۇ كىشىدىكى ئىمان ھەقىقىتىنى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئىماننىڭ قانداق ئورۇنلاشقانلىقىنى، ئىماننىڭ ئۇ كىشىنىڭ تۇيغۇ، پىكىر ۋە ھەرىكەتلىرىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى خولاسىلەش ئۈچۈن تەجرىبىخانا بۇ كىشىنى قانداق تەجرىبە قىلىدۇ؟

ئىككىنچى ئېتىراز: «ئىلمىي» تەجرىبىدە ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان ھەقىقەت شۇكى، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن (تەجرىبىدىن ئۆتكەن) ئۆلگە تۈرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئۆلگىدىن خولاسىلەنگەن نەتىجىلەرنى تۈرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ[1]. مۇشۇ «قائىدە»نى پسىخولوگىيە تەجرىبىلىرىدە قوللىنىشقا بولامدۇ؟

بىز «ئىلمىي» نىشان ئۈچۈن مەقسەت قىلىنغان ئۆلگىلەرنى تاللاشتىكى قارىغۇلارچە ئىش قىلىشنى نەزەردىن ساقىت قىلايلى!... بىز ئۆلگىلىرىمىزنى قەيەردىن تاللايمىز؟ بۈگۈن زېمىن

① مەسىلەن، يېزا-ئېگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى بىر خىل قوناق ياكى بۇغداي ئۇرۇقلۇقىنى ئالدى بىلەن بىر مو ياكى بىر قانچە مو يەرگە تېرىپ، ئۇنى تەجرىبە قىلىدۇ. زىرائەتنى سۇغۇرۇش، ئوتاش، ئوغۇت سېلىش مەزگىلىدىن تارتىپ تاكى ئۇنىڭ پىشىش ۋە ئۇنىڭدىن ھوسۇل ئېلىش مەزگىلىگىچە بولغان جەريانلارنى ئېنىق خاتىرىلەيدۇ. ئاندىن ئۇنى نەچچە يۈز ياكى نەچچە مىڭ مو يەرگە تېرىپ، ئومۇملاشتۇرسا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى، تېرىدىغان پەسىل ۋە تۇپراق ھەققىدە ئېنىق قارار چىقىرىدۇ. مانا بۇ «تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن (تەجرىبىدىن ئۆتكەن) ئۆلگە تۈرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئۆلگىدىن خولاسىلەنگەن نەتىجىلەرنى تۈرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ» دېيىلىدۇ. بۇ قائىدە فىزىكا، خىمىيە، تىبابەت... قاتارلىق باشقا پەنلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

يۈزىدە ياشاۋاتقان مۇشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەردىنمۇ؟ بۇ ئەۋلادلار ۋەزىپىلىرىدە، قىممەت قارىشىدا، غايە ـ نىشانلىرىدا، ئىدىيە، تۇيغۇ ۋە ئەخلاقلىرىدا ھەر قايسى دەۋرلەردىن بۇيانقى ئىنسانىي تۈرگە ۋەكىللىك قىلالامدۇ؟ ئۇلارغا يۈرگۈزۈلگەن تەجرىبىلەردىن خۇلاسىلەنگەن نەتىجىلەرنى بارلىق ئىنسانىي تۈرلەرگە تەدبىقلاشقا، «ئىنسان»نىڭ پسىخولوگىيىلىك مەۋجۇدىيىتىنى ئاشۇ نەتىجىلەر ئاساسىدا چۈشەندۈرۈشكە بولامدۇ؟

پسىخولوگلار ساھابىلار ھەققىدە نېمە دەيدۇ؟ ساھابىلارنىڭ ھاياتى ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئەڭ سۈزۈك ۋە ئەڭ يۈكسەك ھالەتلىرى ھەققىدىكى «مەلۇماتلار»نى خۇلاسىلەشتە ئۆلچەم قىلىشقا بولىدىغان ئىنسانىي رېئاللىق ئەمەسمۇ؟!

ئۈچىنچى ئېتىراز: ئەگەر پسىخولوگىيە ئىلمى پسىخولوگلار ئېيتقاندەك «ساپ ئىلىم»غا ئايلانغان بولسا، ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ھەر قايسى پسىخولوگىيە مەكتەپ تەجرىبىخانىلىرىنىڭ بىر دەۋر كىشىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان پسىخىكىلىق تەجرىبىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ؟

ياق! پسىخولوگىيە ساپ ئىلىم ئەمەس! ئۇنىڭ ھازىرقى تەجرىبىلىرىدىن خۇلاسىلەنگەن نەتىجىلەرمۇ روھىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئومۇمىي، باغلىنىشچان ۋە مۇكەممەل ھالىتىگە نىسبەتەن ئۇنىۋېرسال چۈشەنچە تەقدىم قىلالمايدۇ.

سىز تارىخ ئىلمىدىن بىر مىسال كۆرۈپ بېقىڭ!

تارىخى ۋەقەلەر گاھىدا بىر تارىخچى بىلەن يەنە بىر تارىخچىنىڭ ۋەقەلەرنى سىلىشتۇرۇش جەريانىدا پايدىلانغان ماتېرىيال مەنبەلىرىنىڭ ۋە ۋەقەلەرنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى

ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرىنىڭ بىردەك بولۇشى سەۋەبىدىن ئوخشاش بىر شەكىلدە يېزىلىپ قالىدۇ.

بىراق، تارىخ تەتقىقاتىدا ئەڭ مۇھىم بولغىنى ۋەقەلەرنى رەتلەپ يېزىپ چىقىش ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىزاھلاش ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ھۆكۈم چىقىرىش. دېمەك، تارىخچىنىڭ «ئىنسان»غا بولغان نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن پرىنسىپلارمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: ئىنسان دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ شەكىللىنىشى قانداق؟ ئۇنىڭ ئېنېرگىيە چېكى قانچىلىك؟ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار قايسى؟ ئۇنىڭغا چۈشۈۋاتقان بېسىمغا قارىتا ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى قانداق؟ ئۇنىڭ ھاياتىدا يۈرگۈزۈلىدىغان قانۇنىيەتلەر قايسى؟... دېگەندەك.

مۇسۇلمان تارىخچى قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئاساس قىلىدىغان ئۆزگىچە خاس پرىنسىپى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ ھادىسىلەرنى ئۆزگىچە خاس ئۇسۇلدا چۈشەندۈرىدۇ. ئىنسانىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئۆزگىچە خاس ئۆلچەم بىلەن باھالايدۇ[1]. ھەتتا، شەيئىلەرنىڭ نامىنى ئىسلام ئاتالغۇسى بويىچە توغرا ئاتاش مەسىلىسىدىمۇ مۇسۇلمان تارىخچى بىلەن غەيرى مۇسۇلمان تارىخچى ئوتتۇرىسىدا ئاز بولمىغان ئوخشىماسلىقلار كۆرۈلىدۇ... ئەگەر الله بىر نەرسىنى «جاھىلىيەت» دەپ ئاتىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇ نەرسە «تارىخنى ئىسلامىي نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش “قائىدىسى”»دە جاھىلىيەت دەپ ئاتىلىدۇ. گەرچە ئۇ «مەدەنىيەت» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، بەرىبىر «جاھىلىيەت مەدەنىيىتى»دۇر. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمان

---

① ئاپتورنىڭ «تارىخنى ئىسلامىي نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن! (ئاپتوردىن).

تارىخچى: «پىرئەۋن جاھىلىيىتى» ، «رىم جاھىلىيىتى» ، «گرېك جاھىلىيىتى» ، «پارس جاھىلىيىتى» ، «ھىندى جاھىلىيىتى» ۋە «بۇددىزم جاھىلىيىتى» دەپ ئاتايدۇ... نوقۇل ماددىي، ھەربىي ۋە ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەت ئاشۇ «مەدەنىيەتلەر»دىكى ئىنسان مۇۋەپپەقىيىتىنى باھالاشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى بولالمايدۇ. بەلكى، بۇ يەردە ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر ئۆلچەم بار. ئۇ بولسىمۇ: ئاشۇ مەدەنىيەتلەر ئىنساننىڭ مەۋجۇت بولۇش غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەم بەردىمۇ-يوق؟ دېگەندىن ئىبارەت.

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾

«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.[①]»

سىز ئەدەبىياتتىن بىر مىسال كۆرۈپ بېقىڭ!

مۇسۇلماننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت نەتىجىلىرىنى باھالاشتا ئۆزىگە خاس پرىنسىپى بولۇپ، مۇسۇلمان ئەدىب بۇ پرىنسىپنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى كائىنات، ھايات ۋە ئىنسانغا بولغان ئىسلامىي تەسەۋۋۇردىن ئالىدۇ ھەمدە ئىسلامىي قىممەت-قاراشنى چىڭ تۇتىدۇ. ئۇنىڭ پرىنسىپى باشقا ئىجادىيەت پرىنسىپلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ھېچقانداق ئۆلچەمگە بېقىنمايدىغان، «سەنئەت سەنئەت ئۈچۈن» ، «ھاياتلىق ھاياتلىق ئۈچۈن» دەپ بىلجىرلايدىغان ۋە مۇشۇ شوئارلار ئاستىدا چۈشكۈنلۈكنى كەڭ-كۆلەملىك تەرغىب قىلىدىغان باھالاش پرىنسىپلىرىدىن تېخىمۇ پەرقلىنىدۇ.

---

① سۈرە زارىيات: 56-ئايەت.

* * * * *

بۇ چەكلىك سەھىپىلەر بۇ ھەقتىكى تەپسىلى بايانلارنى سىغدۇرۇپ كېتەلمەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن دىگىزدىن تامچە كەبى ئىشارەت ۋە كۆرسەتمىلەرنى بېرىپ ئۆتتۇق. بۇنىڭدىن بولغان مۇددىئايىمىز مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «لاإلــه الاالله» بىلەن زىچ باغلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇئەييەن بىر نۇقتىنى مەركەز قىلىشتۇر.

ھەقىقەتەن «لاإله الاالله»نىڭ ئىدىيىۋى تەلپى مۇسۇلماننى جاھىلىيەتنىڭ تەپەككۇر پرىنسىپلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەستىن، ئۆزىگە خاس پرىنسىپ بىلەن پىكىر قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. گەرچە مۇسۇلماننىڭ بىر قىسىم كۆز-قاراشلىرى ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە ۋە تەجرىبىخانا تەجرىبىلىرىگە ئالاقىدار ئىشلاردا باشقىلارنىڭ كۆز-قاراشلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولىسمۇ، بىراق، مۇسۇلمان ئۇنى ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارىتا قۇرئان-ھەدىسنىڭ قارارلىرىدىن ئېلىنغان «چۈشەندۈرۈش»لەرنى تەقدىم قىلىدۇ.

ئەمما، «ئىنسان»غا چېتىلىدىغان ۋە بىزنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزغا تايىنىدىغان پەنلەردە مۇسۇلمان اللەنىڭ كىتابىدا ئىنسان ھەققىدە سۆزلەنگەن بويىچە ھەقىقەتلەردىن ئېلىنغان ئۆزىگە خاس تەسەۋۋۇرى بىلەن ئۆزگىچىلىكنى ساقلىشى لازىم. اللەنىڭ كىتابى ئىنساننى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ئىنسان زېمىندىكى تۇپراقتىن ئېلىنغان بىر چاڭگال لاي بىلەن اللەنىڭ روھىدىن كەلگەن «پۈۋلەنمە[1]»نىڭ

[1] ﴿وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي﴾ «مەن ئۇنىڭغا ئۆز روھىمدىن پۈۋلىدىم...» (قۇرئان كەرىم سۈرە ساد: 72 - ئايەت)

بىرىكمىسىدۇر. ئىنسان تۇنجى دەقىقىدىن باشلاپ ئىنسان ئىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ دەسلەپتە ھايۋان بولۇپ، ئاندىن تەدرىجىي تەرەققى قىلغان ئەمەس. الله ئىنساننى مۇئەييەن ۋەزىپە ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، ئىنساننىڭ ئاشۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسىم ئىقتىدار ۋە تالانتىنىمۇ الله ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىمى: ئاڭ، ئىرادە ۋە ئەركىنلىكتۇر. ئىنسان بىرلا يولغا مەجبۇرلانغان بولماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىككى يول ئىختىيارى رەۋىشتە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنسان ئىككى يولنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ۋە ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە... مانا بۇلار پەقەت ئىنسانغىلا خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئىنساننى ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ.

﴿إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي خَالِقٌ بَشَرًا مِنْ طِينٍ، فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِنْ رُوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: ”مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار“[1]»

﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ”مەن يەر يۈزىدە

① سۈرە ساد: 71 ـ 72 ـ ئايەتلەر.

خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن“ دېدى.①»

﴿هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا﴾

«ئۇ (اللە) سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى.②»

﴿وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَالْأَفْئِدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«اللە سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى. ③»

﴿وَعَلَّمَ آدَمَ الْأَسْمَاءَ كُلَّهَا﴾

«اللە پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى.④»

﴿وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا، فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا، قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا، وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا﴾

«روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى-يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم نىجات تاپىدۇ. روھنى (كۇفرى ۋە گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن) بۇلغىغان ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ.⑤»

﴿إِنَّا خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ مِنْ نُطْفَةٍ أَمْشَاجٍ نَبْتَلِيهِ فَجَعَلْنَاهُ سَمِيعًا بَصِيرًا﴾

«شۈبھىسىزكى، بىز ئىنسانىنى ئارىلاشما مەنىي (يەنى ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ مەنىيسى)دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت

---

① سۈرە بەقەرە: 30- ئايەت.

② سۈرە ھۇد: 61- ئايەت.

③ سۈرە نەھل: 78- ئايەت.

④ سۈرە بەقەرە: 31- ئايەت.

⑤ سۈرە شەمس: 7-10- ئايەتلەر.

تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرۈدىغان قىلىپ ياراتتۇق.①»

* * * * *

بۇ ئىدىيۋى پرىنسىپ بىلەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا مۇسۇلمان مۇتەپەككۇر، مۇسۇلمان ئالىم، مۇسۇلمان ئەدىب ۋە مۇسۇلمان تەتقىقاتچى... مەيدانغا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇممەت ئۆز دىنىغا سادىق بولغان زامانلاردا ئىسلام ئۇممىتى ئىچىدە خىلى زور سالماقنى ئىگىلىگەن ھالدا مەۋجۇت ئىدى. قاچانكى، ئۇممەت دىنىدىن ئايرىلدى، شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلارنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئازىيىپ، بارا-بارا تۈگەپ كېتەي دەپ قالدى. ئىدىيۋى ھۇجۇم ۋە بېسىم ئاستىدا ئېزىلىش مەزگىلىدە مەيداندا (مۇسۇلمانلار ئارىسىدا) مۇنداق بىر سەت ئاۋاز ياڭراشقا باشلىدى: دۇنياۋى مەدەنىيەتكە قارىتا «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» لازىم! (غەرب مەدەنىيىتىنى دېمەكچى)؛ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كېرەك (غەربتىن قوبۇل قىلىشنى دېمەكچى. چۈنكى، ئۇلاردا باشقىلار بىلەن ئالماشتۇرغۇدەك ھېچنىمە يوق)؛ «تېخنولوگىيە ئىنقىلاۋى» مەيدانغا كەلتۈرگەن بىر كەنت ئىگىلىرى بىلەن چىقىشىپ ياشاش لازىم! (ھەممە ئىشتا ياۋروپاغا تەقلىد قىلىشنى دېمەكچى).

تۇغرا، ئېچىۋېتىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، چىقىشىپ، ئىناق ياشاش كېرەك. بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئمىنىنىڭ روھىدا ئىمان پەيدا قىلىدىغان ئىززەت بىلەن، مۇئمىنىنىڭ

---

① سۈرە ئىنسان: 2- ئايەت.

ئىدىيىسىدە ئىسلامىي پىكىر ئويغىتىدىغان پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى بىلەن بولۇشى لازىم.

بۈگۈن ئاتېئىزمچى ئالىم ۋە ئاتېئىزملىق خاھىشىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىۋالغان ئىلىم پۈتكۈل مەيدانىنى قاپلاپ كەتتى. ئىنسانىيەت ھالاكەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇنداق ئىلىم ۋە ئالىملارنى كۆپەيتىشكە مۇھتاج ئەمەس. بەلكى، ئىنسانىيەت مۇئمىن ئالىمغا ۋە ئىمان ئاساسىدىكى ئىلىمغا مۇھتاج!... مانا بۇلارنى بىز «”لاإله الاالله“نىڭ ئىدىيىۋى تەلپى» دەپ ئاتىغان ئىسلامىي پرىنسىپ مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

ئىسلام ئۇممىتى ـ ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغان زامانلاردا ـ ئالىم ئۇممەت ئىدى. بەلكى، پۈتكۈل يەر شارىدىكى ئالىم ئۇممەت ئىدى. ياۋروپا كۆپلىگەن ئىلىملەرنى، جۈملىدىن «ئىلمىي تەتقىقاتتىكى تەجرىبە پرىنسىپى»نى مۇسۇلمانلاردىن ئۆگەنگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئۇممەت ھەر دائىم غەيبكە ئىشىنىدىغان ئۇممەت بولۇپ تۇرىۋەرگەن ئىدى... دېمەك، بىرلا ۋاقىتتا غەيبى ئالەم بىلەن رېئال ئالەمنى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى قىلىپ قويماستىن، ھەر ئىككىلىسىگە تەڭ ئىشىنىش مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

@ @ @ @ @

# 6. مەدەنىيەت تەلپى

بىز داۋاملىق ئىسلام ئۈممىتى ـ مەيلى شەرق ياكى غەربتە بولسۇن ۋەياكى ئىسپانىيىدە بولسۇن ـ گۈللەنگەن مەزگىللەردە قۇرۇپ چىققان مەدەنىيەت ھەققىدە سۆزلەيمىز. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى، مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىچىلىكى ۋە تەڭداشسىزلىقىنى، مەدەنىيەتنى روياپقا چىقىرىشتىكى ئىجادكارلىقىنى ۋە بۇ ئارقىلىق ياۋروپا گۈللىنىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى كۆپلەپ تىلغا ئالىمىز.

بىز بۇلارنى "ئىسلامنىڭ نەتىجىلىرى" دەپ ئېيتقان ۋاقتىمىزدا ھەرگىزمۇ يالغان سۆزلىمىدۇق. بەلكى، بىز سۆزىمىزدە راستچىلمىز... چۈنكى، ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى يەر شارىغا تارقىتىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان بۇ ئۈممەتنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى مەدەنىيەت ئىشلىرىدا تىلغا ئالغۇدەك ھېچبىر تۆھپىسى بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى. بىراق، ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇ ئۈممەت بىراقلا زېمىندىكى مەدەنىيەتنىڭ مول مەنبەسىگە ۋە قۇرىماس بۇلىقىغا ئايلاندى.

بىراق، مېنىڭ بۇ يەردە گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغىنىم ھەرگىزمۇ مەن كۆپلىگەن كىتابلىرىمدا كۆرستىپ ئۆتكەن بۇ مەنا ئەمەس. بەلكى، مېنىڭ مەقسىتىم: مۇسۇلمان ئۈممەت روياپقا چىقارغان مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنىڭ ئۈممەت خالىسا قىلىدىغان،

خالىسا تاشلاپ قويىسمۇ بولىدىغان نەپلى ئەمەل ئەمەسلىكىنى، بەلكى، ئۇنىڭ ئىسلام ئۇممىتى چوقۇم ئورۇنلاشقا تېگىشلىك «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇممەت ئۇنى ئورۇنلىمىسا الله «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرى قاتارىدا نازىل قىلغان تەكلىپلەرنىڭ بىرىنى ئورۇنداشقا سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن «گۇناھكار» بولىدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئىمام ئەبۇ هامىد غەززالىي «پەرز كىپايە» ھەققىدە توختالغان ۋاقىتتا بۇ مەنانى كۆرستىپ ئۆتكەن. ئەگەر ئۇممەتنىڭ ئىچىدىن مۇشۇ ۋەزىپىنى ياخشى ئادا قىلالايدىغان مەلۇم ساندىكى كىشىلەر ئورۇنلىسا، ئۇنداقتا، باشقىلار گۇناھتىن ساقىت بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئۇممەتنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ھېچكىشى ئورۇنلىمىسا، ئۇنداقتا، ئۇممەتنىڭ ھەممىسى بىردەك گۇناھكار بولىدۇ.

مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش مىنىڭ قارىشىمدا -مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا- «لاإله الاالله» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ھەر بىر كىشى ئورۇنداشقا تېگىشلىك «پەرز ئەيىن» ھېسابلانسىمۇ، بىراق، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ئۇممەتكە بەلگىلەنگەن «پەرز كىپايە»نىڭ قاتارىدىندۇر.

قېنى بىز قاراپ باقايلى! بىزگە بۇ ئىلاھىي تەكلىپ قەيەردىن كەلدى؟ يەنى بىزگە بۇ ئەمەلنى قۇرئاندىكى قايسى ئايەت «پەرز» قىلدى؟ بۇ ئىش قانداقلارچە «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى؟

﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ”مەن يەر يۈزىدە

خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن“ دېدى.① »

﴿هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا﴾

«ئۇ (اللە) سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى.② »

﴿وَسَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مِنْهُ﴾

«اللە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى.③ »

﴿وَجَعَلْنَا اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ آيَتَيْنِ فَمَحَوْنَا آيَةَ اللَّيْلِ وَجَعَلْنَا آيَةَ النَّهَارِ مُبْصِرَةً لِتَبْتَغُوا فَضْلًا مِنْ رَبِّكُمْ وَلِتَعْلَمُوا عَدَدَ السِّنِينَ وَالْحِسَابَ﴾

«كېچە بىلەن كۈندۈزنى (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار (يەنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تېپىش يولىدا سەئيى ھەرىكەتتە بولۇشۇڭلار) ئۈچۈن، (كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ) يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق.④ »

﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ﴾

«اللە سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللەنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر

---

① سۈرە بەقەرە: 30 ـ ئايەت.
② سۈرە ھۇد: 61 ـ ئايەت.
③ سۈرە جاسىيە: 13 ـ ئايەت.
④ سۈرە ئىسرا: 12 ـ ئايەت.

تىرىلگەندىن كېيىن اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. [1]»

بۇ تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى ـ مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن ـ بىردەك اللە زېمىنىنىڭ خەلىپىسى قىلىپ ياراتقان «ئىنسان»غا يۈزلەندۈرۈلگەن. بۇ تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى خىلاپەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكرەكى زېمىننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

اللە زېمىندا خەلىپە قىلىپ ياراتقان بارلىق ئىنسانلارنى زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە بۇيرىغان ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈشنى زېمىندىكى ۋەزىپىلەرنىڭ بىر قىسمى قىلىپ بەلگىلىگەن ئىكەن، ئۇنداقتا، ئىنسانلار ئىچىدە بۇ تەكلىپلەرنى ئورۇنلاشقا ئەڭ لايىق كىشى كىم؟... شەك ـ شۈبھىسىز بۇ تەكلىپلەرنى ئورۇنلاشقا ئەڭ لايىق كىشى اللەغا ئىمان كەلتۈرگەن، اللەنىڭ پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلغان «توغرا يولدىكى خەلىپە»دۇر.

بىراق، مۇئمىن ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى نوقۇل زېمىننى گۈللەندۈرۈشلا ئەمەس (چۈنكى، بۇ ئىشنى كاپىرلارمۇ قىلىۋاتىدۇ)، بەلكى، زېمىننى ئىلاھىي پرىنسىپنىڭ تەلىپى بويىچە گۈللەندۈرۈش... مانا بۇ «لاإله الاالله»نىڭ مەدەنىيەت تەلىپىدۇر.

* * * * *

ئىنسان ئۆز تەبىئىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا... مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى روياپقا چىقىرىشقا... ئىنتىلىدىغان قىلىپ يارىتىلغان.

ئىنسان زېمىندا ئۆز ئەتراپىدا ئۇچراتقان خام ئەشيالارنى

---

① سۈرە مۈلك: 15 ـ ئايەت.

«سانائەتلەشتۈرۈش»كە بولغان قىزغىنلىق بىلەن خاراكتېرلەنگەن. مانا بۇ ئىنساننىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك ئىنساننى ھەممە نەرسىدىن خام ھالەتتە (شۇ پېتى) پايدىلىنىدىغان (يەيدىغان ۋە ئىشلىتىدىغان) ھايۋاناتلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. گەرچە ھايۋان ۋە قۇشلار ئۆزى ئۈچۈن تۇرالغۇ (ئۇۋا) تەييارلاشتا ئوت-چۆپ ياكى ياغاچ-تاشلارنى مۇئەييەن تەرتىپتە جەملەپ ۋە رەتلەپ چىقالىسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ خام تەبىئىتىنى ئىنسان ئۆزگەرتكەندەك ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئىنسان بىر پارچە تۆمۈرنى تاۋلاش، بولقا ئۇرۇش، پروكاتلاش ۋە خىمىيىلىك رېئاكسىيىلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەسلىدىكى ھالىتىدىن يېڭى بىر ھالەتكە ئۆزگەرتەلەيدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى دارۋىننىڭ ئىنساننى «ھايۋان» دەپ چۈشەندۈرىدىغان نەزەرىيىسىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ... بۇ ئىش ھەرگىزمۇ تەدرىجىي «تەرەققىيات»نىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى، «ئىنسان» مەۋجۇدىيىتىدىكى ئەسلى «تەبىئەت» (پىترەت)دۇر.

ئىنسان خام ئەشيالارنى پەقەت سانائەتلەشتۈرۈش قىزغىنلىقى بىلەنلا خاراكتېرلەنگەن بولماستىن، بەلكى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىزچىل تۈردە «چىرايلىق قىلىش» ھەمدە بۇ ئارقىلىق مۇكەممەللىك ۋە گۈزەللىك دەرىجىسىگە يېتىش قىزغىنلىقى بىلەنمۇ خاراكتېرلەنگەن.

سانائەتلەشتۈرۈش، چىرايلىق قىلىش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى «مەدەنىيەت»نى تەشكىل قىلغۇچى

ئامىللاردۇر.

بىراق، مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى بۇ ئەمەس. ياكى يالغۇز بۇلارلا مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ.

سانائەتلەشتۈرۈش، چىرايلىق قىلىش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشتىكى ئۆزگىچىلىك (ئىجادكارلىق) ئىنسانىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇنىڭدا بىر شەخس يەنە بىر شەخستىن، بىر جامائەت يەنە بىر جامائەتتىن، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتتىن ئېشىپ چۈشۈشى تامامەن مۇمكىن... بىراق، بۇنىڭلىق بىلەنلا ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.

مەسىلەن: مائارىپ پروگراممىسىدا «ئاساسىي پەن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر «پەن» بولۇپ، (بىزنىڭ پروگراممىمىزدا ”ئەرەب تىلى“ ئاساسىي پەن ھېسابلىنىدۇ) بىر ئوقۇغۇچى باشقا پەنلەردە يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشسىمۇ، بىراق، ئاساسىي پەندە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھېسابلانمايدۇ. گەرچە باشقا پەنلەردىمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش زۆرۈر بولسىمۇ، بىراق، ئاشۇ پەنلەرنىڭ بىرەرىدە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ئوقۇغۇچى ئىمتىھاننى قايتا بەرمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئاساسىي پەندە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ئوقۇغۇچى ئىمتىھاننى قايتا بەرمىسە، باشقا بىرەر ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى (ياكى ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى) بولمايدۇ. يەنى باشقا پەنلەردە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئاساسىي پەندە ئۆتەلمىسە، ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ھېسابلانمايدۇ.

مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىتىدىكى «ئاساسىي پەن» بىزنىڭ تۆۋەندىكى سوئالىمىزغا جاۋاب بولالايدۇ: ئىنسانىنىڭ

سانائەتلەشــــتۈرۈش، چىرايلىـــق قىلىـــش ۋە گۈزەللەشــــتۈرۈش پائــالىيەتلىرى ئىنــسانىي مەۋجۇدىيەتنىــڭ غايىــسى بىــلەن مــاس قەدەمدە ماڭدىمۇ ـ يوق؟ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بەرگۈچى ئىجابىي «كــۈچ» بولىــدىمۇ يــاكى غــايىگە قــارىمۇ ـ قارشــى هالــدا ئــۇنى ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشتىن توسقۇچى سەلبىي «كۈچ» بولىدىمۇ؟

مانا بۇ مەدەنىيەتنى باهالاشتىكى هەقىقى ئۆلچەم.

بۇلارنىــڭ «لاإلــه الاالله»نىــڭ مەدەنىــيەت تەلىپىــدىكى ئــورنى قەيەردە؟

گەرچە قۇرئــان كەرىمــدە بــۇ نۇقتىغــا ئىــشارەت قىلىــدىغان ئــايەتلەر كــۆپ بولــسىمۇ، بىــراق، قۇرئانــدىكى بىــرلا ئــايەت بــۇ جەهەتتە بىزگە يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ.

﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْــهِ النُّشُورُ﴾

«الــله ســىلەرگە زېمىننــى مېڭىــشقا ئاســان قىلــدى، زېمىنىنــڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللەنىــڭ (بەرگەن) رىزقىــدىن يەڭــلار، ســىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اللەنىڭ دەرگاهىغا قايتۇرۇلىسىلەر.[1]»

اللەنىڭ بۇ ئايەتتە «زېمىنىنىڭ ئەتراپىــدا مــېڭىش ۋە اللەنىــڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يېيىش» هەققىدە سۆزلەپ بولــۇپلا، ئۇنىڭغــا ئــۇلاپ هېــساب ۋە جــازا مەنىــسىدىكى «اللەنىـــڭ دەرگاهىغـــا قايتۇرۇلۇش»نى تىلغا ئېلىشى مۇسۇلمان ئىنسان زېمىنىنىڭ هەر قايسى تەرەپلىرىدە رىزىق ئىزدەش (تىجارەت ۋە كەسىپ بىــلەن شوغۇللىنىش) جەريانىدا رېئايە قىلىشقا تېگىشلىك «پرىنسىپ»نى

---

① سۈرە مۇلك: 15 ـ ئايەت.

ئەسلىتىش ئۈچۈندۇر... بۇ يەردىكى پرىنسىپ ئەلۋەتتە ئىلاھىي پرىنسىپ بولۇپ، ئۇ ھالال ۋە ھارام، تۇغرا ۋە خاتانى پەرقلەندۈرۈشنى، اللەنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكۈملىرىگە رىئايە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ... مانا بۇ «لاإلــه الاالله»نىڭ مەدەنىيەت تەلىپىدۇر.

﴿وَابْتَغِ فِيمَا آَتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآَخِرَةَ وَلَا تَنْسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِنْ كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلَا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ﴾

«اللە ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، اللە ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (اللەنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، اللە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.[1]»

ئىنسان زېمىنىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە رىزىق ئىزدەش (تىجارەت ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش)، سانائەتلەشتۈرۈش، چىرايلىق قىلىش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولۇش جەريانىدا ئاخىرەتنى ئەستىن چىقارماسلىق، شېرىكى يوق يەككە-يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىش ۋە اللەنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىشتەك ئىنساننى ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش ئىنسانىي مەۋجۇدىيەتنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ ۋە ساغلام «مەدەنىيەت»نى قۇرۇپ چىقىدۇ.

مەدەنىيەت — ھەرگىزمۇ نوقۇل ماددىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئۆزگىچىلىك (ئىجادكارلىق)لا ئەمەس. گەرچە مۇۋەپپەقىيەت ۋە

---

① سۈرە قەسەس: 77 ـ ئايەت.

زېمىنـــــدىكى كـــۈچ ـ قـــۇدرەت مــــاددىي ئىشلەپچىقىرىـــــشتىن ئايرىلالمىسمۇ، بىراق، تـوغرا پرىنـسىپقا ئاساسـلانمىغان بـۇ خىـل ئۆزگىچىلىـــك (ئىجادكــــارلىق) ھەقىقىـــى مەدەنىيەتنىـــى قـــۇرۇپ چىقالمايدۇ. ياكى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا «جاھىلىيەت مەدەنىيىتـى» (ئەگەر مۇشۇنداق ئىپادىلەش توغرا بولسا)نى قۇرۇپ چىقىـدۇ. بـۇ خىل مەدەنىيەت ئىنسانىي مەۋجۇدىيەتنىـڭ بىـرلا تەرىپىنـى ئىشقا ئاشــۇرىدۇ. ھەرگىزمـــۇ پۈتكـــۈل ئىنـــسانىي مەۋجـــۇدىيەتنى ۋە ئىنساندىكى ئەڭ بىباھا نەرسە (قىممەت قاراش)نى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. بەلكى، ئاخىرقى ھېساپتا ئىنساننى ھـالاكەتكە ئېلىـپ بارىدۇ.

ماددىي ساھەلەردىكى سانائەتلەشتۈرۈش، چىرايلىق قىلىش ۋە گۈزەللەشـتۈرۈش اللەنىــڭ ئىنـسانغا قىلغــان ئىنئــامى ۋە باشــقا مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن قىلغان پەزلى ـ ئېھسانى بولۇپ، بۇ ئىنئام ۋە ئېھـــسانلار ئىچىـــدە ئەڭ گەۋدىلىـــك بـــولغىنى «قىمـــمەت قاراش»دۇر.

﴿وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ﴾

«ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سـىلەرنى نۇرغـۇن مىلـلەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقـۋادار بولغـانلىرىڭلار اللەنىـڭ دەرگاھىـدا ئەڭ ھۆرمەتلىـك ھېسابلىنىـسىلەر (يەنـى كىـشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ).① »

اللەغـــا ۋە ئـــاخىرەتكە بولغـــان ئىماننىـــڭ جەۋھـــىرى ھېـــسابلىنىدىغان «تەقۋالـــىق»ســـىز مــــاددىي ســــاھەدىكى

① سۈرە ھوجۇرات: 12 ـ ئايەت.

سانائەتلەشتۈرۈش، چىرايلىق قىلىش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش ئىنساننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ... ھالاكەتنىڭ ئىپادىلىرى ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە روشەن كۆرۈلۈۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار شەھۋەت پاتقىقىغا غەرق بولۇپ، مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشىنى داۋام قىلىۋاتىدۇ. نەتىجىدە اللە زالىملارغا تەقدىر قىلغان ھالاكەت يېتىپ كېلىدۇ.

﴿فَلَمَّا نَسُوا مَا ذُكِّرُوا بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ حَتَّى إِذَا فَرِحُوا بِمَا أُوتُوا أَخَذْنَاهُمْ بَغْتَةً فَإِذَا هُمْ مُبْلِسُونَ، فَقُطِعَ دَابِرُ الْقَوْمِ الَّذِينَ ظَلَمُوا وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

«ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال-خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى. زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇسانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ، كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەغا خاستۇر!.[1]»

ھەقىقى مەدەنىيەت ئىلاھىي پرىنسىپنىڭ تەلىۋى بويىچە زېمىننى گۈللەندۈرىدۇ. دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى، تەن بىلەن روھنى، ئەمگەك بىلەن ئىبادەتنى بىر گەۋدە قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ھەممە تەرىپىنى يەنى ھېسسىي ۋە مەنىۋىي تەرىپىنى، جىسمى، ئەقلى ۋە روھىنىڭ پائالىيىتىنى، ماددىي ئالەمدىكى ئىجادكارلىقى بىلەن قىممەت ئالەمدىكى يۈكسەكلىكىنى بىردەك قوبۇل قىلىدۇ.

① سۈرە ئەنئام: 44-45- ئايەتلەر.

مانا بۇ ئىككى قەدىمى يەردە كېتىۋاتقان، قەلبى ئاسمانغا باغلانغان ئەڭ يۈكسەك پەللىدىكى «ئىنسان» مەدەنىيىتىدۇر.

ئۇممەت يۇقىرى پەللىدە تۇرۇۋاتقان چاغلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى دەل ئاشۇنداق ئىدى...

مۇسۇلمانلار ھەر قانداق بىر ياخشى پائالىيەت ساھەلىرى بولسا، ئۇنىڭغا ئاكتىپچانلىق بىلەن قاتناشقان ئىدى... شەھەر قۇرۇش، يول ياساش، زېمىننىڭ نامەلۇم تەرەپلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ساياھەت قىلىش، بىناكارلىق ۋە مىمارچىلىق ئىشلىرىدا الله بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئاسمان-زېمىننىڭ ئېنىرگىيىلىرىدىن پايدىلىنىش، ئىلمىي تەرەققىيات، ئەخلاقىي جەھەتتىكى پاكىزلىق، راستچىللىق، ئىشەنچ، ئەستايىدىللىق، چىدامچانلىق، يىراقنى كۆرەرلىك... دېگەندەك... مانا خىسلەتلەر بۈيۈك بىر ئۇممەتنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

سىز ئىسلام ئېلىگە قاراڭ!

ئىسلام ئېلىنىڭ كىشىلەر ئۆز-ئارا ئۇچرىشىدىغان ۋە ئايرىلىدىغان مەركەزلىرىدىن بىرى مەسجىددۇر... پاھ! مەسجىد نېمىدىگەن ئېسىل جەمگاھ-ھە!

مەسجىد بازار ئەمەس، ھازىرقى زامان جاھىلىيەت شەھەرلىرىنىڭ مەركىزىگە ئوخشاش ئويۇن-تاماشا مەيدانى ئەمەس.

بەلكى، ئۇ شۇنداق بىر ئۇلۇغ ماكانكى، كىشىلەر بۇ ماكاندا پەرۋەردىگارىنى ئەسلىشىدۇ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ، دىنى ئىلىملىرىنى ئۆگىنىدۇ... ئۇ يەردىن چىقىپ رىزىق ئىزدەش ئۈچۈن زېمىننىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ماڭىدۇ (تىجارەت ۋە

كەسىپ بىلەن شوغۇللىنىدۇ). بىراق، ئۇلار ئىشنى مۇشۇ ماكاندىن باشلاپ (تاڭ سەھەردە بامدات نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن كېلىپ)، مۇشۇ ماكاندىن چىقىدۇ. يەنە پات ـ پات نامازلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بۇ ماكانغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. بۇ ماكان ئۇلارغا بۇ قىسقىغىنە دۇنيا هاياتىدىن كېيىن ئۇلار «قايتىدىغان» ئاخىرەتنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا هەم دۇنيا ئۈچۈن هەم ئاخىرەت ئۈچۈن تىرىشىدۇ. نەتىجىدە اللەنىڭ ئەمرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ:

﴿... فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ﴾

«... زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللەنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.①»

﴿وَمَنْ أَرَادَ الْآخِرَةَ وَسَعَى لَهَا سَعْيَهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَئِكَ كَانَ سَعْيُهُمْ مَشْكُورًا﴾

«كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (اللەنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ.②»

مەسجىد ئۇلارنى ئۆزىگە باغلىۋالمايدۇ. يەنى مەسجىد ئۇلارنى رىزىق ئىزدەش ئۈچۈن زېمىننىڭ هەر قايسى تەرەپلىرىدە مېڭىشتىن (تىجارەت ۋە كەسىپ بىلەن شوغۇللىنىشتىن) توسۇپ قالمايدۇ. شۇنداقلا، رىزىق ئىزدەش ئۈچۈن زېمىننىڭ هەر قايسى تەرەپلىرىدە مېڭىش (تىجارەت ۋە كەسىپ بىلەن شوغۇللىنىش) ئۇلارنىڭ مەسجىدكە كېلىشىگە تۇسقۇنلۇق قىلمايدۇ... دېمەك،

① سۈرە مۈلك: 15 ـ ئايەت.
②

ئۇلار بۇ ئارقىلىق ھەر ئىككىلى ھايات ئۈچۈن ئوزۇق توپلىيالايدۇ.

﴿وَتَزَوَّدُوا فَإِنَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَى﴾

«(ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) ئوزۇق تەييارلاڭلار، ئەڭ ياخشى ئوزۇق تەقۋادارلىقتۇر.①»

سىز ئىسلام ئېلىدىكى ئىسلام بىناكارلىقىغا قاراڭ!... ئىسلام ئائىلىسى ـ مۇمكىن قەدەر ـ مۇسۇلماننىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىغا ماس ھالدا قۇرۇپ چىقىلغان. ھەقىقەتەن مۇسۇلماننىڭ ئائىلىسىدە مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان «مېھمانلىق ئۆي»لەر بار. مۇسۇلمان دېگەن سېخىي بولىدۇ. قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق ئالاقىسى ئۇلارنى ئۆز-ئارا باغلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىنى زىيارەت قىلىشىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ئائىلىسىدە يەنە ئازادە ياتاق ئۆي ۋە ئاشخانا ئۆيلەر بار... بىراق، مۇسۇلمان ئائىلىسى بىلەن ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم پەرقلەرنىڭ بىرى شۇكى، مۇسۇلماننىڭ ئائىلىسىدە ئاياللار تۇرىدىغان مەخسۇس «ئۆي»لەر بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن مېھمانلار ياكى يات كۆزلەر ئۇلارنى ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ. ئۇلار مېھمانغا كېتەرلىك لازىمەتلىكلەرنى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ سۇنۇپ بېرىدۇ، كۈندىلىك تۇرمۇش ئىشلىرىنى خاتىرجەم ھالدا قىلىۋېرىدۇ... دېمەك، مۇسۇلماننىڭ ئائىلىسىدە «مەنىپەئەت» الله پەرز قىلغان ئەخلاق بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ھاياتى دۇنيا ئاخىرەت بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

مۇسۇلماننىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئۆزگە لايىق ئەدەپ قائىدىلىرى بار...

---

① سۈرە بەقەرە: 197 ـ ئايەت.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ بُيُوتِكُمْ حَتَّى تَسْتَأْنِسُوا وَتُسَلِّمُوا عَلَى أَهْلِهَا ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ، فَإِنْ لَمْ تَجِدُوا فِيهَا أَحَدًا فَلَا تَدْخُلُوهَا حَتَّى يُؤْذَنَ لَكُمْ وَإِنْ قِيلَ لَكُمُ ارْجِعُوا فَارْجِعُوا هُوَ أَزْكَى لَكُمْ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ، لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَنْ تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ مَسْكُونَةٍ فِيهَا مَتَاعٌ لَكُمْ وَاللَّهُ يَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا تَكْتُمُونَ، قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَلِكَ أَزْكَى لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ، وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ...﴾

«ئى مۇئمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز-نەسىھەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق-ئەدەبكە ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۇشتۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، اللە سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شەخسي تۇرالغۇ بولمىغان (يەنى دۇكان-سارايلارغا ئوخشاش) ئۆيلەرگە ھاجىتىڭلار چۈشۈپ كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر. اللە سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نا مەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، اللە ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار. مۆمىن (ئاياللار)غا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن،

لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن...[1]»

مانا بۇ ئەدەب... مانا بۇ ئەخلاق... مانا بۇ مەدەنىيەت... مانا بۇ دىن!

* * * * *

سىز ئىسلام ئېلىدىكى مەدەنىيەت مۇئەسسەلىرىگە قاراڭ!

ھېسابات مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى، ئەرز ـ شىكايەت مەھكىمىسى، مەكتەپ، نېرۋا كېسەللەر دوختۇرخانىسى، يېتىم ـ يېسىرلار ئورنى، ھايۋانات ۋە قۇشلارنى ئاسراش ئورنى، ئاممىۋي مۇنچا، ئاممىۋي كۇتۇپخانا، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇيۇشمىسى، ئەۋقاپ (ھەقسىز ئاممىۋي مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى)... قاتارلىقلارغا قاراڭ!

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن مەدەنىيەت بەلگىلىرى ئىدى. بىراق، ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەھۋال شۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىي نىشانلارنى ئادا قىلىش ئۈچۈن دىنىي تۈرتكە بىلەن قۇرۇلغان ئىدى. سەن ئىسلام ئېلىدە قەيەرگە بارغىن، قەيەرنى مەقسەت قىلغىن شۇ يەردە ھەر دائىم ساڭا اللەنى ۋە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدىغان ئەسلىھە، شەخس، ئورگان ياكى تۈزۈم بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىسەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا ھاياتىڭدىكى ئەڭ چوڭ نىشاننىڭ كۆپلىگەن مەنالىرىنى، جۈملىدىن ئىلاھىي پرىنسىپنىڭ تەلىپى بويىچە زېمىننى گۈللەندۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭرى مەنادىكى ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىسلام جەمئىيىتى مەيلى يېزا مەيلى

---

[1] سۈرە نۇر: 27 ـ 30 ـ ئايەتلەر.

سەھرا مەيلى شەھەرلەردە بولسۇن دۇنيا بويىچە جىنايەت ئەڭ ئاز يۈز بېرىدىغان جەمئىيەت ئىدى. بولۇپمۇ پاھىشە قىلمىشلىرى يوق ھېساپتا ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشلەرنىڭ اللەغا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنىڭ، ئىلاھىي پرىنسىپنى ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىنى يولغا قويغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

مانا بۇ بىز مەيلى كېچە ياكى كۈندۈزدە بولسۇن بىر دەقىقە جىنايەت ئۆزۈلۈپ قالمايدىغان كەڭ كەتكەن «جاھىلىيەت مەدەنىيىتى»نىڭ سايىسىدا ياشاۋېتىپ، «لاإلـه الاالله»نىڭ مەدەنىيەت تەلپى ھەققىدە سۆزلەۋاتقان ۋاقتىمىزدا نەزەردىن ساقىت قىلىشقا ياكى ئۇنتۇپ قىلىشقا بولمايدىغان «مەدەنىيەت»نىڭ مۇھىم بىر ئېلېمېنتىدۇر.

* * * * *

بىز ئەمدى مەدەنىيەت مەسلىسىدىكى «رېئايە قىلىشقا تېگىشلىك» ئاساسي ئامىللارغا قايتايلى!

بىز يۇقىرىدا ئومۇمەن ئىنسان- خەلىپە- غا قارىتىلغان زېمىننى گۈللەندۈرۈش ھەققىدىكى تەكلىپ توغرىسىدا، خۇسۇسەن مۇئمىن ئىنسان - توغرا يولدا ماڭغان خەلىپە- غا قارىتىلغان ئىلاھىي پرىنسىپنىڭ تەلپى بويىچە زېمىننى گۈللەندۈرۈش ھەققىدىكى تەكلىپ توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق.

ئەمدى تۆۋەندە بۇ ئۇممەتنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن رېئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلاردىن يەنە بىر پرىنسىپ ھەققىدە سۆزلەيمىز... بۇ بولسا بارلىق ئىنسانىيەتكە «گۇۋاھ» بولۇشتۇر:

﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا﴾

«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق.①»

كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇش ــ مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ھەر بىر ئىشتا كىشىلەرگە تۇغرا ئۈلگە تەقدىم قىلىشىنى، ياخشىلىق دەرۋازىلىرىنىڭ ھەممىسىدە گەۋدىلىك رول ئوينىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾

«(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللەغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.②»

ئەڭ چوڭ گۇۋاھلىق مۇشۇ دىنىنىڭ گۇۋاھلىقىدۇر... يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئىنسانلارغا ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشى، يەر شارى رېئاللىقىدا بۇ دىنىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن (ئەمەلىي ئۈلگە بولۇش بىلەن) ئۆگىتىشىدۇر... مانا مۇشۇ يول بىلەن ئۈممەت كىشىلەرگە «گۇۋاھ» بولىدۇ.

گۇۋاھلىق مەيلى ئۈممەتتىن كىشىلەرگە بولسۇن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۈممەتكە بولسۇن ئوخشاشلا قىيامەت كۈنى اللەنىڭ ئالدىدا بولىدۇ... بىراق، ئۈممەت بۇ دۇنيادا

---

① سۈرە بەقەرە: 143 ـ ئايەت.

②

ئەمەلىي ئۆلگە تۇرغۇزمىغان بولسا، ئۇنىداقتا، قىيامەت كۈنى اللە ئالدىدا قانداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنى ئۈممەتكە قانداق گۇۋاھچى بولىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئۈممەتكە دىن ئىشلىرىنى ئۆگىتىش ۋە ئۈممەتنى دىنىنىڭ تەلەپلىرى بويىچە تەربىيىلەش ئۈچۈن مەككىدە ئون ئۈچ يىل، مەدىنىدە ئون يىل بىر دەقىقە بوشاشماي، ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان تىرىشچانلىقى بىلەن گۇۋاھچى بولىدۇ. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنى اللە ئالدىدا «مەن ھەقنى يەتكۈزگەن ئىدىم» دېسە، ئۇ ھەقىقەتەن راست ئېيتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ قىيامەتتىكى سۆزى دۇنيادىكى ھەرىكىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادا «ھەججەتۇل ۋىدا»دا: «ئاگاھ بولۇڭلار، مەن سىلەرگە يەتكۈزدۈممۇ؟، ئى اللە گۇۋاھ بولغىن» دېسە، ئۈممەت گۇۋاھ بولغاندەك، قىيامەت كۈنىمۇ رەسۇلۇللاھقا گۇۋاھچى بولىدۇ.

قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە گۇۋاھچى بولغان، ئۈممەتمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گۇۋاھچى بولغان تەرتىپ بويىچە مۇشۇ ئۈممەت «كىشىلەر»گە گۇۋاھچى بولىدۇ. ئەمما، ئۈممەت ئىنسانىيەتكە كىشىلەر قاراپلا دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆگىنەلەيدىغان ئەمەلىي ئۆلگە تەقدىم قىلمىغان بولسا، ئۇنىداقتا، ھەرگىزمۇ «ئىنسانلار»غا گۇۋاھچى بولالمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۈممەت -تارىختا- ئۇزاق مەزگىل ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش، اللە يولىدا جىھاد قىلىش ۋە يەر شارى رېئاللىقىدا بۇ دىننى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن (ئەمەلىي ئۆلگە بولۇش بىلەن)

ئۆگىتىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ «گۇۋاھلىقى»نى قولغا كەلتۈرۈپ بولدى.

ئۇنداقتا، بۇ دىن دۇنيادىن ئۈزۈلگەن نوقۇل ئاخىرەتنىڭلا دىنى بولۇپ قالغانمۇ؟ ياكى بىردەك دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ دىنى بولغانمۇ؟

﴿وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنْسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا﴾

«اللە ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن. [1]»

ياكى بۇ دىن تەندىن ئۈزۈلگەن نوقۇل روھنىڭلا دىنى بولۇپ قالغانمۇ؟

﴿إنَّ لبدنك عليك حقا...﴾

«ھەقىقەتەن سېنىڭ ئۈستۈڭدە جىسمىڭنىڭ ھەققى بار... [2]»

ياكى بۇ دىن بەش پەرزدىن باشقىنى بىلمەيدىغان چەكلىك مەنادىكى «ئىبادەت»نىڭلا دىنى بولۇپ قالغانمۇ؟

﴿فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانْتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِنْ فَضْلِ اللَّهِ وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾

«ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن بىكار بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، اللەنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن اللەنى كۆپ ياد ئېتىڭلار [3]»

---

① سۈرە قەسەس: 77 ـ ئايەت.

② ئىما بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

③ سۈرە جۇمۇئە: 10 ـ ئايەت.

ھەقىقەتەن بۇ دىن ئىلاھىي يوليۇرۇقلارنىڭ ھۆكۈمى بىلەن سىياسەت، ئىقتىساد، ئىجتىمائىيەت، جىھاد ۋە ئىلاھىي پرىنسىپنىڭ تەلىپى بويىچە زېمىننى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئىجابىي ھەرىكەتنىڭ دىنىدۇر.

ئەگەر ئىسلام ئۈممىتى دىنىنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرمىسا قانداقمۇ بۇ دىن ئارقىلىق كىشىلەرگە گۇۋاھچى بولالايدۇ؟ ۋە كېرەكلىك ئۈلگە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن يۈكسەكلىككە ئىگە بولالايدۇ؟

ھەقىقەتەن ئۈممەتنىڭ مەدەنىيەت ھەرىكىتى قانداقتۇر نەپلى ئەمەل بولماستىن، بەلكى، الله بەلگىلىگەن «تەكلىپ»دۇر.

* * * * *

«لاإله الاالله»نىڭ مەدەنىيەت تەلىپىگە رېئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن كېلىدۇ...

﴿هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُونَ﴾

«ئۇلار اللەنىڭ نۇرىنى (يەنى اللەنىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر.①»

ھەممىگە مەلۇمكى، يازغۇچىلار ۋە ناتىقلار «گەپ»نىڭ كۈچى ھەققىدە قانچىلىك سۆزلىسۇن ياكى يازسۇن، بىراق، رېئال دۇنيادا ئېغىزدىكى «گەپ»نىڭ كۈچى بىلەنلا دىن ئاشكارا

---

① سۈرە سەف: 9- ئايەت.

بولمايدۇ.

ھازىرقى ئىنسانلار ئىچىدە ھەقنىڭ «ھەق»لىقىنى تونۇپلا ئىمان كەلتۈرگەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك كىشىلەردىن قانچىسى بار؟

ھەقنىڭ «ھەق»لىقىنى تونۇپلا، ئەتراپىدىكى زوراۋانلارنىڭ چەكتىن ئاشقان ئېكسپلاتاتسىيىسىگە قىلچە پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئىمان كەلتۈرگەن ساھابىلاردەك كىشىلەردىن قانچىسى بار؟

بۈگۈنكى كۈندە كۆپلىگەن كىشىلەر ھەقنىڭ «ئاشكارا» بولغىنىنى كۆزى بىلەن كۆرمىگىچە كەينىگە داجىپ، اللەنىڭ دىنىغا كىرمەيدۇ.

ھەقنىڭ «ئاشكارا» بولۇشى ئۈچۈن ھەقكە چىن قەلبىدىن ئىشىنىدىغان، زۇلۇم ۋە ئازاپقا تىز پۈكمىگەن ھالدا ھەققە چىڭ ئېسىلىدىغان، ھەق يولدا جان پىدا قىلىدىغان ۋە ھەق ئۈچۈن بارلىقىدىن كېچەلەيدىغان مۇئمىن جامائەت- كۈچلۈك بازا- بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ھەققە تايانچ كۈچ بولىدىغان «ئامىللار» بولۇشى كېرەك.

كۈچ-قۇۋۋەت دەل ئاشۇ ئامىللارنىڭ قاتارىدىندۇر... چۈنكى، بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ﴾

«دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن، اللەنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر ، ئۇلارنى سىلەر

تونۇمايسلەر، اللە تونۇيدۇ.[1]»

﴿ وَجَاهِدُوا فِي اللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِ﴾

«اللەنىڭ يولىدا (پۇل- مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار.[2]»

شۇنداقلا، مەدەنىيەت مەۋجۇدىيىتىمۇ ئاشۇ ئامىللارنىڭ قاتارىدىندۇر...

ئىسلامنىڭ يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىشىنى ئەلۋەتتە ئىسلام تەقدىم قىلغان «مەدەنىيەت ئۈلگىلىرى»نىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

مەدەنىيەت تىلغا ئېلىنسىلا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا شۇئان ھەيۋەتلىك ئوردىلاردا ئەكس ئەتكەن ئەيش-ئىشرەت مەدەنىيىتىنىڭ سىمالىرى پەيدا بولىدۇ.

ياق! بۇ ھەرگىزمۇ توغرا ئۇقۇمدىكى مەدەنىيەت ئەمەس. بەلكى، مەدەنىيەتنى ھالاك قىلغۇچى ئامىللاردۇر.

﴿وَإِذَا أَرَدْنَا أَنْ نُهْلِكَ قَرْيَةً أَمَرْنَا مُتْرَفِيهَا فَفَسَقُوا فِيهَا فَحَقَّ عَلَيْهَا الْقَوْلُ فَدَمَّرْنَاهَا تَدْمِيرًا﴾

«بىرەر شەھەر (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي، پىسقى - پاسات قىلىدۇ - دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز.[3]»

---

① سۈرە ئەنفال: 60- ئايەت.

② سۈرە ھەج: 78- ئايەت.

③ سۈرە ئىسرا: 16- ئايەت.

ئۇنداقتا، مەدەنىيەت نېمە؟

مەدەنىيەت ئەڭ ئالدى بىلەن قىممەت قاراش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنتىزام ۋە ماددىي شەكىلدىكى كۆرۈنۈش.

كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئىسلامغا ئاچقان تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ماددىي مەدەنىيەت شەكىللىرىدىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمىغىلا ئىگە بولسىمۇ، بىراق، ئۇلار روھى يۈكسەكلىك، پاك ھېسسىيات، ئادالەت، مۇھەببەت، كەمتەرلىك، ئۇلۇغ پرىنسىپ، ئېسىل ئەخلاق، ئۇلۇغ نىشانغا قاراپ ئەستايىدىل ئىلگىرىلەش، ئىنتىزام ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق.... قاتارلىق مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقى جەۋھىرىگە ئىگە ئىدى...

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇممەتنىڭ زېمىندا كۈچىيىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەتنىڭ ماددىۋىي شەكىللىرى مەيدانغا كەلدى. بىراق، بۇ ئۇممەت ئىزچىل تۈردە يۈكسەك ئىسلام نىشانلىرىغا بويسۇندى. نەتىجىدە ئەينى ۋاقىتتا گۈللەنگەن ئۈچ قىتئەدىكى مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ قەلب ۋە ئىدىيىلىرىنى يورۇتقان نۇر ھاسىل بولدى.

ئەپسۇس، قاچانكى ئۇممەتنىڭ بايلىرى ئەيش-ئىشرەتكە چۆمۈلۈپ، كەمبەغەللىرى ھورۇن-تىرىكتاپلارغا ئايلاندى، ئەنە شۇ چاغدا ئۆزگەرمەس ئىلاھىي قانۇنىيەت بۇ ئۇممەتنى جازالىدى.

مانا بۈگۈن ساختا مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى غەرب تەرەپتىن شىددەتلىك يامراپ كېلىۋاتىدۇ... ئىسلام ھەقىقىتىدىن قۇرۇق قەلبلەر بۇنىڭدىن ھاڭ-تاڭ قىلىۋاتىدۇ.

بۇ ساختا مەدەنىيەت ئۇممەتنى قالاق ھالىتىدىن ھەرگىزمۇ قۇتقۇزالمايدۇ.

بەلكى، ئۇممەتنى قۇتقۇزۇدىغىنى ئۇممەتنىڭ مەدەنىيەتنىڭ توغرا، ئىجابىي چۈشەنچىسىگە قايتىپ كېلىشىدۇر. بۇ خىل مەدەنىيەت ئويۇن-تاماشا، بىكار تەلەپلىك ۋە شاللاقلىقتىن خالى بولغان، يۈكسەك سەۋىيىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتىدۇر. چۈنكى، بۇ مەدەنىيەت ماھىيىتىدە «لاإله الاالله»دىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

ماددىي شەكىللەر-ئەقىلگە ئۇيغۇن دائىرىدە- «تەرەققى قىلىۋاتقان» ئىنسانىيەت ھاياتى ئۆچۈن ھەقىقەتەن زۆرۈر بولسىمۇ، بىراق، ئىلاھىي پرىنسىپتىن كەلگەن ھەقىقى «قىممەت»سىز ئۇممەت قۇرۇلمايدۇ، اللەنىڭ ئىرادىسىدىكىدەك «ئىنسانىي» مەۋجۇدىيەت ھەرگىز ئىشقا ئاشمايدۇ:

﴿وَاللَّهُ يُرِيدُ أَنْ يَتُوبَ عَلَيْكُمْ وَيُرِيدُ الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الشَّهَوَاتِ أَنْ تَمِيلُوا مَيْلًا عَظِيمًا﴾

«اللە سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. شەھۋەتلەرگە ئەگىشىدىغانلار (يەنى شەيتانغا ئەگىشىدىغان فاجىرلار) توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى (شۇلارغا ئوخشاش فاجىر بولۇشۇڭلارنى) خالايدۇ.①»

@ @ @ @ @

① سۈرە نىسا: 27- ئايەت.

# 7. ئىپادىلەش تەلپى[1]

«ئوقۇ، جىبرىئىل سەن بىلەن بىللە»!

ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن دەۋەتنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداۋاتقان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسسان ئىبنى سابىتقا ئەنە شۇنداق دېگەن ئىدى. بىز پەيغەمبەرنىڭ ھەسسانغا ئېيتقان بۇ ئولىيۇرۇقىدىن ئۇنىڭ پەقەت «رۇخسەت»لا ئەمەس، بەلكى، قىزىقتۇرۇش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز.

بەلكى، مەن ئۇنى گويا بىر تەكلىپ (بۇيرۇق)تەك ھېس قىلىمەن...

ئاللە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلغان كىشىلەرنىڭ دەۋەتتىكى مەجبۇرىيىتى شۇكى، ئۇلار بۇ ساھەدە ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

چۈنكى، بۇ «پەرز كىپايە» بولۇپ، ئەگەر ئۇنى مەلۇم كىشىلەر ئورۇندىسا، ئوموي ئۇممەت گۇناھتىن ساقىت بولىدۇ ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە باشقا كىشىلەر ئۆزىنىڭ شەخسى ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا بولىدۇ.

---

① بۇ يەردىكى «ئىپادىلەش تەلپى» (المقتضى التعبيرى) ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قارىتىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئەدەبىيات (يېزىق، بايان، نۇتۇق ۋە ئاخبارات) ياكى سەنئەت شەكلىدىكى ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

بىراق، بۇ يەردە ھەممىگە ئورتاق «پەرز ئەيىن» بولغان مۇنداق بىر ئەھۋال بار... ئېپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەر قانداق مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىدە ئىسلام پرىنسىپلىرىغا مۇتلەق رىئايە قىلىشى كېرەك. مانا بۇ «لاإلــه الاالله»نىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى تەلىپىدۇر.

* * * * *

بىز بۇ چەكلىك سەھىپىلەردە «ئىسلامنىڭ ئىجادىيەت پرىنسىپى» ھەققىدە تەپسىلى سۆزلەپ بولالمايمىز. چۈنكى، ئۇ مەخسۇس «تەتقىقات»نىڭ ئىشى بولۇپ، بىزنىڭ بۇ چەكلىك سەھىپىلەردىكى ئىشىمىز پەقەت بۇ ھەقتە ئىشارەت خاراكتېرلىك يولىيورۇقلارنى بېرىشتىن ئىبارەت[①].

بىراق، بىز بۇ يەردە مۇسۇلماننىڭ ھەر بىر كۈندىلىك پائالىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئەقىدىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشچانلىقتىن ئىبارەت ئاساسلىق بىر ئىشنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكچىمىز.

﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، لَا شَرِيكَ لَهُ...﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر، اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر.[②]»

روھىيەتنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىنى گۈزەل سۈرەتتە ئىپادىلەشكە بولغان قىزغىنلىق ئىنساندىكى تەبىئىي قىزغىنلىقتۇر. قەدىمدىن تا

① ئاپتورنىڭ «ئىسلام سەنئىتىنىڭ پرىنسىپلىرى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن!
② سۈرە ئەنئام: 162 ـ 163 ـ ئايەتلەر.

هازىرغىچە يەر يۈزىدە ياشاپ ئۆتكەن ھەر بىر مىللەتنىڭ مىراسلىرىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى دەل ئاشۇ قىزغىنلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك... ئەگەر بۇ ساھەدىكى تالانت ئىگىلىرى ئومۇمى خەلققە نىسبەتەن ئاز ھېساپلانسا، ئۇنداقتا، بارلىق كىشىلەرنىڭ سەنئەت ئىجادىيەتلىرىنى ياقتۇرۇپ كۆرۈش، ئاڭلاش، ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىش ۋە ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىش بىلەن سەنئەتكە ئورتاقلىشىشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. چۈنكى، سەنئەتكار ئۇلارنىڭ روھىيىتىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ گويا سەنئەتكاردەك سەنئەت ۋەكىللىرىگە ياكى سەنئەت تەلەپكارلىرىغا ئايلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ - مەيلى ئىجاد قىلىش بولسۇن ياكى قوبۇل قىلىش بولسۇن - ئىنسان تەبىئىتىنىڭ پائالىيىتى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇ ئەلۋەتتە ئايەتنىڭ يەنى «ھاياتىم»نىڭ دائىرىسىگە تەۋە بولىدۇ... ئىسلامدا پۈتكۈل ھايات ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈن بولۇشى كېرەك.

بەزى كىشىلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپلا «ئەدەبىيات -ياكى سەنئەت ئىجادىيىتى- دىنى ئەدەبىيات بولۇشى ۋە "ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈن" بولۇشى ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەز-نەسىھەتكە ئايلىنىشى كېرەك» دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

مەقسەت ھەرگىز بۇ ئەمەس...

نەسىھەتنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە ساھەسى بار... بىراق، بىزنىڭ ھەر بىر سۆزىمىز نەسىھەتكە ئايلىنىپ كەتسە، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولۇپ قالمامدۇ؟

ساھابىلار مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ

زېرىكىپ قىلىشمىزدىن ئەنسىرەپ، نەسىھەتنى كۆن ئارىلاپ قىلاتتى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر سۆزىنى جەننەتنىڭ يولى دەپ تونۇپ، ئۇنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئېيتقان ھەر بىر سۆزگە ئۆزىنى -پەرۋانە كەبى- ئۇرۇپ تۇرىدىغان ساھابىلارنىڭ ئەھۋالى شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، بىزدەك ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەر بىر سۆزى پەقەت نەسىھەتلا بولسا كىشىلەرنىڭ زېرىكىپ قىلىشى نورمال ئەھۋال ئەمەسمۇ؟

شۇنداق! گەرچە نەسىھەت روھىيەتنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى قوزغايدىغان تەسىرلىك سۆزگە ئايلانغان چاغدا، سەنئەتنىڭ كىرىش ئېغىزى بولالىسىمۇ، بىراق، سەنئەت ھەرگىزمۇ نەسىھەت ئەمەس.

سەنئەت ئىجادىيىتى ۋاستىلىك «ئىپادىلەش» بولۇپ، ئۇ بىۋاستە نەسىھەت ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى، جانلىق پوزتسىيە، بەلگىلىك تۇيغۇلار، مەلۇم مەنىگە ئىگە ھەرىكەتلەر ئارقىلىق كىشلەرنىڭ روھىيىتىگە يېتىپ بارىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇنداقتا، الله گۈزەل بىر شەكىلدە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلغان مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى قايسى؟

دەۋەت ھەر دائىم ئۇنى قوغدايدىغان كىشىلەرگە مۇھتاج!... دەۋەتكە قارىتىلغان ئۇرۇش مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئۇرۇش تۇنجى قەدەمدىلا دەۋەتكە تەھدىت سالغان شەيتاننىڭ «ئۇرۇشى» دۇر.

﴿قَالَ فَبِمَا أَغْوَيْتَنِي لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ، ثُمَّ لَآتِيَنَّهُمْ مِنْ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَنْ شَمَائِلِهِمْ وَلَا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ﴾

«ئىبلىس ئېيتتى: "سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن". [①]»

﴿قَالَ فَبِعِزَّتِكَ لَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ، إِلَّا عِبَادَكَ مِنْهُمُ الْمُخْلَصِينَ﴾

«ئىبلىس ئېيتتى: "ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)". [②]»

زېمىنىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن جىھاد قىلىدىغان ھەمدە ئۇ ئارقىلىق الله رەزىل كۈچلەرنى چېكىندۈرىدىغان مۇئمىنلار مەۋجۇت بولۇشى لازىم.

﴿وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَفَسَدَتِ الْأَرْضُ وَلَكِنَّ اللَّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْعَالَمِينَ﴾

«الله ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن الله (يامانلىقنى

① سۈرە ئەئراف: 16 ـ 17 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ساد: 82 ـ 83 ـ ئايەتلەر.

ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.[1]»

بۈگۈن دەۋەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇشتا ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى تولۇق ئىشقا سېلىنىۋاتىدۇ... ئۇ مەيلى ئىسلامغا، ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىغا، چۈشەنچىلىرىگە، ئەقىدىسىگە، شەرىئىتىگە ۋە ئەنئەنىسىگە قارىتىلغان ھۇجۇم بولسۇن ياكى ئەخلاقنى بۇزۇش، كىشىلەرنى پارچە-پۇرات، ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىش بولسۇن ئوخشاشلا كىشىلەرنى ھەقتىن ئازدۇرۇش ۋە اللەنىڭ يولىدىن يىراقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

يېزىقچىلىق (ياكى سەنئەت) ئىقتىدارىغا ئىگە مۇسۇلمانلار ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان بۇ دۈشمەنلىككە قارىتا رەددىيە بېرىشى لازىم... ئۇ مەيلى ئىسلام ھەقىقىتىنى بايان قىلسۇن ياكى ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ ئازغۇن چۈشەنچىلىرىنى ۋە بۇزۇلغان ئۆلچەملىرىنى تەنقىدلىسۇن ياكى شەيتانلارنىڭ خارابلاشتۇرۇش قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلىسۇن ياكى كىشلەرنى ئويۇن-تاماشانى ۋە ئەرزىمەس ئىشلارنى تاشلاپ، يۈكسەكلىككە قاراپ ئىنتىلىشكە دەۋەت قىلسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئىسلام ئۈچۈن قىلىنغان خىزمەت ھېسابلىنىدۇ... شەيتانغا نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ ئويۇن-تاماشا ۋە ئەرزىمەس ئىشلارنى تاشلاپ، يۈكسەكلىككە قاراپ ئىنتىلىشىدىنمۇ قاتتىقراق ۋە رەھىمسىزراق زەربە بولمايدۇ.

﴿إِنَّهُ لَيْسَ لَهُ سُلْطَانٌ عَلَى الَّذِينَ آمَنُوا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ، إِنَّمَا سُلْطَانُهُ عَلَى

---

① سۈرە بەقەرە: 251- ئايەت.

الَّذِينَ يَتَوَلَّوْنَهُ وَالَّذِينَ هُمْ بِهِ مُشْرِكُونَ﴾

«شۇبھىسىزكى، مۇئمىنلەرنىڭ ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلغۇچىلار (يەنى يۆلەنگۈچىلەر)نىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ (يەنى پەرۋەردىگارىغا چىن يۆلەنگەن مۇئمىنلەرگە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى تەسىر قىلالمايدۇ). شەيتان پەقەت ئۆزىنى دوست تۇتىدىغانلار ۋە ئۆزىنىڭ (ئىغۋا قىلىشى) بىلەن مۇشرىك بولۇپ كەتكەنلەر ئۈستىدىنلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.[1]»

ئەگەر بۇ پەرزنى يېزىقچىلىق (ياكى سەنئەت) تالانتىغا ئىگە مەلۇم كىشىلەر ئادا قىلىپ، باشقا كىشىلەر ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ھالەتتىمۇ، ئەدىب ۋە ئوقۇرمەن (ياكى سەنئەتكار ۋە كۆرۈرمەن) ئوخشاشلا بىز يۇقىرىدا كۆرستىپ ئۆتكەن «ئىسلام پرىنسىپلىرىغا مۇتلەق رىئايە قىلىش» شەرتىگە بويسۇنۇشى لازىم.

مۇسۇلمان ئەدىبنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى ئۇنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىگە ئوخشاشلا ئىسلامدىن ئۇرغۇپ چىققان بولۇشى ۋە ئىسلام ئۆلچەملىرى بىلەن كونترول قىلىنغان بولۇشى كېرەك. قانداقلا بولمىسۇن ئەدىبمۇ ئىنسان، پەرىشتە ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭغا پەرىشتىلىك تەلىۋىنى قويغىلى بولمايدۇ.

﴿كل بني ادم خطاء...﴾

«ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى خاتالىشىدۇ...[2]»

بىراق، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى -پەيغەمبەر

---

① سۈرە نەھل: 99-100- ئايەتلەر.

② ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئەلەيهسسالام ئېيتقاندەك ـ تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر.

﴿وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ، أُولَئِكَ جَزَاؤُهُمْ مَغْفِرَةٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ﴾

«تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا اللەنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللەدىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى![1]»

مۇسۇلمان ئەدىبكە ئىنسانىي دائىرىدىن ھالقىپ، پەرىشتىگە ئايلىنىش تەلىۋىنى قويغىلى بولمىسمۇ، بىراق، ئۇ «ياخشى» بولمىغان ئەسەرلەرنى كىشىلەرگە تارقاتماسلىقى لازىم. شائىر ياكى ئەدىبنىڭ چۈشكۈنلۈك دەقىقىلىرىدە يازغان ئەسەرلىرىنى (شېئىر، نەسىر، ھېكايە، رومان، ماقالە... دېگەندەك) خەلققە تارقىتىشى «گۇناھ ئۈستىدە چىڭ تۇرۇش» ياكى «بىلىپ تۇرۇپ گۇناھنى داۋاملاشتۇرۇش» بولۇپ، بۇ مەغپىرەتنى توسۇپ قويىدۇ. چۈنكى، اللە گۇناھىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلغان، «بىلىپ تۇرۇپ خاتا قىلمىشلارنى داۋاملاشتۇرمىغان» كىشىلەرنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

شۇ سەۋەپتىن مۇسۇلمان ئەدىب ھەر قانداق چۈشكۈنلۈكنى

[1] سۈرە ئال ئىمران: 135 ـ 136 ـ ئايەتلەر.

ئىپادىلەشــتىن يــاكى چۈشــكۈنلۈكنى تەشــەببۇس قىلىــشتىن ساقلىنىشى لازىم.

بۇنداق دېگەنلىك چۈشكۈنلۈكنى ۋە چۈشكۈنلەرنى كۆرستىش هـارام بولىـدۇ دېگەنلىـك ئەمەس. چـۈنكى، قۇرئـان كەرىمـدىكى يۈسـۈف سۈرىــسىدە ئىنــساننىڭ چۈشــكۈنلۈك دەقىقىلىرىــدىن بىــر دەقىقە ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىنچىكە رەۋىشتە تەسۋىرلەنگەن. بىـراق، قىسسە اللهنىڭ كىتابىدا قانداق بايان قىلىندى؟

قۇرئان كەرىم سەنئەت نامى بىلەن «هېسسىياتنى قوزغايدىغان يـازغۇچىلار»غـا ئوخـشاش چۈشـكۈنلۈك دەقىقىـسىنى ئۇزۇنــدىن-ئۇزۇنغـا تەپسىلى بايـان قىلمىـدى ۋە چۈشـكۈنلۈك دەقىقىـسىنىڭ ئوتتۇرىــسىدىلا توختــاپ قالمىــدى. شــۇنداقلا، «جىنــسىيەت هېكــايىچىلىرى»نىــڭ ئەســەردىكى ئەر يــاكى ئايــال «بــاش قەهرىمان»نىڭ ناپاك ئىش-هەرىكەتلىرىنـى ئۇجـۇر-بۇجـۇرىغىچە تەســۋىرلىگىنىگە ئوخــشاش ئىنچىكىلىــك بىــلەن تەســۋىرلەپ ئولتۇرمىــدى... دەرهەقىــقەت يۈسـۈف قىسســسىدىكى «ئــاخىرقى ئــابزاس» هەرگىزمـۇ چۈشـكۈنلۈك دەقىقىـسى بولـۇپ قالمىـدى. بەلكى، چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلۇپ، هۇشىغا كېلىش ۋە الله تەرەپكە قايتىش دەقىقىسى بولدى:

﴿قَالَتِ امْرَأَةُ الْعَزِيزِ الْآنَ حَصْحَصَ الْحَقُّ أَنَا رَاوَدْتُهُ عَنْ نَفْسِهِ وَإِنَّهُ لَمِنَ الصَّادِقِينَ، ذَلِكَ لِيَعْلَمَ أَنِّي لَمْ أَخُنْهُ بِالْغَيْبِ وَأَنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي كَيْدَ الْخَائِنِينَ، وَمَا أُبَرِّئُ نَفْسِي إِنَّ النَّفْسَ لَأَمَّارَةٌ بِالسُّوءِ إِلَّا مَا رَحِمَ رَبِّي إِنَّ رَبِّي غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾

«مىــسىر ئەزىزىنىــڭ خوتــۇنى: "ئەمــدى هەقىقىــي ئەهــۋال ئايدىڭلاشتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدىم، يۈسۈف هەقىقەتەن راستچىللاردىن ئىدى" دېدى.

(يۈسۈف ئېيتتى) ”بۇ (يەنى پادىشاھنىڭ ئەلچىسىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكىم) مىسىر ئەزىزى يوق چاغدا خوتۇنىغا خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى ۋە خائىنلارنىڭ ھىيلىسىنى اللەنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر“. ”مەن ئۆزۈمنى ئاقلىمايمەن: نەپسى دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ، پەرۋەردىگارىم رەھمەت قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر؛ ناھايىتى مېھرىباندۇر“[1]»

شۇنداقلا، مۇسۇلمان ئەدىب كائىنات، ھايات ۋە ئىنسانغا بولغان ئىسلامىي تەسەۋۋۇرغا رىئايە قىلىدۇ. بۇ تەسەۋۋۇر ـ مەن «ئىسلام سەنئىتىنىڭ پرىنسىپلىرى» ناملىق ئەسىرىمدە ئېيتقىنىمدەك ـ كەڭرى، ئاممىباب، چوڭقۇر تەسەۋۋۇردۇر. ئۇ ئىنسانىي تۇيغۇنى ھەقىكە تولدۇرىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمان ئەدىب ئۇنى گۈزەل بىر شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرەلىسە، ئۇنداقتا، ئۇ ھەقىقى سەنئەت بولۇشقا، ساختا، ئاتالمىش سەنئەتنى مەيداننى قوغلاپ، ئۇنى يولدىن يىراقلاشتۇرۇشقا مۇناسىپ سەنئەت بولىدۇ.

ئەگەر ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە مۇسۇلمانلار «لاإله الاالله»نىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەلىپىنى رىئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، بۈگۈن مەيدانلارنى قاپلاپ تۇرغان زامانىۋىلىق نىقابى ئاستىدىكى «ماغزاپ» (كۆپۈك)لار ھەرگىزمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئوتتۇرىغا چىقالمايدۇ. ئۇ پەقەت مەيداننىڭ سەنئەت ئىجادىيىتى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك گۈزەل سەنئەت ئۇسلۇبلىرى بىلەن «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنى

---

① سۈرە يۈسۈف: 51 ـ 53 ـ ئايەتلەر.

ئورۇندايدىغان ھەقىقى ئەدىبتىن خالى قالغانلىقى سەۋەبىدىن ساختا، ئاتالمىش سەنئەت پەيدا بولدى ۋە يوغىناپ، پاخپايدى.

بىز بۇ يەردە سەنئەت ھەققىدىكى بايانلىرىمىزنى مەخسۇس تەتقىقات ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، يولىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان ئىخچام مىساللار نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويىمىز.

جاھىلىيەت سەنئەتكارلىرى «سەنئەت سەنئەت ئۈچۈن» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈۋالىدۇ... مۇشۇ شوئار ئاستىدا زېمىندا بۇزۇقچىلىقنى قوزغايدۇ. بۇزۇقچىلىق خاراكتېرىغا ئىگە ئوبزورچىلار ئۇنىڭغا ئارقا تېرەك بولىدۇ. ئاۋام-خەلقمۇ ئەسلىدە بۇزۇقچىلىق ۋە ئويۇن-تاماشا ئىزدەيدۇ. ئۇلارغا يۆلەكلىك ۋە توغرا يول كېرەك ئەمەس. چۈنكى، يەھۇدىيلاردىن ۋە باشقا كاپىر مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان شەيتانلار ئالىقاچان ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى بۇزۇپ، چۈشكۈنلۈكنى «ئەركىنلىك» ۋە «ئازاتلىق» نامى بىلەن ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسەتتى.

مۇسۇلمان سەنئەتكارنىڭ غايىسى كىشلەرنى ئاللە ھۆرمەتلىك قىلغان ۋە ئۇ ئارقىلىق كۆپلىگەن مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن قىلغان «ئىنسان»نىڭ ھۆرمىتىگە لايىق سەۋىيىگە يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

بۇ يەردە -ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە- بىر قىسىم ئاتالمىش «پرىنسىپچان» سەنئەتكارلار باركى، ئۇلار «سەنئەت سەنئەت ئۈچۈن» دېگەن شوئارنى قوبۇل قىلمايدۇ. بەلكى، ئۇلار ئۇنىڭ ئورنىدا «سەنئەت ھايات ئۈچۈن» دېگەن باشقا بىر بۇددىزم شوئارىنى سەنئەت پرىنسىپى قىلىۋالغان... قېنى ئېيتىڭچۇ؟ قايسى ھايات ئۈچۈن؟ بۇ ھاياتنىڭ ئۆلچەم ۋە پرىنسىپلىرىنى كىم

بەلگىلەيدۇ؟

مۇسۇلمان سەنئەتكار «سەنئەت سەنئەت ئۈچۈن» دېگەن شوئارنى قوبۇل قىلمىغىنىغا ئوخشاشلا، ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ چۈشەنچىسىدىكى «سەنئەت ھايات ئۈچۈن» دېگەن شوئارنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ.

سەنئەتنىڭ غايىسى ـ ئىنساننىڭ باشقا ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش ـ ئىبادەتنىڭ كەڭرى، ئۇمۇمىي مەنىسى بويىچە اللهغا ئىبادەت قىلىش بولۇپ، بۇ ـ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنالار قاتارىدا ـ ئىلاھىي پرىنسىپنىڭ تەلىپى بويىچە زېمىننى گۈللەندۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ناھايىتى ئېنىقكى، زېمىندا زۇلۇم مەۋجۇت... ھەر قايسى ساھەلەردە ھەر تۈرلۈك زۇلۇم مەۋجۇت... سىياسىي زۇلۇم، ئىجتىمائى زۇلۇم ۋە ئىقتىسادىي زۇلۇم... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىي تەلىماتقا قارشى. چۈنكى، الله ھەدىس قۇدۇسىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يا عبادى إني حرمت الظلم على نفسي، وجعلته بينكم محرما فلا تظالموا﴾

«ئى بەندىلىرىم ھەقىقەتەن مەن ئۆزۈمگە زۇلۇمنى ھارام قىلدىم ۋە سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ئۇنى زۇلۇم قىلدىم. شۇڭا ئۆز-ئارا زۇلۇم قىلىشماڭلار!.①»

زۇلۇمنىڭ بېشى اللهغا شېرىك كەلتۈرۈش بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل زۇلۇمنىڭ كېلىش مەنبەسىدۇر.

﴿وَإِذْ قَالَ لُقْمَانُ لِابْنِهِ وَهُوَ يَعِظُهُ يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾

① ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

«ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: "ئى ئوغۇلچىقىم، اللەغا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ زۇلۇمدۇر" دېدى[1]»

مۇسۇلمان سەنئەتكار ـ مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىۋى بىلەن ـ زۇلۇمنىڭ بارلىق تۈرلىرىگە نىسبەتەن ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى جىھاد قىلىش مەيدانىدا تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇ زۇلۇمنى تەنقىد قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان، ئۇنى يوقۇتۇشقا چاقىرىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ھاياتلىق يولى (زۇلۇم يوقۇتۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئالمىشىدىغان تۈزۈم)نى تەقدىم قىلىدىغان بىر سەنئەتنى ئىجاد قىلىدۇ... گاھىدا مۇسۇلمان سەنئەتكار زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى يوقۇتۇش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان جاھىلىيەت سەنئەتكارىغا ئوخشاپ قالىسمۇ، بىراق، ماھىيەتتە ئۇنىڭدىن بىر قانچە تەرەپتە پەرقلىنىدۇ.

بىرىنچى، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇ تەقدىم قىلىدىغان تۈزۈمدە پەرقلىنىدۇ... بۇ تۈزۈم سوتسىيالىزم ئەمەس، دېموكراتىيە ئەمەس، ئەلمانىزم ئەمەس. بارلىق ئىشكەللەرنى بىكارغىلا پاچاقلاپ تاشلاپ، قالايمىقانچىلىقنى تەشەببۇس قىلىشمۇ ئەمەس. مەۋجۇدىيەتچىلىكمۇ ئەمەس. «مىراس»لارنى يوقۇتۇپ، ئۇنىڭ بارلىق تەسىرلىرىدىن قۇتۇلۇشقا چاقىرىدىغان «زامانىۋىلىق»مۇ ئەمەس.

ئۇ تەقدىم قىلىدىغان تۈزۈم ئىلاھىي پرىنسىپتۇر... زۇلۇم ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەگىشىشتىن كېلىپ

---

① سۈرە لوقمان: 13 ـ ئايەت.

چىققـــان. جەمئىيەتـــتە مەۋجـــۇت بولغـــان بـــارلىق تـــۈزۈملەر ئىنســـانلارنىڭ پرىنســـىپىدۇر. بەلكـــى، جاھىلىيەتنىـــڭ پرىنسىپىدۇركى، الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾

«ئـۇلار جـاھىلىيەت دەۋرىنىـڭ ھـۆكمىنى تەلەپ قىلامـدۇ؟ (اللەغا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللەدىنمۇ ئادىل كىم بار؟ ①»

ئىككىنچى، ئۆزىنىـڭ ئەدىبـي (يـاكى سـەنئەت) ئىجادىيىتىـدە ئوتتۇرىغا قويىدىغان ۋەقەلەرنى ئىزاھلاشتا پەرقلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ سەنئەتكار تارىخى ماتېرىيالىزمچى بولـسا، ئۇنـداقتا، ئۇ بارلىق سـەۋەپلەرنى ئىقتىـسادىي ۋەزىـيەت، مونوپـول قىلغـۇچى سـىنىپلارنىڭ ھۆكـۈمرانلىقى ۋە ئۇلارنىـڭ ئەمگەكچـان خەلقنـى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىـشى بىـلەن مۇناسـىۋەتلىك دەپ قارايـدۇ. ئـۇ مۇنوپۇل قىلغۇچىلارنى - فېئودالىستلارنى ياكى كاپىتالىـستلارنى- تەنقىـد قىلىـدۇ ۋە ئېـزىلگەن ئەمگەكچـى خەلقـقە كـۆز يېـشىنى تۆكـــدۇ. بـــراق، ئـــۇ ھەرگىزمـــۇ «ئەخـــلاق» يـــاكى «ئىنســـانپەرۋەرلىك» كـــۆز يېـــشى ئەمەس. بەلكـــى، «سوتـسيالىزم»نىـڭ كـۆز يېشىدۇر. بـۇ كـۆز ياشـنىڭ ئاساسـي دىئـــالېكتىكىلىق ماتېرىيـــالىزم ۋە تـــارىخىي ماتېرىيالىزمـــدۇر. شۇنداقلا، مونوپول قىلغـۇچىلارنى يوقىتىـپ ھوقـۇقنى ئەمگەكچـى خەلققە تاپشۇرۇشقا بولغان چاقىرىقدۇر.

ئەگەر بـۇ سـەنئەتكار پـسىخولوگىيىلىك ئانـالىزچى بولـسا ئۇنداقتا، ئىشلارنى ئىزتىراب ۋە روھىي ئازاب بىلەن مۇناسىۋەتلىك

---

① سۈرە مائىدە: 50 ـ ئايەت.

دەپ قارايدۇ. ھەتتا، جىنايەتچىگىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇرەككەپ ئىچكى تۈيغۇسىنىڭ قۇربانى بولغان بىچارە بولۇپ، جەمئىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغانلىقى ئۈچۈن جىنايەتچى بولۇپ قالغان.

ئەگەر بۇ سەنئەتكار مەۋجۇدىيەت نەزەرىيىچىسى بولسا، ئۇنداقتا، ئۇ ئىشلارنى شەخسنىڭ جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالمىغانلىقى (ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقى) بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. چۈنكى، دىن، ئەخلاق ۋە جەمئىيەت كىشەنلىرى ياكى «باشقىلار»نىڭ بېسىملىرى ئۇنىڭ شەخسىي مەۋجۇدىيىتىنى يوق قىلىۋەتتى. نەتىجىدە ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلىيەلمىدى... ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلىشى كېرەك... «باشقىلار جەھەننەمگە كەتسۇن!»[1]...

ئەگەر ئۇ زامانىۋىلىقنى ياقىلىغۇچى بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ قارىشىچە جىنايەت ئۆتمۈشنىڭ جىنايىتىدۇر، ئەنئەنىنىڭ جىنايىتىدۇر. بۈگۈنىنىڭ كىشىلىك مۇساپىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، «ئىسيانكارلار»نى ـ ياكى «يېڭىلىقنى قوغلىشىدىغانلار»نى ـ قاتتىق جازالايدىغان ئەنئەنىۋى قىممەتنىڭ توسۇقلىرىدىن ئازات بولالماسلىقنىڭ جىنايىتىدۇر.

ئەمما، اللەنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەگىشىدىغان، كىشىلەرگە ھەقىقەتنى ئۆچۈقلاشتۇرۇپ بېرىدىغان مۇسۇلمان سەنئەتكار شۇنى

---

① «باشقىلار جەھەننەمگە كەتسۇن!» دېگەن بۇ سۆز «مەۋجۇدىيەت» نەزەرىيىچىسى سارتىرىنىڭ مەشھۇر سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسى مۇشۇ بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلانغان (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

ئېنىق بىلىدۇكى، زېمىندا يۈز بېرىۋاتقان بارلىق بۇزۇلۇشلارنىڭ ھەقىقى سەۋەبى اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەسلىك، اللەنىڭ قانۇنىغا ئەگەشمەسلىك ۋە اللەنى قويۇپ بىر ـ بىرىنى ئىلاھ قىلىۋېلىشتۇر. شۇنداقلا، ئىنساني ئىلاھلار مەيلى فېئودالىستلار بولسۇن ياكى كاپىتالىستلار بولسۇن ياكى كوممۇنىستلار بولسۇن، شۇلارنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەگىشىش ۋە «بوزەك ئېتىلگۈچىلەر»نىڭ ئاشۇ ئىلاھلارنىڭ زوراۋانلىقى ئاستىدا ئېزىلىشتۇر... بۇزۇقچىلىقنىڭ تارقىلىشىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى (ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەر) ئورتاق جاۋاپكار بولۇپ، ھاكاۋۇرلارنىڭ ئۆزىنى اللەنىڭ شېرىكى قىلىۋالغانلىقى، بوزەك ئېتىلگۈچىلەرنىڭ اللەنى قويۇپ ھاكاۋۇرلانى ئىلاھ قىلىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن ھەر ئىككىلىسى (اللە ئالدىدا) بىردەك جاۋاپكار بولىدۇ. ساختا ئىلاھلار ئۆزىنىڭ ئىلاھلىقىدىن، بوزەك ئېتىلگۈچىلەر ئۇلارغا چوقۇنۇشتىن ۋاز كەچمىگىچە زېمىننى ئىسلاھ قىلغىلى بولمايدۇ. زۇلۇم مەڭگۈ يوقالمايدۇ. بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شېرىكى يوق يەككە ـ يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىش، اللەنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە تاغۇتلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن جىھاد قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

مانا بۇلار ـ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ قىسقىچە كۆرسەتمىلەر بولۇپ، بىزنىڭ بۇ چەكلىك سەھىپىلەردىكى مەقسىتىمىز بۇ تېمىنى تولۇق بايان قىلىش ئەمەس، بەلكى، روھىيەتنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىنى سەنئەت شەكلىدە ئىپادىلەش ساھەسىدە «لاإله الاالله»نىڭ «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەلىپى»نى بايان قىلىشتىن ئىبارەت.

ئەگەر بىز ئاخباراتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇنىمۇ «لاإلــه الاالله»نىڭ «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەلىپى»نىڭ دائىرىسىگە قوشىدىغان بولساق، ئۇنداقتا، دەيمىزكى: ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئاخباراتى ھەرگىزمۇ ۋەز ـ نەسىھەت ۋە دىنىي دەرسلەرگە ئايلىنىپ قالمايدۇ. گەرچە ۋەز ـ نەسىھەت كىشىلەرگە اللەنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن ئىسلام ئاخباراتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولسىمۇ!...

ئىسلام ئۇممىتىدىكى ئاخباراتنىڭ بىر قانچە نىشانى بار...

بىرىنچى: كىشىلەرگە دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى، يەنى «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنى تەپسىلى تونۇشتۇرۇش. بۇ ئىزچىل تۈردە ئۈزۈلۈپ قالماي، داۋاملىشىدىغان خىزمەت بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن مەككىدە ئون ئۈچ يىلنى، مەدىنىدە ئون يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يىللاردا كىشىلەرگە «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنى ئۆگىتىشتىن ھەرگىز توختاپ قالمىدى.

ئىككىنچى: مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ سۈيقەستىنى تونۇشتۇرۇش. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى دۈشمەنىنىڭ «قىلتىقى»غا چۈشۈپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلدۇرۇش... مەدىنە سۈرىلىرىدە بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنى «لاإلــه الاالله»غا ۋە «لاإله الاالله» ئۈممىتىگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولۇشقا ئۈندىگەن ئامىل، ئۇلار قوللانغان سۈيقەست ئۇسلۇبلىرى ۋە بۇ سۈيقەستلەردىن قوغدىنىش ئامىللىرى تەپسىلى بايان قىلىنغان.

ئۈچىنچى: ھازىرقى دۇنيانىڭ ئەھۋالىغا قارىتا ئىسلامىي

كۆزىتىش نۇقتىسى تەقدىم قىلىش: دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان كۈچلەر قايسى؟ ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە تۇتقان مەيدانى قانداق؟ ئۇلارنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا تۇتقان مەيدانىچۇ؟ يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنى ئىسلام كۆزنىكىدىن قانداق ئىزاھلاش كېرەك؟ زېمىندا جاھىلىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى كىشىلەرنىڭ نامرات تۇرمۇشىغا، دۇنيانى قىيناۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىدىيىۋىي كرىزىس ھادىسىسىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ بۇ رېئاللىققا ئېنىقلىما بېرىدىغان ۋە ئۇنى ئىزاھلايدىغان قانۇنىيەت نېمە؟ كىشىلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالدىكى چىقىش يولى قايسى؟

بۇ خىل ئاخباراتتا ھەرگىزمۇ «چوڭ دۆلەتلەر»نى ماختاش ياكى ئۇلارنى كۆككە كۆتۈرۈش يۈز بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار مەيلى قانچىلىك چوڭ بولسۇن بەرىبىر «چوڭ جاھىلىيەتلەر» ياكى اللەنىڭ تەقدىرى ۋە اللەنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن بىر قانۇنىيەتنىڭ ئېتىبارى بىلەن زېمىندا قۇدرەت تاپقات «تاغۇتلار»دۇر.

﴿مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَالَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لَا يُبْخَسُونَ﴾

«(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ.[1]»

﴿ فَلَمَّا نَسُوا مَا ذُكِّرُوا بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ...﴾

---

① سۈرە ھۇد: 15 ـ ئايەت.

«ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق...[1]»

ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

﴿...حَتَّى إِذَا فَرِحُوا بِمَا أُوتُوا أَخَذْنَاهُمْ بَغْتَةً فَإِذَا هُمْ مُبْلِسُونَ، فَقُطِعَ دَابِرُ الْقَوْمِ الَّذِينَ ظَلَمُوا وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

«... ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال - خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى. زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار يوقىتىلىپ ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇسانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ، كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەغا خاستۇر![2]»

﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ لَيْسَ لَهُمْ فِي الْآخِرَةِ إِلَّا النَّارُ وَحَبِطَ مَا صَنَعُوا فِيهَا وَبَاطِلٌ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾

«بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.[3]»

تۆتىنچى: ئۇممەتكە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە بارلىق ئىنسانلارغا گۇۋاھچى بولۇش... تىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى ئەسلىتىش. شۇنداقلا، ئۇممەتنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللارنى، ئۇممەتنىڭ

---

[1] سۈرە ئەنئام: 44 - ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام: 44 - 45 - ئايەت.

[3] سۈرە ھۇد: 16 - ئايەت.

ھاياتىدىكى جىھادنىڭ رولىنى بايان قىلىش. جىھادنىڭ مەقسىتىنى كىشىلەرنى ئىسلامغا زورلاش ئەمەس، بەلكى، يەر شارىدىكى پىتنىنى يوقۇتۇش ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش.

﴿وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ﴾

«پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللە ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، ئاللە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ.[1]»

ئىسلامىي ئاخبارات مۇشۇ خىل شەرتنى ھازىرلىغان چاغدا، ئۇ «لاإله الاالله»نىڭ «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەلىپى»نىڭ دائىرىسىگە كىرىشكە تېگىشلىك بولغان ئەڭ بىباھا ئاخباراتقا ئايلىنىدۇ.

* * * * *

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىدىكى «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرى ھەققىدە ئېيتىدىغان ئاخىرقى سۆزىمىز شۇكى، بۇ تەلەپلەرنىڭ دائىرىسى ـ يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بايانلاردىن بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ـ غايەت زور كەڭرى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىي مەۋجۇدىيەت ۋە ئىنسانىي ھاياتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا، ئاللە ئۆتمۈشتىلا ئەمەس، بەلكى، بۈگۈن ۋە كەلگۈسىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە يېتەكچى، يولباشچى ۋە گۇۋاھچى بولۇش ئۈچۈن مەيدانغا كەلتۈرگەن بۇ ئىلاھىي ئۈممەتنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

توغرا، بۇ تەلەپلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئەقىدە بىلەن

---

① سۈرە ئەنفال: 39 ـ ئايەت.

بولغان باغلىنىشچانلىقىدا بىرلا دەرىجىدە بولمايدۇ.

بــۇ يەردە «ئىمــانىي تەلەپ»، «ئىبـــادەتتىكى تەلەپ» ۋە «شـەرىئەتتىكى تەلەپ»تىـن ئىبـارەت ئـۈچ چـوڭ يىلتىـز بولـۇپ، بۇلارسىــز ئىمـان ئەسـلا مەۋجـۇت بولمايـدۇ. چـۈنكى، بـۇلاردىن بىرەرىنىـــڭ يــاكى ھەممىـــسىنىڭ بۇزۇلۇشـــى ۋەيــاكى بۇلارنىـــڭ ھەممىسىنىڭ پۈتۈنلەي يوقۇلۇشى ئۇنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى بولغـان «ئېتىقـادتىكى شـېرىك»، «ئىبـادەتتىكى شـېرىك» ۋە «قـانۇن چىقىرىـشتىكى شـېرىك»تىــن ئىبــارەت شــېرىكنىڭ ئــۈچ چــوڭ يىلتىزىنـى پەيـدا قىلىـدۇ. بۇلارنىـڭ ھەممىـسى چـوڭ شـېرىكنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن يانمىغان ۋە تەۋبە قىلمىغان كىشىنى الله ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ:

﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾

«الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنـى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلـۋەتتە مەغپىـرەت قىلمايـدۇ، بۇنىڭـدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىـرەت قىلىـدۇ، كىمكـى اللەغـا شـېرىك كەلتۈرىـدىكەن، ئـۇ ھەقىـقەتەن قـاتتىق ئازغـان بولىدۇ.[1]»

﴿إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنْزَلْنَا مِنَ الْبَيِّنَاتِ وَالْهُدَى مِنْ بَعْدِ مَا بَيَّنَّاهُ لِلنَّاسِ فِي الْكِتَابِ أُولَئِكَ يَلْعَنُهُمُ اللَّهُ وَيَلْعَنُهُمُ اللَّاعِنُونَ، إِلَّا الَّذِينَ تَابُوا وَأَصْلَحُوا وَبَيَّنُوا فَأُولَئِكَ أَتُوبُ عَلَيْهِمْ وَأَنَا التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾

«بۇ كىتابتا (يەنى تەۋراتتـا) كىـشىلەرگە تـوغرا يـولنى ئېنىـق بايــان قىلغىنىمىــزدىن كېيىـن، بىــز نازىــل قىلغــان (مـۇھەممەد

---

① سۈرە نىسا: 116 ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا اللە لەنەت قىلىدۇ (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)؛ لەنەت قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۇئمىنلەر)مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ. پەقەت تەۋبە قىلغانلار، (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەر، يەھۇدىيلارنىڭ تەۋرات ئەھكاملىرىدىن يوشۇرغانلىرىنى) بايان قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇرمەن. ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن.① »

ئەمما، باشقا تەلەپلەردە كەمچىلىك سادىر قىلىش ياكى ئۇنى ئورۇندىماسلىق گەرچە ئىماننىڭ ئەسلىنى بۇزمىسىمۇ، بىراق، ئىمانغا پۈتۈنلەي قارشى كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا كەمچىلىك سادىر قىلغۇچى اللە ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ.

گەرچە بىز بۇلارنى مۇشۇ تەلەپلەر بىلەن باغلانغان «ھۆكۈم» نۇقتىسىدىن ئېيتقان بولساقمۇ، بىراق، بىزنىڭ بۇ بۆلۈمدىكى نىشانىمىز بۇ ئەمەس. بەلكى، بىزنىڭ نىشانىمىز مۇنداق ئىككى ئىشتۇر:

بىرىنچى، بۇ تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ «لاإله الاالله» بىلەن زىچ باغلىنىدىغانلىقىنى، «لاإله الاالله»نىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى مۇستەسناسىز ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ۋە ھېچبىر ئىشنىڭ «لاإله الاالله»نىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىش.

ئىككىنچى، «لاإله الاالله»نىڭ بارلىق تەلەپلىرىنىڭ ئىلاھىي

① سۈرە بەقەرە: 159 ـ 160 ـ ئايەتلەر.

ئـۇممەتنى قـۇرۇپ چىقىـشنىڭ زۆرۈر شـەرتلىرى ئىكەنلىكىنـى، بۇلارسىز يەر شارىدا ئۇممەتنىڭ قەد كۆتۈرمەيدىغانلىقىنى، بۇلارنى ئورۇنداشتىكى ھەر قانداق كەمچىلىكنىـڭ بىـردەك «لاإله الاالله»غـا ئەمەل قىلىـشتىكى ۋە ئۇممەتنىـڭ پرىنـسىپلىرىدىكى كەمچىلىـك بولىدىغانلىقىنى، قىيامەت كۈنى ئۇممەتنىڭ الله ئالدىـدا بـۇلاردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش.

﴿وَإِنَّهُ لَذِكْرٌ لَكَ وَلِقَوْمِكَ وَسَوْفَ تُسْأَلُونَ﴾

«قۇرئـان سـاڭا ۋە سـېنىڭ قەۋمىڭـگە ئەلـۋەتتە (ئۇلـۇغ) شـەرەپتۇر، سـىلەر كەلگۈسـىدە (بـۇ نـېمەت ئۈسـتىدە) سورىلىسىلەر.[1]»

@ @ @ @ @

① سۈرە زۇخرۇف: 44- ئايەت.

# «لاإله الاالله» چۈشەنچىسىنىڭ بۇزۇلۇشى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىدىكى «لاإله الاالله»نىڭ -بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن- بارلىق تەلەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۇنىۋېرسال چۈشەنچىسى «ئىنسانلار ئۈچۈن چىقىرىلغان ياخشى ئۇممەت»نى مەيدانغا كەلتۈردى.

بۇ تەلەپلەر ئىلگىرى ئۆتكەن ھەر قانداق بىر ئۇممەتنىڭ تارىخىدا كەلگەن «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنىڭ ئەڭ كەڭرى ۋە ئومۇمىيراقى ئىدى... بۇ خىل كەڭرىلىك ۋە ئومۇمىيلىق بىر تەرەپتىن دىنىنىڭ مۇكەممەللىشىشى بىلەن تەبىئىي ۋە مەنتىقىي جەھەتتە ئۇيغۇن كەلدى.

﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا﴾

«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.①»

بۇ خىل كەڭرىلىك ۋە ئومۇمىيلىق يەنە بىر تەرەپتىن ئەلچىلىكنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن تەبىئىي ۋە مەنتىقىي جەھەتتە ئۇيغۇن كەلدى.

﴿مَا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِنْ رِجَالِكُمْ وَلَكِنْ رَسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ﴾

---

① سۈرە مائىدە: 3- ئايەت.

«مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) اللەنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (اللە ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ).①»

بۇ خىل كەڭرىلىك ۋە ئومۇمىيلىق ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن ئاخىرقى ئەلچىلىكنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى نىشان قىلغان ئەلچىلىك بولۇشى بىلەن تەبىئىي ۋە مەنتىقىي جەھەتتە ئۇيغۇن كەلدى.

﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا كَافَّةً لِلنَّاسِ بَشِيرًا وَنَذِيرًا﴾

«سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.②»

﴿قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا اللە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن".③»

ئەگەر بۇ تەلەپلەر بۇنىڭدىن كېيىن تا قىيامەتكىچە پەيغەمبەر ۋە ئەلچى كەلمەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن بارلىق ئىنسانلارنى نىشان قىلغان، قىيامەتكىچە مەڭگۈ يوقالمايدىغان بۇ دىننى مۇكەممەللىككە ئىگە قىلغان بولسا، ئۇنداقتا، اللەنىڭ ئىلمى ۋە تەقدىرىدە بۇ تەلەپلەرنىڭ قىيامەتكىچە شۇ تەلەپلەرنى ئۈستىگە

---

① سۈرە ئەھزاب: 40- ئايەت.
② سۈرە سەبەئ: 28- ئايەت.
③ سۈرە ئەئراف: 158- ئايەت.

ئالىدىغان ۋە ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئۇممەتنىڭ ھاياتىدىكى ھەر بىر چوڭ-كىچىك ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

شۇنداقلا، بۇ تەلەپلەر -يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك- تەلەپلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكرەكىدۇر.

ئۇنداقتا، بۇ تەلەپلەر كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئېڭىدا قانداقلارچە خىرەلىشىپ، پەقەت ئېغىزدىلا دەپ قويىسا بولىدىغان قۇرۇق «گەپ»كە ئايلىنىپ قالدى؟

بۇ تارىخ جەريانىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان «چېكىنىش ھادىسىسى» بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسىم بەلگىلىرى ھەققىدە «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى[1]» ناملىق ئەسىرىمدە سۆزلەپ ئۆتتۈم... شۇنداقتىمۇ، بۇ يەردە ئۇ خىل چېكىنىشنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن «لاإله الاالله»نىڭ قانداق قىلىپ تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ جانلىق مەزمۇنىدىن قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى، ئۇممەت «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىگە قانچىلىك سەل قارىغان بولسا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇنچىلىك «يېگىلەش»نىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، ئاخىرىدا «لاإله الاالله»نىڭ ئېغىزدىلا دەپ قويىسا بولىدىغان «گەپ»كە، بەلكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ھەقتە ئالدىن خەۋەر قىلغان «كۆپۈك»كە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ.

﴿يوشك أن تتداعى عليكم الأمم كما تداعى الأكلة إلى قصعتها. قالوا: أمن قلة

[1] «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» ناملىق ئەسەرنىڭ «ئېغىپ كېتىش لىنىيىسى» ۋە «ئېغىپ كېتىشنىڭ تەسىرلىرى» دېگەن بۆلۈملىرىگە قارالسۇن!

نحن يومئذ يا رسول اللهؐ؟ قال: أنتم يومئذ كثير، ولكنكم كغثاء السيل﴾

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاچ قالغان كىشى تاماق قاچىسىنىڭ قېشىغا يۈگرەپ كەلگەندەك، مىللەتلەر سىلەرگە يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ" دېدى. ساھابىلار: "ئى رەسۇلۇللاھ شۇ كۈندە بىزنىڭ سانىمىزنىڭ ئازلىقىدىنمۇ؟" دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: "ياق، شۇ كۈندە سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ. بىراق، سىلەر سەل سۇنىڭ كۆپۈكلىرىگە ئوخشاپ قالىسىلەر" دېدى.①»

* * * * *

«لاإلــــه الاالله»نــى ئۇنــىڭ تەلەپلىرىــدىن ئــايرىۋەتكەن ئەڭ گەۋدىلىك ئامىللارنىڭ بىرى «ئىمان دېگەن قەلبدىكى تەسدىق ياكى دىلدىكى تەسدىق ۋە تىلدىكى ئىقراردۇر، ئەمەل ئىمان دائىرىسىگە كىرمەيدۇ» دەپ قارايدىغان ئىرجائى ئىدىيىسىدۇر.

ئىسلام پۈتۈنلەي ئەمەلدىن تەركىب تاپقان تۇرۇپ، بۇنداق يات ئىدىيىنىڭ ئىسلام مەيدانىغا كىرىپ قالغانلىقى ھەقىقەتەن بىزنى ئەجەبلەندۈرىدۇ.

دەۋەت ئەمەل ۋە جىھادسىز ئورۇنلانمايدۇ...

دۆلەت ئەمەل ۋە جىھادسىز قۇرۇلمايدۇ...

شەرىئەتنى ئەمەل ۋە جىھادسىز يولغا قويغىلى بولمايدۇ...

اللەنىڭ ئەمرىگە رىئايە قىلىدىغان ۋە ئۇنى رېئال دۇنيادا ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان جەمئىيەتنى ئەمەل ۋە جىھادسىز قۇرغىلى بولمايدۇ...

---

① ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

الـــله تەيىيارلاشـــقا بۇيرىغـــان كـــۈچنى ئەمەل ۋە جىھادسىـــز تاماملىغىلى بولمايدۇ...

زېمىنىنـــى ئىلاھىـــي پرىنـــسىپنىڭ تەلىپـــى بـــويىچە ئەمەل ۋە جىھادسىز گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ...

دېـــمەك، ھېچبىـــر ئىـــش ئەمەل ۋە جىھادسىـــز پۈتمەيـــدىغان تـــۇرۇپ، ئاشـــۇ يـــات ئىـــدىيە قانـــداق قىلىـــپ، ئىـــسلام ساھەسىـــنى بۇلغىدى؟ قانداقىسگە ئىسلامدا: «ئىمان دېگەن دىلدىكى تەسدىق ۋە تىلـــدىكى ئىقـــراردۇر، ئەمەل ئىمـــان دائىرىـــسىگە كىرمەيـــدۇ» دەيدىغان كىشىلەر پەيدا بولدى؟

بالايى-ئاپەت ئىمانىنـــىڭ «پەلـــسەپىۋى» يـــاكى «لوگىكىلىـــق» شەرھىسى (چۈشەندۈرۈلمىسى)نى پەيدا قىلماقچى بولغان پەلـــسەپە بىـــلەن لوگىكـــا (مەنتىـــق)دىـــن كەلـــدى. پەلـــسەپە ۋە لوگىكـــا تەرەپـــدارلىرى: «ئىمانىنـــىڭ چۈشەندۈرۈلمـــسى ئۆزگەرمەيـــدىغان، ئاشمايدىغان ۋە كېمەيمەيدىغان دەرىجىدە ئېنىق بولۇشى كېـرەك. بۇ بولسا تەسدىق ۋە ئىقراردۇر» دېيىشتى.

الـــله ۋە اللەنـــىڭ پەيغەمبىـــرى ئۇنـــىڭ دەرىجىـــسىنى ئېنىـــق بەلگىلەپ بەرگەن، قۇرئان ۋە ھەدىسلەر مۇكەممەل رەۋىـــشتە بايـــان قىلغان بـــۇ دىنىنـــىڭ تەئرىپـــاتى (تونۇشتۇرۇلۇشـــى)نـــى بەلگىلەشتە جـــاھىلىيەتتىكى ئىنـــسان پرىنـــسىپلىرىنىڭ «قـــارار چىقىرىـــشى» ھەقىقەتەن كۆلكىلىك بىر ئىش... ۋەھالەنكى، قۇرئان كەرىم ھەر قانداق بىـــر ئىـــشتىكى مەنبەنـــىڭ الـــله ئىكەنلىكىنـــى ئوچـــۇق قـــارار قىلغان.

﴿وَمَا اخْتَلَفْتُمْ فِيهِ مِنْ شَيْءٍ فَحُكْمُهُ إِلَى اللَّهِ﴾

«ســـىلەر (دىـــن ئۇســـتىدە ۋە ئۇنىڭـــدىن باشـــقا) ھەر قانـــداق

نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئۇنىڭغا اللە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.①»

﴿فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾

«ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اللەغا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى اللەنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر.②»

بىراق، بۇ خىل «چۈشەندۈرۈش» يۇنانىنىڭ ئىدىيىۋى ھۇجۇمىنىڭ تەسىرلىرىدىن بىر تەسىر بولغاندىن باشقا، خىلى بىر مەزگىلغىچە كالامىزم (پەلسەپە)نىڭ دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالغان ئىدى (رېئاللىققا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىگەن ئىدى). ياكى ئۆز تىلىمىز بويىچە ئېيتقاندا ئەمەلىي مەيدانغا چۈشەلمەي، پەقەت خىيالىي دۇنيادىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئىدى. مۇسۇلمانلار بولسا كالامىزمچىلار (پەيلاسوپلار)نىڭ رېئال ئالەم بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى بولمىغان مەسىلىلەر ھەققىدىكى سەپسەتىلىرىگە قىلچە پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئىشلىرىنى قۇرئان ۋە ھەدىستىن قوبۇل قىلىپ كېتىۋەرگەن ئىدى.

بىراق، قىيامەت (بالايى-ئاپەت) كىشىلەر «تەكلىپلەر»دىن (اللەنىڭ ئەمرلىرىدىن) ئۆزىنى قاچۇرۇشقا باشلىغان چاغدا يېتىپ كەلدى...

ھەقىقەتەن «تەكلىپلەر»دىن (اللەنىڭ ئەمرلىرىدىن) ئۆزىنى

---

① سۈرە شۇرا: 10- ئايەت.
② سۈرە نىسا: 59- ئايەت.

قاچۇرۇش بولسا ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى بولۇپ، ئىنسان دۇنياغا كەلگەن تۇنجى دەقىقىدىن باشلاپ، بۇ خىل تەبىئەت ئىنسانغا ھەمراھ ئىدى.

﴿وَلَقَدْ عَهِدْنَا إِلَى آَدَمَ مِنْ قَبْلُ فَنَسِيَ وَلَمْ نَجِدْ لَهُ عَزْمًا﴾

«بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (بۇ تەۋسىيەنى) يادىدىن چىقاردى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىڭ ئىرادە كۆرمىدۇق.①»

بىراق، الله بۇ كىسەلگە ئۇنىڭ دورىسىنى چۈشۈرۈپ بەردى. ئۇ بولسا «ۋەز-نەسىھەت» ئىدى.

﴿وَذَكِّرْ فَإِنَّ الذِّكْرَى تَنْفَعُ الْمُؤْمِنِينَ﴾

«ۋەز-نەسىھەت قىلغىن، ۋەز-نەسىھەت مۇئمىنلەرگە پايدىلىق.②»

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋرىدە كىشىلەر ئاغزاكى گەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئەمەلىي ئۈلگىلىك ھەرىكىتى بىلەن ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىدىغان كىشىنى تاپالايتتى. شۇڭا، مەسىلىنى ھەل قىلىشمۇ ئانچە قىيىنغا توختىمايتتى. قىيىنچىلىق ئۇممەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە نىسبەتەن خەتەر شەكىللەندۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە چەكلىك ئىدى.

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار دەۋرىنىڭ يىراقلاپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، «تەكلىپلەر» (اللهنىڭ ئەمرلىرى)دىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ سالمىقى ھەسسىلەپ ئاشتى ۋە يارامىلىق ئۈلگىلەر

① سۈرە تاھا: 115- ئايەت.

② سۈرە زارىيات: 55- ئايەت.

بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ھەجمى كۆنسېرى كېمىيىپ باردى. نەتىجىدە ئىرجائىي ئىدىيىسى خىيالى دۇنيادىن ئەمەلىي مەيدانغا چۈشۈپ، «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرى بويىچە ئەمەل قىلىش ئاللىقاچان ئورۇن بوشاتقان ساھە (بوشلۇق)نى قاپلىدى.

بىز تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى: ئەگەر «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىش تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار دەۋرىدىكىدەك مۇكەممەل رەۋىشتە ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق رەۋىشتە بولغان بولسا ئىدى، ئۇنداقتا، ئىرجائىي ئىدىيىسى ئەمەلىي مەيداندا ھېچقانداق ئورۇنغا ئىگە بولالماي، خىيالىي دۇنيادا مۇئەللەقتە تۇرىۋەرگەن بولاتتى. بىراق، ئەمەل يۈزدە ئون پىرسەنت مەيداندىن چېكىنىپ چىقىۋىدى، ئىرجائىي ئىدىيىسى ئاشۇ ئون پىرسەنت بوشلۇقنى قاپلاش ئۈچۈن خىيالىي دۇنيادىن رېئال دۇنياغا چۈشتى ۋە كىشىلەرگە: «ئەمەلىي مەيداندىن بۇنچىلىك چېكىنگىنىڭلار بىلەن يەنىلا ئىمانىڭلار مۇكەممەلدۇر» دېدى.

ئەمەل يۈزدە ئەللىك پىرسەنت چېكىنىۋىدى، ئىرجائىي ئىدىيىسى ئۆز ساھەسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئاشۇ يۈزدە ئەللىك پىرسەنت بوشلۇقنى قاپلىدى ۋە كىشىلەرگە: «ئەمەلىي مەيداندىن بۇنچىلىك چېكىنگىنىڭلار بىلەن يەنىلا ئىمانىڭلار مۇكەممەلدۇر» دېدى.

ئەمەل يۈزدە يۈز پىرسەنت چېكىنىۋىدى، «كىمكى "لاإله الاالله" دېسە، گەرچە ئىسلام ئەمەللىرىدىن ھېچقانداق ئەمەل قىلمىسىمۇ، مۇئمىندۇر» دەيدىغان كىشىلەر پەيدا بولدى.

بۇ ئاخىرقى سۆزنىڭ قانچىلىك خاتا ۋە ئازغۇن ئىكەنلىكى

يەتمىگەندەك، كېيىنكى دەۋردە بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ناچار بىر گەپ پەيدا بولدى: يەنى تىلى بىلەن «لاإلــه الاالله» دېگەن كىشى گەرچە بىر كۆڭلىدە سۆز ۋە ھەرىكىتى بىلەن «لاإلــه الاالله»نى يۈز قېتىم بۇزسىمۇ، بىراق، ئۇنى «كاپىر» دېگىلى بولمايدۇ دەپ قارالدى.

ھەقىقەتەن قېيىنچىلىقنىڭ نېگىزى كىشىلەرنىڭ تەكلىپلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، ئەمەلىي ئۈلگىلىك رولى بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ئازىيىپ كېتىشى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئالىملارنىڭ تەلىم-تەربىيە ۋەزىپىسىنى بىردەك ئېلىپ بارماي، «تەربىيە»نى تاشلىۋېتىپ، پەقەت «تەلىم» بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشى بولدى. ئىرجائىي ئىدىيىسى بولسا قېيىنچىلىقنىڭ تېخىمۇ بەكرەك يوغىناپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

توغرا، ئادەم بالىلىرى ھەقىقەتەن خاتالىشىدۇ. بىراق، ئۇلار ئۆزىنىڭ خاتالىق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسا ۋە «بىز خاتا قىلىۋاتىمىز» دەپ ئويلىسا، ئۇنىداقتا، خاتالىق ئۇ قەدەر يامراپ كېتەلمەي، چەكلىك دائىرە ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ھەرىكەتتە خاتالىق كۆرۈلگىنى بىلەن تەسەۋۋۇر يەنىلا توغرا ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەمما، خاتالىققا شەرئىيەت نامىدىن «توغرا» قالپىقىنى كىيدۈرۈپ قويغان چاغدا، خاتالىقنى قانداقمۇ مەلۇم دائىرىدە توختاتقىلى بولىدۇ؟!

ئەگەر كىشىلەر ئىلاھىي تەكلىپتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقان چاغدا، بۇ خىل قاچۇرۇش بىلەن ئىماننىڭ خەتەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلالىسا، ئۇنىداقتا، ئۇلار ئۆزلىرىگە ۋەز-نەسىھەت قىلىدىغان كىشىنى تاپقان ھامان، بۇ خىل «ھېس قىلىش» ئۇلارنىڭ دەرھال «توغرا»غا قايتىپ كېلىشىگە تۈرتكە

بولـدۇ. ئەمما، ئـۇلار ئىلاھـي تەكلىپـتىن ئـۆزىنى قاچۇرۇۋاتقـان چاغدا، ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، مەيلـى ئـۇلار ئـۆزىنى قانچىلىك قاچۇرسـۇن ئۇلارنىـڭ ئىمانىنىـڭ مۇكەممەللىكىـدىن ئـۇلارنى خاتىرجەم قىلىدىغان كىشى ئۇلارنىڭ يېنىدا بولسىلا، ئۇنداقتا، كىمـمۇ چـىن قەلبـىدىن ئىلگـىرى ئـۆزىنى قاچۇرغـان تەكلىپلەرنـى قايتىدىن ئۈستىگە ئېلىش ھەققىدە ئويلىنالايدۇ؟

ئىرجـائىي ئىدىيـىسى گويـا زەھەرلىـك چـېكىملىكىكە ئوخـشاش ئاسـىيلار، ئـازغۇنلار، گۇناھكـارلار، غـاپىللار ۋە ئۆزىنىـڭ مەسـئۇلىيىتىنى ئـادا قىلىـشتىن بـاش تـارتقۇچىلارنى «مەستخۇشلۇق» ئىلكىدە ئەللەيلىتىپ، «ئەگەر ئۇلار تىلى بىلەن ”لاإله الاالله“ دېسە ۋە چىن دىلىدىن اللهنىـڭ بىرلىكىنـى تەسـدىق قىلسا، ئۇنداقتا، ئۇلاردا چاتاق يوق» دېيىشتى.

* * * * *

ئاندىن كېين ئىسلام ئۇممىتىنىـڭ ھاياتـىدا خىلى بۇرۇنلا باشلانغان سىياسىي ئىستىبدات پەيدا بولـۇپ، «لاإلــه الاالله»نىـڭ تەلەپلىرىدىن چوڭ بىر پارچىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىدىكى «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىدە ئەكس ئەتكەن ئومۇميلىقنىـڭ اللـه نازىـل قىلغان ئىلاھىي پرىنسىپتا روشەن ھېكمىتـى بولـۇپ، بۇ ھـېكمەت «ئىنسانلارنىڭ ئادالەت بەرپا قىلىشى ئۈچۈن①» يەر شـارىغا ـ ھەر قانداق چوڭ ـ كىچىك ئىشتا ـ ئاشۇ پرىنسىپنىڭ تەلىپى بويىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشتۇر.

اللـه بىلىـدۇكى، زېمىنـدا سىياسـىي ئـادالەت پەقەت بىـرلا

---

① ﴿ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ﴾ [سۈرە ھەدىد: 25 ـ ئايەت]

تەرەپ- ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى- ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. چۈنكى، ھوقۇق ھوقۇقدارنى «ياۋۇزلاشتۇرۇۋېتىدۇ» (اللە رەھىم قىلغانلار بۇنىڭ سىرتىدا). شۇنىڭ ئۈچۈن اللە ھۆكۈمراننى خالىسا ئادىللىق قىلسۇن، خالىسا زالىملىق قىلسۇن دەپ بۇ ئىشنى يالغۇز ئۇنىڭ «ۋىجدان»ىغىلا تاشلاپ قويمىدى. بەلكى، ئۈممەتنى ئۇنىڭغا بىۋاستە مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىدى.

﴿لا والذي نفسي بيده، حتى تأطروهم على الحق أطرا﴾

«مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان اللە بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم ھۆكۈمرانلارنى ھەقكە مەجبۇرلىغايسىلەر...[1]»

تـوغرا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىنى پارچىلايدىغان، بىرلىكىنى بۇزىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا يېتەكلەشتەك بۈيۈك ۋەزىپىسىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان «پىتنە»نىڭ يامراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، اللەنىڭ شەرىئىتىنى يولغا قويغان مۇسۇلمان ھۆكۈمران گەرچە زالىملىق قىلسىمۇ، ئۇنىڭغا قوراللىق قارشى چىقىشتىن قاتتىق چەكلىدى. ئەمما، كىشىلەرنى زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىشقا چاقىرمىدى، بەلكى، ئۇلارنى زۇلۇمغا سۈكۈت قىلغۇچىلارنىڭ اللەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىدەك يامان ئاقىبەتتىن ئاگاھلاندۇردى... (دېمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە زۇلۇم ھەقىقەتەن يامان ئىش، بىراق)، ئۇنىڭغا قوراللىق قارشى چىقىشتىن باشقا كۆپلىگەن چەكلەش ئۇسۇللىرى بولۇپ، تارىختا بۇ خىل ئۇسۇللارنى يولغا قويۇش ئارقىلىق كەڭ مۇسۇلمانلار ئىجابىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ خىل ئۇسۇللارنىڭ بىرى -پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى

---

① ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

بولغان ـ ئالىملارنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشى ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ توغرا يولدا مېڭىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ھەقكە مەجبۇرلىشىدۇر. «ھۆكۈمرانلارنى ھەقكە مەجبۇرلاش» يولىدا تالاي ئەزىيەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چەككەن ئىبنى ھەنبەل، ئىبنى تەيمىيە ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئىززى ئىبنى ئابدۇسالام قاتارلىق ئۆلىمالار بۇنىڭ تىپىك مىسالىلىرىدۇر.

ئۇمەۋىيلەر ئېتىراز بىلدۈرگۈچىلەرنى تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن شىددەتلىك باستۇردى. نەتىجىدە «خەلىق» قورقۇپ، «سىياسەتكە ئارىلىشىش»قا پىتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇمەۋىيە خەلىپىلىرى مەيلى قانداق باھانە كۆرسەتمىسۇن، ئىشقىلىپ «"لاإلــه الاالله"نىڭ تەلەپلىرى»دە بىر يېرىق پەيدا بولدى. كېيىنكى تارىخ جەريانىدا ئىسلام ئۇممىتىنىڭ مۇساپىسىدە بۇ «يېرىق»نىڭ تەسىرى ناھايىتى ئېغىر بولدى. ئۇمەۋىيلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىن خىلاپەت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئابباسىيلار، مەملۇكىيلار ۋە ئوسمانىيلاردا مۇستەبىتلەرچە ھوقۇق يۈرگۈزۈش ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغاندىن كېيىن ـ الله رەھىم قىلغان كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا ـ الله تەرەپتىن «لاإلــه الاالله»نىڭ مەزمۇنى سۈپىتىدە نازىل قىلىنغان بۇ ئاجايىپ ئومۇمىيلىقتا ئاستا ـ ئاستا «قورۇلۇش» پەيدا بولدى. «دىن» ئۇقۇمى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تەدرىجىي ھالدا «ئومۇمىي ئىشلار»نىڭ ئورنىدا «خۇسۇسىي ئىشلار»غىلا مەركەزلىشىپ قالدى. ئىبادەتنىڭ كەڭرى چۈشەنچىسى بولسا پەقەت بەش پەرزنىلا كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالدى.

توغرا، بەش پەرز دىنىنىڭ جەۋھىرى ۋە دىنىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ مەركەزلىك ھالدا كۆچەيتىلدى...

ئىرجائىي ئىدىيىسى بىلەن سىياسىي مۇستەبىتلىك دىنىنىڭ ھەقىقىي مەيدانىنى تارايتىپ، ھاياتنىڭ كۆپلىگەن ساھەلىرىنى دىنىنىڭ كەڭرى سايىسىدىن چىقىرىپ تاشلاش يولىدا ئورتاق ھەمكارلاشتى. نەتىجىدە دىنىنىڭ ھايات رېئاللىقىدىكى تەسىرچانلىقى ئاجىزلاپ، بۇزغۇنچىلىق ئامىللىرىنىڭ زېمىنغا كەڭرى تارقىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

شۇنداقتىمۇ، بۇلاردىن قەتئىينەزەر ئۇممەت ئىچىدە كۆپلىگەن ياخشىلىقلار ساقلىنىپ قالدى. بۇ ئەلۋەتتە دىنىنىڭ بىر چاغلاردا يەر شارى رېئاللىقىدا اللە تەرەپتىن قانداق نازىل قىلىنغان بولسا شۇ پېتى ئىجرا قىلىنغانلىقىدەك تۈپ سەۋەپتىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇممەتنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ھەر قانداق بىر ئېغىش (ھەقتىن ئادىشىش) ئۇممەتنى ياكى ئۇممەت ھاياتىدىكى دىننى -اللەنىڭ پەزلى بىلەن- تەلتۆكۈس يوقىتالمىدى. دېمىسىمۇ، اللە قىيامەتكىچە بۇ دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە دىننى ئۈستىگە ئالىدىغان ئۇممەتنىڭ -گەرچە يولدا ھېرىپ-چارچىسىمۇ- ھەرگىز يوقالمايدىغانلىقىنى ئالللىقاچان ئۆز ئىرادىسى بىلەن تەقدىر قىلغان... شۇڭلاشقا، اللە ئەسىرلەر جەريانىدا ئۇممەتكە ئۇممەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى يېڭىلاپ بېرىدىغان، دىنغا قايتىشقا چاقىرىق قىلىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدۇ.

ئۇممەت ئىچىدە ساقلانغان بۇ «كۆپ ياخشىلىق»لار كىشىلەرنى رېئاللىقتا يۈز بەرگەن «چېكىنىش»كە نىسبەتەن «پەرۋا قىلمايدىغان» ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدى. بىراق، بۇ خىل «پەرۋاسىزلىق» چېكىنىشنىڭ كۈنسىرى ئېشىشىنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي تەرەپلەردە كۈچىيىپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئىدىيۋى

ھۇجۇمنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ قوزغاتقۇچىلىرى كىشىلەرگە: «مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، دىن ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق، زېمىن بۇزغۇنچىلىق ۋە زۇلۇم بىلەن تولدى. ”دىن بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ياخشىلاپ بېرەرمىكىن“ دەپ خام-خىيال قىلماڭلار، دىنىڭ قولىدىن ھەرگىز ياخشىلىق كەلمەيدۇ» دەپ جار سالدى.

ئۇممەت «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىگە سەل قاراپ، كۆپلىگەن تەلەپلەرنى ئۇنىڭ دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلاش ئارقىلىق اللە تاپشۇرغان كۆپلىگەن «ئامانەت»لەرگە «خىيانەت» قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە -ئۇممەت سەل سۇنىڭ كۆپۈكلىرىگە ئايلانغاندىن كېيىن- يالغۇز ئۇممەتنىڭ ھاياتىدىلا ئەمەس، بەلكى، اللە مۇشۇ ئۇممەتنى ئىنسانلار ئۈچۈن يېتەكچى قىلىپ چىقارغاندىن باشلاپ، مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ھاياتى بىلەن چىڭ باغلانغان پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى زور زىيان كۆرۈلدى[①].

* * * * *

ئاندىن كېيىن سوپىزم پەيدا بولۇپ، چېكىنىش دائىرىسىنى تېخىمۇ زورايتىۋەتتى...

سوپىزم -ئىرجائىي ئىدىيىسىگە ئوخشاشلا- ئىسلامغا نىسبەتەن تامامەن يات نەرسە ئىدى. چۈنكى، ئىسلام يەر شارى رېئاللىقىدىكى ئەمەل ۋە ھەرىكەتنىڭ دىنى ئىدى. رېئال ئالەمدە ئىلاھىي پرىنسىپنى قۇرۇپ چىقىش يولىدىكى كۈرەش ۋە

① شەيخ ئەبۇل ھەسەن نەدەۋىينىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشى نەتىجىسىدە دۇنيا نېمىلەرنى زىيان تارتتى؟» ناملىق ئەسىرىنىڭ «ئىسلامىي كۆزنەك» دېگەن بۆلۈمىگە قارالسۇن! (ئاپتوردىن).

جىھادنىڭ دىنى ئىدى.

ھەقىقەتەن ئىسلام كىشىلەرنى دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە بېرىلمەسلىككە چاقىرىدۇ. ئەگەر تەقۋادارلارنىڭ خوجىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىغان بولسا ئىدى، پۇتكۈل زېمىن مەنپەئەتلىرى ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان بولاتتى. ئەمما، رەسۇلۇللاھ دۇنياغا قىزىقمىدى. بەلكى، كۆنىدىلىك تۇرمۇشنى قامدىغۇدەك ۋە جاننى ساقلىغۇدەك تۇرمۇش مەئىشەتلىرى بىلەن كۇپايىلەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھرىبان ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياتىدىغان جاينى (قاتتىق بولغاچقا) يۇمشاقراق قىلىش ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھنىڭ تونىنى -كۆرپە ئۈياقتا تۇرسۇن- ئىككى قاتلاپ سالدى. رەسۇلۇللاھ بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، ئائىشەنى توننى ئەسلىدىكىدەك بىر قات قىلىپ سېلىشقا بۇيرىدى.

شۇنداق!... دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە بېرىلمەسلىك، ئازغىنە تۇرمۇش مەئىشەتلىرى بىلەن قانائەتلىنىش ئەسلىي ئىسلام ئەخلاقى بولۇپ، مۇشۇ نۇقتىدىن كېيىن تەقۋادارلىق بىلەن سوپىزم ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ ئۈچرىشىش بولمايدۇ.

ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋادار ئىدى... ئەمما، ئۇ ھاياتلىق جەڭگاھىدىن يىراق ھالدا، كىشىلەردىن چەتنەپ، ئىبادەتخانىسىغا كىرىۋالغانمىدى؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋادار ئىدى... ئەمما، ئۇ ئۆزىگە: «مەخلۇقنى خالىققا قوي! الله خالىسا ئۇلارنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي» دېگەنمىدى؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋادار ئىدى... ئەمما، ئۇ اللەنىڭ

كەلمىسىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدىكى جىھادتىن بىر دەقىقە توختاپ قالغانمىدى؟ ئۇ دەۋەتچى، تەربىيىچى، جەڭچى، ھاكىم ئىدى. پىلان تۈزگۈچى ئىدى. زېمىندا پۈتكۈل تىرىشچانلىقى ۋە بارلىق كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلغۇچى ئىدى.

ھەتتا، تەرجىمىھال كىتابلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يول مېڭىشى ھەققىدە: «رەسۇلۇللاھ گويا يەردىن ئۈزۈلگەندەك، يەنى قەدىمىنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ماڭاتتى» دەپ بايان قىلىدۇ.

ئەمما، سەلبىي، بىكىنمە، ھورۇن سوپىزىم رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدىكى ئىجابىي، پائالىيەتچان ۋە ھەرىكەتچان تەقۋادارلىقتىن نەقەدەر يىراق-ھە!؟

سوپىزمنىڭ ئاخىرقى غايىسى ھېسابلانغان «فەنا» (ئۆزىنى يوق قىلىش) ئىدىيىسى ئەسلىدە ھىندى دىنىدىن كەلگەن ئىدىيە بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىسلامغا تەۋە ئەمەس. شۇنداقلا، تەننى ئازاپلاش، تەنگە سەل قاراش ۋە تەننى كەمسىتىش ئارقىلىق روھنى قۇتقۇزۇش ئىدىيىسىمۇ ئوخشاشلا ئىسلامغا تەۋە ئەمەس.

مەينەتچىلىك بىلەن تولغان رېئاللىقنى تاشلىۋېتىش، ئۇنىڭ كىر-قاسماقلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن رېئاللىقتىن چەتنەش، ئاخىرەتتە خالاس تېپىش ئۈچۈن شەھۋاتنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق تەننىڭ كىر-قاسماقلىرىدىن روھنى پاكلاش ئىدىيىسى خرىستىئان راھىبلىقى پەيدا قىلغان ئىدىيە بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىسلامدىن كەلگەن ئىدىيە ئەمەس.

ئۇنداقتا، بۇ ئارىلاشما ئىدىيە قانداق بولۇپ مۇسۇلمانلار ھاياتىغا سىڭىپ كىردى؟

ھىندى دىنىنىڭ سوپىستىك ئىدىيىسىدە ئىنسان مەڭگۈلۈكنى

قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن توختىماي تىرىشىدۇ. بۇ مەقسەت پەقەت «نىرۋانا» (بۈيۈك روھ)دا يوقۇلۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن روھنى تەننىنىڭ قەپىسىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇنى نۇر ئالىمىدە پەرۋاز قىلدۇرۇش مەقسىتىدە تەننى ئازاپلاش ۋە ئۇنى خارلاشقا توغرا كېلىدۇ. ھاياتى كۈچ پۈتۈنلەي بىكار قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىدا بۇ ھەرگىزمۇ زىيان ياكى كۈچنى پارچىلىغانلىق دەپ قارالمايدۇ. ئەكسىچە بىر تەرەپتىن دۇنيا ھاياتى كىر-قاسماق. يەنە بىر تەرەپتىن روھنىڭ پەرۋاز قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان زەنجىر-كىشەن. شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ رولىنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىش ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك. مانا بۇ ئىنسان «نىرۋانا»دا بىرلىشىش ئارقىلىق ئەبەدىيلىككە يېتەلەيدىغان نەتىجە دەپ قارىلىدۇ.

خرىستىئان دىنىدا كىشلەر ئىنساننىڭ ئۆز تەبىئىتى بىلەن خاتالىشىدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، بىراق، ئىنساننىڭ ھاياتى كۈچى ئاشۇ ئىنسانغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلا بولسا ئىنساننى مەڭگۈ ئىسلاھ قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى، ھاياتى كۈچنىڭ ئۆزى دەل شەيتاننىڭ ئۇۋۇسىدۇر. ئىنسان مۇشۇ خاتالاشقۇچى، مەيىنەت خاراكتېرى بىلەنلا بولىدىكەن، ئۇنداقتا، «پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى»نى بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا مۇمكىن قەدەر شەيتان ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، روھنى اللەغا خالىس قىلىش ئۈچۈن بۇ ھاياتى كۈچنى ئۆلتۈرۈش لازىم. شەھۋاتنىڭ بۇلغىشىغا ئۇچرىمايدىغان سۈزۈكلۈك ئالىمىدە پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالار بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولۇش ئارقىلىق پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش

كىرەك دەپ قارايدۇ.

مەيلى ئۇ ياكى بۇ بولسۇن ھەر ئىككىلىسى ھەرگىزمۇ ئىسلامدىن كەلگەن ئىدىيە ئەمەس.

مەڭگۈلۈك نېمەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئىنسانىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئارزۇسى بولۇپ، ئىنسان بۇ ئارزۇنى پەقەت ئىمان، ياخشى ئەمەل ۋە اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدىكى جىھاد ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَانَتْ لَهُمْ جَنَّاتُ الْفِرْدَوْسِ نُزُلًا، خَالِدِينَ فِيهَا لَا يَبْغُونَ عَنْهَا حِوَلًا﴾

«شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ. ئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ.①»

﴿فَاسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ أَنِّي لَا أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِنْكُمْ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى بَعْضُكُمْ مِنْ بَعْضٍ فَالَّذِينَ هَاجَرُوا وَأُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَأُوذُوا فِي سَبِيلِي وَقَاتَلُوا وَقُتِلُوا لَأُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلَأُدْخِلَنَّهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ ثَوَابًا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الثَّوَابِ﴾

«ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: "مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن. ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى اللهنىڭ دىنى

---

① سۈرە كەھف: 107 ـ 108 ـ ئايەتلەر.

ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار، (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغپىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن". بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) اللە تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. اللەنىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار.[1]»

﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَعْلَمِ اللَّهُ الَّذِينَ جَاهَدُوا مِنْكُمْ وَيَعْلَمَ الصَّابِرِينَ﴾

«(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) اللە سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟[2]»

توغرا، تەن شەھۋاتنىڭ قاچىسى بولۇپ، شەيتان ئىنساننىڭ قان تومۇرلىرىدا بىمالال ھەرىكەت قىلىدۇ. شەھۋات بولسا تەننىڭ ئۇلىغى بولۇپ، ئىنسان بۇ ئۇلاغ بىلەن اللەنىڭ يولىدىن ئادىشىپ، ھەقتىن ئېغىپ كېتىدۇ.

گەرچە شەھۋات ئىنساننى توغرا يولدىن ئاداشتۇرىدىغان تۈپكى ئامىل ھېسابلانسىمۇ، بىراق، ئىسلامدا مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى شەھۋاتنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈش، تەننى ئازاپلاش ۋە خارلاش ئەمەس. چۈنكى، اللە بۇ شەھۋاتنى ئىنسان روھىيىتىدىكى تۈرتكىلىك ئامىل قىلىپ ياراتقان بولۇپ، بۇ

---

① سۈرە ئال ئىمران: 195 ـ ئايەت.

② سۈرە ئال ئىمران: 142 ـ ئايەت.

ئـامىللار ئىنــساننىڭ زىمىننــى گۈللەندۈرۈشــىدە ۋە زىمىنــدىكى خىلاپەت ۋەزىپىسىنى ئۆتىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايـدۇ... ئەگەر بىز بـۇ شـەھۋاتنى پۈتـۈنلەي ئۆلتۈرۈۋەتـسەك، ئۇنـداقتا، بىزنىـڭ زىمىننى گۈللەندۈرىشىمىزدە بىزگە نېمە تـۈرتكە بولـىدۇ؟ زىمىننـى كىم گۈللەندۈرىدۇ؟

ھەقىقەتەن ئىسلامدا مەسىلىنى ھەل قىلىـشنىڭ يـولى شـەھۋات ئۇچۇن ئۆلچەم (قېلىپ) بەلگىلەش بولۇپ، بـۇ ئـۆلچەم شـەھۋاتنى كونترول قىلىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۇنى پۈتۈنلەي چەكلەپ قويمايدۇ.

﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ قُلْ هِيَ لِلَّـــذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾

«ئېيتقىنكى، ”الـله بەنـدىلىرى ئۈچـۈن ياراتقـان لىباسـلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟“ ئېيتقىنكى، ”ئۇلار بـۇ دۇنيـادا مـۇئمىنلەر ئۈچـۈن يارىتىلغـان (گەرچە ئۇلارغـا كۇففـارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر“.①»

شەھۋاتنى كونترول قىلىدىغان ئۆلچەم بولـسا الـله ۋە اللەنىـڭ پەيغەمبىرى قۇرئان ۋە ھەدىستە بەلگىلىـگەن «ھـالال-ھـارام» ۋە «توغرا-خاتا»دىن ئىبارەت.

ئەگەر سەن اللەنىـڭ ئەمرىلىـرىگە رىئـايە قىلـساڭ، ئۇنـداقتا، ئىلاھــي ئــۆلچەم بىــلەن كــونترول قىلىنغــان شــەھۋات پەقەت «رۇخسەت» بولـۇپلا قالماسـتىن، بەلكـى، ئۇنىـڭ تەلـۋىگە ئـاۋاز قوشۇش ئىنسانىنى ئەجرىگە لايىقلاشتۇرىدۇ.

﴿قال عليه الصلاة والسلام: وإن في بضع أحدكم لأجرا. قالوا: يا رسول الله إن

---

① سۈرە ئەئراف: 32- ئايەت.

أحدنا ليأتي زوجه شهوة منه ثم يكون له عليها أجر؟! قال: أرأيتم لو وضعها في حرام أكان عليه فيها وزر؟ فاذ وضعها في حلال فله عليها أجر﴾

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "شۇبھىسىزكى، سىلەرنىڭ جىنسىي ئالاقەڭلەردىمۇ ئەلۋەتتە سىلەرگە ئەجىر بار" دېدى. ساھابىلار: "ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ بىرىمىز ئايالىنىڭ قېشىغا پەقەت ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا كەلسىمۇ ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلەمدۇ؟" دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قېنى ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر ئۇ يات ئايال بىلەن زىنا قىلسا ئۇنىڭغا گۇناھ بولامدۇ؟ دەل شۇنىڭدەك ئەگەر ئۇ ھالال ئايالى بىلەن پاك ئالاقە قىلسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلىدۇ" دېدى. [1]»

شەھۋات قانداقتۇر كىر-قاسماق ياكى يىرگىنىشلىك نەرسە ئەمەس.

﴿حبب إلي من دنياكم الطيب والنساء وجعلت قرة عيني في الصلاة﴾

«سىلەرنىڭ دۇنيادىكى نەرسىلىرىڭلار ئىچىدىن پاك نەرسىلەر بىلەن ئاياللارنى ياخشى كۆرىمەن، خۇشاللىقىمنى نامازدىن تاپىمەن.[2]»

ھەقىقەتەن كىر-قاسماق پاھىشەدۇر، يەنى اللە ھالال قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن چەكتىن ئېشىپ، ھارامغا ئۆتۈپ كېتىشتۇر.

شۇڭا مۇسۇلمان ئۆزىدىن شەيتانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن شەھۋاتنى ئۆلتۈرمەيدۇ، بەلكى، اللەنىڭ ئەمرىلىرىگە رىئايە قىلىدۇ ۋە اللە ھالال قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. نەتىجىدە شەيتان ئۇ كىشىنى

---

① ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

② نەسەئىي ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

ئازدۇرالمايــدۇ. . . مانــا شــۇ چاغــدا «اللەنىــڭ ھۆكــۈمرانلىقى» ئــاخىرەتكە قالــدۇرۇپ قويۇلماســتىن، مۇشــۇ دۇنيــادىلا ئەمەلــگە ئاشىدۇ.

تــوغرا، ئىنــسان خاتالــشىدۇ، چــۈنكى، «ئــادەم بالىلىرىنىــڭ ھەممىسى خاتالىق ئۆستىدە».

بىراق، بۇ (ئىنسانىنىڭ خاتالىشىدىغانلىقى) ئىنــسانىنى اللەنىــڭ ئەمــرىگە رىئــايە قىلىــش ئــارقىلىق دۇنيــا ھاياتىــدا اللەنىــڭ ھۆكــۈمرانلىقىنى تۇرغــۇزۇش يولىــدىكى تىرىــشچانلىقتىن توســۇپ قالالمايــدۇ. چــۈنكى، خاتــالىق ۋە ئەگــرىلىكتىن مەڭگــۈ خــالى بولالمايــدىغان بــۇ ئىنــسانىنى الــلە ئالاھىــدە ھۆرمەتلىــدى ۋە ئــۇنى ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن مەخلۇقلىرىدىن ئۈستۈن قىلىپ ياراتتى.

﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَــاهُمْ مِــنَ الطَّيِّبَــاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلًا﴾

«شــەك ـ شۈبھىــسىزكى، بىــز ئــادەم بــالىلىرىنى ھۆرمەتلىــك قىلــدۇق، ئــۇلارنى قۇرۇقلۇقتــا (ئۇلۇغلارغــا) مىنــدۇردۇق، دېڭىــزدا (كــېمىلەرگە) چىقــاردۇق، ئــۇلارنى شــېرىن يــېمەكلىكلەر بىــلەن رىزىقلانــدۇردۇق، ئــۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىــڭ نۇرغۇنىــدىن ئۈستۈن قىلدۇق.[1]»

اللە ئىنسانلاردىن ئۇلارغا بەرگەن ئىقتىدار، ئۇلارغا ئــۆگەتكەن ئىلىــم ۋە ئۇلارغــا بويــسۇندۇرۇپ بەرگەن ئاســمان ـ زېمىنىنىــڭ ئېنېرگىيىلىــرىگە تايىنىــپ، زېمىنىــدا اللەنىــڭ ھۆكــۈمرانلىقىنى تۇرغۇزۇشــنى تەلەپ قىلــدى. يەنــى ئۆزىنىــڭ بــۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىــشنى، ئۆزىنىــڭ پرىنــسىپىنى يولغــا قويۇشــنى، ئــۆزىگە

① سۈرە ئىسرا: 70 ـ ئايەت.

ھېچنەرسىنى شېرىك قىلمىغان ھالدا ئىتائەت ۋە ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

﴿قُلْنَا اهْبِطُوا مِنْهَا جَمِيعًا فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُمْ مِنِّي هُدًى فَمَنْ تَبِعَ هُدَايَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾

«(ئۇلارغا) "ھەممىڭلار بۇ يەردىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى (يەنى پەيغەمبەر) كېلىدۇ، يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ" دېدۇق.[1]»

ئىلاھىي كۆرسەتمىگە ئەگەشمىدىغان، «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دەيدىغان كىشىلەر زېمىندا اللەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارغا جەننەت بېرىلىدۇ.

﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا وَكَذَّبُوا بِآيَاتِنَا أُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

«كاپىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.[2]»

ئىمان كەلتۈرگەن، زېمىندا اللەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تۇرغۇزغان ئاشۇ كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىنسانىيلىقىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ ۋە پەرىشتىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى، ئۇلار باشقا ئادەم بالىلىرىغا ئوخشاشلا خاتالىشىدۇ. بىراق، ئۇلار خاتالاشقان ھامان تەۋبە قىلىدۇ.

﴿وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ، أُولَئِكَ جَزَاؤُهُمْ مَغْفِرَةٌ مِنْ

---

① سۈرە بەقەرە: 38- ئايەت.

② سۈرە بەقەرە: 39- ئايەت.

رَبِّهِمْ وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ﴾

«تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھنى قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا اللەنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللەدىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى-ھە!.①»

اللەنىڭ بەندىلىرىگە قىلغان پەزلى-ئېھسانىنىڭ بىرى شۇكى، بەندىلەر خاتالاشقان چاغدا، خاتالىق ئۇستىدە چىڭ تۇرۇۋالماي، دەرھال اللەدىن مەغپىرەت تىلەپ، اللەغا تەۋبە قىلسا اللە ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىدىن قوغلىۋەتمەيدۇ ۋە ئۇلارغا: «ئۇلار خاتالىقلىرى سەۋەبلىك زېمىندا اللەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تۇرغۇزۇشقا لايىق ئەمەس» دېمەيدۇ، بەلكى، ئۇلاردىن رازى بولىدۇ ۋە ئۇلارنى بەرىكەتلىك قىلىدۇ.

﴿رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ ذَلِكَ لِمَنْ خَشِيَ رَبَّهُ﴾

«اللە ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ اللەدىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ.②»

مانا بۇ ئىلاھىي پرىنسىپ بەلگىلىگەن زېمىندىكى ئىنسان مەسىلىسى بولۇپ، بۇ مەسىلە ئىنسانىنىڭ كۈچىنىڭ يېتىشچە

---

① سۈرە ئال ئىمران: 135-136- ئايەتلەر.

② سۈرە بەييىنە: 8- ئايەت.

زېمىنــدا اللەنىــڭ ھۆكــۈمرانلىقىنى تۇرغــۇزۇش ئۈچــۈن ئەمەل قىلىشىنى، يامانلىقنى چېكىندۈرۈپ، ياخشىلىقنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئىزچىل تۈردە كۆرەش قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەرگىزمۇ ئىنســاندىن بىــر چەتــكە چىقىۋېلىــشنى يــاكى بىــر بۇلۇڭغــا بېكىنىۋېلىشنى ۋەياكى ئىنسان روھىيىتىدىكى جانلىق تۈرتكىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلمايدۇ.

سوپىزم بۇ ئىشلارنى نەدىــن تــاپتى؟ قانداقــسىگە ئاشــۇ قىلــچە ئاساسى يوق ئىبادەت شەكىللىرى بىلەن اللەغا يېقىنلىــشىمىز دەپ ئويلىيالىدى؟

ئادەملەردىن قېچىپ، بىر بۇلۇڭغا بېكىنىۋېلىشنى، اللە خالىسا ئــۇلارنى تــوغرا يولغــا باشــلايدۇ دەپ مەخلــۇقنى خالىققــا تاشــلاپ قويۇشــنى، روھنــى پــاكلاش ئۈچــۈن تەنىنىــڭ تەلەپلىــرىگە قارشــى «كۆرەش قىلــش»نــى، ســەلبىيلىك ۋە ھورۇنلــۇقنى، ئــاجىزلىقنى ئۇلۇغ پەزىلەتكە ئايلانــدۇرۇپ قويۇشــلارنى ســوپىزم نەدىــن ئېلىــپ كەلدى؟

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىــسلام تەلىماتلىرىغــا قارشــى بولــۇپ، ئۇلار ئىسلام تەلىماتلىرىغا ئارىلىشىپ قالغان يــات چىرىنــدىلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىــسلام ئــۇممىتى «لاإلــه الاالله»نىــڭ تەلەپلىرىــدىن، بولۇپمــۇ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەلەپلىرىدىن تەدرىجىي ھالدا چېكىنىپ، شەخــسى تەرەپ بىــلەن ئىبــادەت شــوئارلىرى (بەش پەرز)نىــلا مەركەزلىــك ھالــدا تەكىتلەشــتىن ئىبــارەت ئەجەللىــك خاتالىققــا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، «ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك سوپىزىممۇ ئوخشاشلا مۇشۇ ئىككى تەرەپ (شەخــسى تەرەپ بىــلەن

بەش پەرز)نــى تەكــتلەپ، «لاإلـــــه الاالله»نــىڭ سىياســي تەلەپلىرىـدىن، ئۇمـۇمەن جىهـادتىن پۈتـۈنلەي يـۈز ئـۆرۈدى. بـۇ يەردىكـى جىهـاد مەيلـى ئىـسلام دۈشـمەنلىرىگە تاقابىـل تۇرۇشـقا ئالاقىــدار ئىــشلار بولــسۇن يــاكى ئىــسلامىي جەمئىيەتتىكــى «ياخشىلىققا بـۇيرۇپ، يامـانلىقتىن توسـۇش»قـا ئالاقىـدار ئىـشلار بولسۇن ئوخـشاشلا سـوپىزمنىڭ دىققەت ئېتىبارىنىـڭ سـىرتىدىكى ئىش ئىدى.

يـۇقىرىقىلاردىن باشـقا سـوپىزم بۇنــدىن ئىلگــرى ئىرجـائىي ئىدىيىسى تەقـدىم قىلغـان «زەھەرلىـك چېكىملىـك»كە قوشـۇپ، يەنە بىر «زەھەرلىك چېكىملىك»نى ئېلىـپ كەلـدى... بـۇ بولـسا ئەمەل ۋە جىهــاد بىــلەن ئەمەس، بەلكــى، زىكـــر ۋە تەســبىهلەر بىـلەن، مـازار ۋە ئەۋلىيـالار بىـلەن، «شـەيخ»نىـڭ بەرىكەتلىـرى بىلەن، «ئاجىزلىق»نىڭ بەرىكەتلىرى ئارقىلىق ماشايىخ ۋە پىـر- ئۇســتازلارغا چۈشــىدىغان مـۆجىزە-كـارامەتلەر بىــلەن مەقـسەتكە «يېتىش» گۇمانى ئىدى!.

* * * * *

بىز ئاخىرىدا «ئىدىيىۋى هۇجۇم» ۋە ئۇنىڭ «لاإله الاالله»نىـڭ تەلەپلىرىدىكى تەسىرلىرى ھەققىدە سۆزلەيمىز.

بىــز ئىــسلام ئۇممىتىنىــڭ هاياتىــدا ئىــدىيىۋى هۇجۇمنىــڭ بىــر قېــتىم ئەمەس، بەلكــى، ئىككــى قېــتىم بولغــانلىقىنى ســۆزلەپ ئۆتىمىز.

بىرىنچـى قېـتىم ئىــدىيىۋى هۇجـۇم يېتــىپ كەلـگەن چاغـدا، ئۇممەت تېخى گۈدەك هالىتىدە ئىدى... ئۇممەت ئىچىدىن چىققان بىر قىسىم «مۇتەپەككۇرلار»نىڭ «گرېك پەلسەپىسى بىلەن گرېك

لوگىكىسى ئىسلامغا خىزمەت قىلىشتا قوللانغىلى بولىدىغان ئىجابىي قورال» دەپ ئويلاشتەك ئېغىر خاتالىققا چۈشۈپ قىلىشى نەتىجىسىدە بۇ ئىدىيىۋى ھۇجۇم پەيدا بولدى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ بىر غەلىتە ھادىسە بولدى.

مېنىڭ بۇ ھادىسىنى «غەلىتە» دەپ ئاتىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇممەت ئۆزىنىڭ ئىلمىي ھەرىكىتىنى باشلاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك «گرېك مىراس»لىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىش ھەرىكىتىدە بۇ «مىراس»لارنىڭ پايدىلىقلىرى بىلەن پايدىسىزلىرىنى ئاڭلىق تۈردە بايقىغان ھەمدە پاك ۋە سۈزۈكلىرىنى ئىلغاپ چىققان ئىدى. تەرجىمە ھەرىكىتىدە ئۇلارنىڭ گرېك تىلىدىن كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، مەشھۇر يۇنان ئەپسانىلىرىنى تەرجىمە قىلمىغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، ئۇلار «يۇنان ئەپسانىلىرى»دە تەۋھىد ئەقىدىسى بىلەن ئەسلا سىغىشالمايدىغان بۇتپەرەسلىكنى ۋە اللەنىڭ ئۇلۇغلىقىغا ھەرگىز لايىق كەلمەيدىغان «ئىلاھلار» ھەققىدىكى بىمەنىلىكلەرنى كۆرۈپ، بۇ ئەپسانىلەرگە قەتئىي نەزەر سالمىدى ۋە «ساپ ئىلىم»لەرنى تەرجىمە قىلىش بىلەنلا بولدى قىلدى.

ئەمما، بىر تۈركۈم «مۇتەپەككۇرلار» لوگىكا ۋە پەلسەپىنى نوقۇل بۇتپەرەسلىككىلا خىزمەت قىلماستىن، بەلكى، ئىسلامغىمۇ خىزمەت قىلىدىغان «قوش بىسلىق» قورال دەپ ئويلاپ، لوگىكا ۋە پەلسەپە مەسىلىدە ئالدىنىپ قالدى. بۇنىڭغا ئابباسىيە خەلىپىلىرى ھاماقەتلەرچە پەيدا قىلغان بىر بىدئەت ياردەم بەردى. يەنى ئابباسىيە خەلىپىلىرى مۇسۇلمان «مۇتەپەككۇرلار» بىلەن مۇنازىرە قىلالايدىغان يەھۇدىي-خرىستىئان

«پەيلاسوپلار»نى ئوردىغا چاقىردى. ئۇلار ئىسلام ھەققىدە نېمە دېيىشنى خالىسا شۇنى دەيتتى. ئاندىن خەلىپىلەر مۇسۇلمانلاردىن ئۇلارغا رەددىيە بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. يەھۇدىي ۋە خرىستىئان تېئولوگىيىسى ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى ئىزاھلاشتا گرېكلارنىڭ لوگىكا ۋە پەلسەپىسىنى ئىشقا سالغاچقا، ئاشۇ چاغدىكى مۇسۇلمان «مۇتەپەككۇرلار» "مۇنازىر ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىزمۇ لوگىكا ۋە پەلسەپىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك" دەپ قارىدى.

ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولدى... ئەمەلىيەتتە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار تېئولوگىيىنىڭ بۇ خىل بولمىغۇر قىلىقلىرىدىن تامامەن بىھاجەت ئىدى. ئىلاھىي دىن قۇرئان ۋە ھەدىسكە خىلاپ بولغان بۇ خىل شەرھى ۋە بايانلارغا قىلچە ئېھتىياجلىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىس ھەققىدىكى مۇنۇ ھەدىسى بىزگە تامامەن يېتەرلىك ئىدى.

﴿تركت فيكم ما إن تمسكتم به لن تضلوا بعدي: كتاب الله وسنتي﴾

«مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئەگەر سىلەر مەندىن كېيىن شۇ ئىككى نەرسىگە چىڭ ئېسىلساڭلار، مەڭگۈ ئازمايسىلەر. ئۇ بولسا: اللهنىڭ كىتابى ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر.[①]»

ئەھۋال قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بۇ بولمىغۇر قىلمىشتىن «لاإله الاالله» ئەقىدىسىگە يەتكەن بالايى-ئاپەت ئىسلام تارىخىدا «كالامىزم» (پەلسەپە) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان «ئىسلام تېئولوگىيىسى» (ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكى)نى ياساپ چىقىش

① بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

بولدى. شۇنداقلا، پۈتۈنلەي ئاساسسىز ھالدا «لاإلــه الاالله»نىڭ گــرېكچە پەلــسەپىۋى شەرھىــسىنى پەيــدا قىلىــدىغان «ئىــسلامىي پىرقەلەر»نىڭ مەيدانغا كېلىشى بولدى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بـالايى-ئـاپەت پەقەت بىـر تۈركـۈم «مۇتەپەككۇرلار» ئىچىـدىلا چەكلىنىــپ قالغـان بولـۇپ، ئومـۇمىي ئۇممەت بۇ ئاپەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، ساغلام تەپەككۇرى بىلەن سـاقلىنىپ قالغــان ئىــدى. بىــراق، ۋاقىتنىــڭ ئۆتۈشــى بىــلەن بۇزۇلۇش «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىـدىن بىـر قىـسىم تەلەپلەرنــى كېــسىپ تاشـــلاپ، ئـــۇنى ئومـــۇمىي دائىرىنىـــڭ ئىچىـــدىن چىقىرىۋېتىـــشكە باشـــلىغاندىن كېـــيىن، «پىـــرقەلەر» ئـــاۋام «خەلق»نى ئۆزىگە تارتىشقا باشلىدى. بۇلارنىـڭ مەقـسىتى ھەق دىندا چىڭ تۇرغان ۋە ساغلام تەپەككۇرنى ساقلاپ قالغـان ئـالىملار تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقـان دولقۇنغـا ئاشـۇ خەلققە تايىنىـپ تاقابىــل تــۇرۇش ئىــدى... «ئىرجــائىي ئىدىيــسى» دەل ئاشــۇ پىرقەلەر تەرىپىــدىن تــۆرەلگەن ۋە ئــاۋام خەلقنــى ئــۆزىگە تارتقــان ئەڭ ناچار ئىدىيۋى خاھىش بولدى.

* * * * *

ئۇممەتنىڭ تارىخىدا پەيدا بولغان ئەڭ ناچار ئىشلارنىڭ بىـرى ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيىۋى ھۇجۇم بولدى...

ئىــدىيىۋى ھۇجــۇم يېتىــپ كەلــگەن چاغــدا، ئــۇممەت ئىلگىــرى كۆرۈلـۈپ باقمىغـان دەرىجىـدە روھىـي بوشـلۇق ئىچىـگە چۆشـۈپ قالغان ئىدى... شۇڭا ئىدىيىۋى ھۇجـۇم ئۇممەتنىـڭ ھاياتىغـا شـۇ قەدەر ئىچكىــرىلەپ كىردىكــى، ھېچنەرســە ئۇنــداق ئىچكىــرلەپ كىرمىگەن ئىدى.

ئىدىيىۋى ھۇجۇم يېتىپ كەلگەن چاغدا، «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرىدىن ناھايىتى چوڭ بىر پارچە كېسىپ تاشلانغان ئىدى. «لاإلـــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرىدىن پەقەت توغرا ئەقىدە، توغرا ئىبادەت ۋە توغرا ھەرىكەت بولالمايدىغان ئۇششاق پارچىلارلا ساقلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ پارچىلار روھتىن خالىي قۇرۇق ئەنئەنە ياكى ئەنئەنىنىڭ قالدۇقلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ھەتتا، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا پەقەت مۇشۇلا دىن قارالغان «بەش پەرز»مۇ قۇرۇق ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. گەرچە كىشىلەر دىننىڭ پارچە-پۇرات قالدۇقلىرىغا چىڭ يېپىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق، دىننىڭ ھەر قايسى ساھەلەرگە تەسىر كۆرسەتكۈچى بولغان چاغدىكى تۈرتكىلىك كۈچى ھازىر ئەسلا قالمىغان ئىدى.

گەرچە ئۇممەت دىندىن ئاستا-ئاستا چېكىنىپ، ئاخىرىدا دىندىن بىر پۈتۈن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق، مۇسۇلمانلار ھاياتىدا -يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك- ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئىش ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ ئىككىسىگە تېخى «چېكىنىش» يەتمىگەن ئىدى. ئۇ ئىككىسى بولسا: شەرىئەتنى يولغا قويۇش ۋە ناماز ياكى بەش پەرز ئىدى.

ئىدىيىۋى ھۇجۇم دەل مۇشۇنى يوقىتىش ئۈچۈن كەلدى.!

بىز ئالدى بىلەن شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ياكى ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ ھەر قانداق ئۇممەت «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىدىن چېكىنگەندىن كېيىنلا، ئاندىن يېتىپ كەلدى. ئەگەر ئۇممەت «لاإلـــه الاالله»نىڭ

تەلەپلىرىدىن بۇ قەدەر چېكىنىپ كەتمىگەن بولسا دۆشمەنلەر ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇلار تۇنجى قېتىملىق ئەھلى سەلىب ئۇرۇشىدىكى ئاچچىق مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى تېخى ئۇنتۇيالمىغان ئىدى.

بىراق، دۆشمەن پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى...

دۆشمەنلەر ئۇممەتنىڭ ـ ئىرجائىي ئىدىيىسى بىلەن سوپىزمىنىڭ زەھەرلىشى ئاستىدا ـ ئاللىقاچان غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆكۈپ، دىنىنىڭ تەلەپلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا، اللەنىڭ دۆشمەنىنى قورقۇتىدىغان «كۈچ» تەييارلاش، ئىلىم تەلەپ قىلىش، زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش، رىزىق ئىزلەش ئۈچۈن كەسىپ ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش، زېمىندا كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش، ھاياتتا ئۆز ـ ئارا قېرىنداشلىقنى ۋە ئىلاھىي ئادالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدىكى ئەمرىنى بەجا كەلتۈرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاسانلىقچە قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بىر ئوبدان پۇرسەتنى قولدىن بېرىشنى خالىمىدى ـ دە، ئاتلىق ۋە پىيادىلىق ھالدا قوشۇن تارتىپ كەلدى ۋە ئىسلام زېمىنلىرىدا كەڭ كۆلەملىك بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ باردى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك گەرچە ئىسلامنىڭ ھەممە تەرەپلىرى يوقۇلۇپ، پەقەت ئازغىنا ئۇششاق تەرەپلىرىلا ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق، دۆشمەنلەر بۇ «ئۇششاق تەرەپلەر»دىنمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ دىنىنىڭ خاراكتېرىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. ئەگەر بۇ دىنىنىڭ زەررىچىلىك كىچىك بىر پارچىسى زېمىندا جانلىق تەسىر كۆرسەتكۈچى بولۇپ

ساقلىنىپ قالسا، ئېمىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنىمۇ ياخشى بىلەتتى.

﴿الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءَهُمْ﴾

«بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ.»①

دۈشمەنگە نىسبەتەن بۇ دىندىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ـ شەرقشۇناس گىب ئېيتقاندەك ـ بۇ دىنىنىڭ ھېچكىم ئۇيلاپ باقمىغان جايدىن تۇيۇقسىز قوزغىلىپ چىقىش ئىقتىدارىدۇر.

ئەگەر شەرىئەت يولغا قويۇلغان ھالەتتە ساقلىنىپ قالسا، بەش پەرز ئىزچىل تۈردە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتمىسا، ئۇنداقتا، ئالدىدىن ھېچقانداق سىگنال بەرمەستىن، تۇيۇقسىز جانلىنىپ كېتىدىغان بىر «مىكروب» ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ كىچىككىنە قالدۇقنىمۇ، ھەتتا، دىنىنىڭ ھەقىقىتىنىڭ قۇرۇق سايىسىنىمۇ يوقۇتۇش كېرەك.

گەرچە دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلار «ئىسلام دۆلتى» دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدىغان «دۆلەت»نى يوقۇتۇشنى ئارزۇ قىلىسىمۇ، بىراق، تۇنجى بولۇپ، بارلىق سۈيقەستى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ئىدىيە ھۇجۇم ئارقىلىق قاھىرە ۋە ئىستانبۇلدا دىنىنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى.

ئىش ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇنچىۋالا ئاسان بولمىدى. شۇنداقتىمۇ،

---

① سۈرە بەقەرە: 146 ـ ئايەت.

ئەگەر ئۈممەت دىنىنىڭ ھەقىقىتىگە نىسبەتەن ئاگاھلىق ھالەتتە بولغان، بۇ دىنىنىڭ ئەمرىنى توغرا رەۋىشتە بەجا كەلتۈرگەن بولسا ئىدى، دۈشمەنلەرنىڭ ئىشى يەنىمۇ بەكرەك قىيىنلاشقان بولاتتى.

بۇ چاغدا يەھۇدىي-خرىستىئانلار ھەر قانچە پىلان تۈزسىمۇ، بىر-بىرى بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشسىمۇ، بىراق، ئۇلار ئۆز نىشانىغا ئاسانلىقچە يېتەلمىگەن بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە شۇنداق قارار قىلغان ئىدى.

﴿وَإِنْ تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا لَا يَضُرُّكُمْ كَيْدُهُمْ شَيْئًا إِنَّ اللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطٌ﴾

«ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە (سۆزۈڭلاردا، ھەرىكىتىڭلاردا اللەدىن) قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اللە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر.①»

بىراق، دۈشمەنلەر ئون ئىككى ئەسىر جەريانىدا قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ئىشنى پەقەت بىر ئەسىر ئىچىدىلا قىلىشقا قادىر بولالىدى. چۈنكى، ئۈممەت ئاللىقاچان ئىسلام ھەقىقىتىدىن... يەنى «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى قۇرۇقدىلىپ قالغان ئىدى.

دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمى ھەر قايسى مەيدانلاردا دەھشەتلىك بولغاندەك، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمۇ ھەر قايسى مەيدانلاردا ئومۇمىيۈزلۈك بولدى...

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ تارىخىنى ئوقۇغان كىشى بىر ئەسىر ئىچىدىلا ئۈممەتنىڭ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ،

---

① سۈرە ئال ئىمران: 120 - ئايەت.

گويا باشقا بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن ھەيران قالسىمۇ، بىراق، ئۇممەتنىڭ مۇشۇ قېتىمقى ئاخىرقى ئۆزگىرىشىدىن ئىلگىرىكى ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى بىلسىلا، بۇ ھەيرانلىق ئاستا-ئاستا غايىب بولىدۇ... بۇ ئۇممەت ئۆزگىرىۋېرىپ، ئاخىرقى ھېسابتا، ئاللە «ياخشى ئۇممەت» بولۇش ئۈچۈن مەيدانغا كەلتۈرگەن «ئىسلام ئۇممىتى» بولالمىدى. بەلكى، «قالدۇق ئۇممەت»كە ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى، خىلاپەت ئاللىقاچان ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئارزۇ قىلىدىغان «كېسەل كۆرپىسى»گە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

بۇ ناچار رېئاللىق ئىدىيىۋى ھۇجۇم تەشەببۇسچىلىرىنىڭ كىشىلەرنى ئازدۇرۇشتا تايىنىدىغان «تايانچىسى» بولۇپ قالدى. ئۇلار كىشىلەرگە: «دىن سىلەرنى مۇشۇنداق ناچار ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئەركىنلىك، تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش ئۈچۈن دىننى چۆرۈپ تاشلاڭلار» دەيتتى.

يالغانچىلار!... ئەمەلىيەتتە ئىززەت، ھۆرمەت، كۈچ-قۇۋۋەت، ئىلىم، ئەخلاق، تەرەققىيات ۋە ئېگىلىك ھوقۇق اللەنىڭ دىنىدىن كېلەتتى.

زېمىندا مەۋجۇت بولغىنى قانداقتۇر اللەنىڭ دىنى بولماستىن، بەلكى، دىنىنىڭ سەتلەشتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشى ئىدى. شۇڭا، بۇ ساختا، ئاتالمىش «دىن»نىڭ قالاقلىق، ئاجىزلىق، چېكىنىش ۋە ئارقىدا قېلىشىنىڭ سىمۋولى بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى... بىراق، كىشىلەر ئاشۇ چاغدا ئۆز ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئاڭلىق تۈردە بايقىيالمايۋاتاتتى. ئۇلار قىزغىنلىق بىلەن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان نەرسىنىڭ اللەنىڭ ھەق دىنى ئەمەسلىكىنى ئاڭلىق تۈردە بىلەلمەيۋاتاتتى. دۈشمەننىڭ پىلانى

ئۇلارنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇش ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇش بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنىنىڭ «دېپىغا ئۇسۇل ئويناۋاتقان»لىقىنى زادىلا سەزمەيۋاتاتتى.

غەربلەشتۈرۈشنىڭ تۈنجى تەشەببۇسچىلىرى ئۆز چاقىرىقىدا مەيلى سادىق بولسۇن ياكى سادىق بولمىسۇن[1] ئاخىرقى نەتىجە ئوخشاشلا بىردەك بولدى. چۈنكى، غاپىل مالاي ياللانغان مالاي ئۆتەيدىغان «خىزمەت»نىڭ ئۆزىنى ئۆتەيدۇ. گاھىدا تېخى «غاپىل مالاي»نىڭ رولى «ياللانما مالاي»نىڭ رولىدىن كۈچلۈك بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر ساددىلىقى بىلەن ناھايىتى ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدۇ-دە، غەربلىشىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش ھەققى «نىجاتلىق يولى»غا ئېلىپ بارىدۇ دەپ ئويلايدۇ.

غەربلىشىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ھەممە نەرسىدە... يەنى ئۆرپ-ئادەت، ئەنئەنە، ئىدىيە، تۈزۈم، شەكىل ۋە مەزمۇندا... ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگىرىشكە چاقىردى.

تەبىئىيكى، ئۇلار -گەرچە «ياللانما مالاي» بولسىمۇ-ئىشنىڭ بېشىدىلا ئوچۇق-ئاشكار ھالدا ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. چۈنكى، ئاۋام خەلق دىنىنىڭ قالدۇقلىرىغا چىڭ ئېسىلىپ تۇرغان بولۇپ، ئەگەر ئۇلار «مالايلار»نىڭ دىنىغا ئوچۇقتىن-ئوچۇق ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا قالسا، خەلق

---

① ئۇلارنىڭ ھەممىسى پۇل-مال، شان-شۆھرەت، ھوقۇق-مەنسەپ ياكى ئارزۇ-ھەۋەس كويىدا يۈرگەن «ياللانما مالايلار» ئەمەس. بەلكى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى دۆلەتكە ياكى دىنغا خىزمەت قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلايدىغان سادىق «مۇخلىسلار» بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك غەربنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ئالدىدا روھىي جەھەتتە مەغلۇپ بولغانلاردۇر. شۇڭا، ئۇلار ئىسلامنى غەرب چۈشەنچىلىرىگە بېقىندۇرۇشنى مەقسەت قىلىشىدۇ (ئاپتوردىن).

ھەرگىزمۇ ئۇلارنى بوش قويۇۋەتمەيتتى.

ئەمما، «كونىرىغان ئەنئەنىلەر»گە ھۇجۇم قىلىش بولسا تامامەن مۇمكىن ئىش ئىدى... شۇنىڭدىن كېيىنلا قالاقلىق، ئارقىدا قېلىش، نادانلىق، كېسەللىك دېگەنلەرنى ناھايىتى ئاسانلا «دىندارلار»نىڭ قالاقلىقى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگىلى بولاتتى.

ئىش ئەنە شۇنداق باشلاندى... بۇ بىر باشلىنىش نۇقتىسى بولدى. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن ئىش ئوچۇق-ئاشكار ھالدا ھۇجۇم قىلىشقا بېرىپ يەتتى. ھەتتا، بەزى چاغلاردا كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتتى[①].

يېرىم يالىڭاچلىق ۋە ھىجابنى سېلىپ تاشلاش مەنىسىدىكى «ئاياللار ئازاتلىقى» ۋە شەرىئەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەشەببۇسلىرى مەيدانغا كەلدى. شەرىئەت پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى دېگەندىمۇ، پەقەت كىشىلىك تۇرمۇشىقىلا تەدبىقلاندى. دىني مائارىپنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى ئۇنىڭ دائىرىسىنى تارايتىش، ئىقتىساد ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئۆچۈن جازانىنى يولغا قويۇش، ئەر-ئاياللار بىردەك پاسون ئۆزگەرتىش چاقىرىقلىرى پەيدا بولدى... تەرەققىيات، مەدەنىيەت، قالاقلىقنى يوقۇتۇش باھانىسى بىلەن ھەر قانداق «ئىسلامچە تۇرمۇش» كۆرۈنۈشلىرىنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىپ،

① ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ باشلىرىدا سالاھ جاھىن دېگەن بىر ئەدىب مىسىردا چىقىدىغان «ئەلئىھرام» گېزىتىدە بىر پارچە «ھەجۋى» رەسىم ئېلان قىلدى. رەسىمدە بىر سەھرالىق كىشى ئىشەككە تەتۈر مىنىۋالغان بولۇپ، بۇ قالاقلىققا سىمۋول قىلىنغان. ئاستى تەرىپىگە بىر خوراز ۋە توققۇز مېكىيانىنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، بۇ رەسىمگە «توققۇز خوتۇنى بار مۇھەممەد ئەپەندى» دەپ «ئىسىم» قويۇلغان. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىغا ھاقارەت قىلىنغانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ... مانا مۇشۇنداق رەزىللىك ۋە شەرمەندىلىك بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى دىنسىزلىق تۈزۈملىرى قاتتىق ھىمايە قىلىنغان (ئاپتوردىن).

«غەربچە تۇرمۇش» شەكىللىرىنى قوبۇل قىلىش سادالىرى كۈنسىرى كۈچىيىپ كەتتى.

غەربلىششىش يولىغا چاقىرغۇچىلار ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىسلامىي ھايات كۆرۈنۈشلىرىدىن ھەر بىر «كۆرۈنۈش»نى «بۇ دېگەن پەقەت بىر ”كۆرۈنۈش“، ھەرگىزمۇ ماھىيەت ئەمەس، ”كۆرۈنۈشلەر“نىڭ ئارقىسىدا ئۇنى يىمىرىلىشتىن ساقلايدىغان ھەقىقىي ماھىيەتلىك كۈچ مەۋجۇت» دەپ ئالدايتتى. ئەمما، غەربچە تۇرمۇش شەكىللىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بولسا، ئوخشاشلا ئىشنى ئاددىي كۆرسىتىش ئۈچۈن «بۇ دېگەن پەقەت بىر ”تەقلىد قىلىش“، ھەرگىزمۇ ماھىيەتلىك ”ئۆزگىرىش“ ئەمەس، تەقلىد قىلىش دېگەن نورمال ئەھۋالغۇ؟» دەيتتى.

دۈشمەنلەر گەرچە ئىسلام ھەقىقىتىنى تەلتۆكۈس يوقىتالمىغان بولسىمۇ، بىراق، مۇسۇلمانلارنىڭ غەربتىن سۆرەپ كىرگىنى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ھەرگىزمۇ ئەھمىيەتلىك نەرسە بولمىدى.

غەرب دۇنياسىدا ھاياتلىق ساھەلىرىنىڭ كۆپلىگەن تەرەپلىرىدە ناھايىتى زور بۇزۇلۇش بولغاندىن تاشقىرى، ئۇلاردا يەنە ئىلمىي ۋە تېخنولوگىيە تەرەققىياتى، خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىق، غايىگە يېتىش يولىدىكى چىدامچانلىق ۋە يىراقنى كۆرەرلىك... قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر بار ئىدى. ئەپسۇسكى، ئاشۇ چاقىرغۇچىلار بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەردىن بىرەر نەرسە ئۆگەندىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئۆگىنىشكە قادىر بولالىدىمۇ؟ ۋەياكى باشقىلارغا بىرەر نەرسە ئۆگەتكۈدەك سالاھىيەتكە ئىگە بولغانمۇ؟... ياق! ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەنلىرى ۋە باشقىلارغا ئۆگەتكەنلىرى ھەر بىر پايدىلىق نەرسىنىڭ تاشقى «پوست»ى بولۇپ، ماھىيەتتىن پۈتۈنلەي يىراق ئىدى. ئەمما، بۇزغۇنچىلىق

بولسا توسقۇنسىز ھالدا مۇسۇلمانلار ھاياتىغا شىددەت بىلەن سىڭىپ كىرمەكتە ئىدى.

قۇللار نېمىدېگەن بىچارە، ئۇلارنىڭ مۇددىئالىرىمۇ نېمىدېگەن ئەرزىمەس، ئۇلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن قوللانغان «ئۇسۇل» نېمىدېگەن پۇچەك-ھە!!!

ئىش يېڭى بىر ئىسلام گۈللىنىشىگە مۇھتاج ئىدى... ئۇ كىشىلەرگە دىنني ئىشلارنى يېڭىلاپ بېرەتتى. ئۇلارنى ئۇلار ئاللىقاچان تاشلاپ كەتكەن ياكى ئۇنىڭدىن ئېزىپ كەتكەن ئەمەلىيەتكە قايتۇرۇپ كېلەتتى... بىراق، ئاشۇ چاغلاردا مۇسۇلمانلار ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچىلارنىڭ قولىدىن بۇ ئىشلار كەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇلار بىر بولسا بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن شەكىلدىكى «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرىدىن ئاللىقاچان ئېغىپ كەتكەن ئاتالمىش «دىندارلار» ئىدى. يەنە بىر بولسا دىندىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىپ، غەربلەشتۈرۈش دولقۇنىدا ئېقىپ كېتىۋاتقان ۋە تىزىغىچە ھالاكەت پاتقىقىغا پاتقان كىشىلەر ئىدى... «ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز توغرا يولدا مېڭىۋاتىمىز دەپ ئويلايتتى[1]».

﴿قُلْ هَلْ نُنَبِّئُكُمْ بِالْأَخْسَرِينَ أَعْمَالًا، الَّذِينَ ضَلَّ سَعْيُهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ يَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ يُحْسِنُونَ صُنْعًا، أُولَئِكَ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِ رَبِّهِمْ وَلِقَائِهِ فَحَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فَلَا نُقِيمُ لَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَزْنًا﴾

«ئېيتقىنكى، سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟. ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان

---

① ﴿وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ مُهْتَدُونَ﴾ [سۈرە ئەئراف: 30- ئايەت.]

ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما، ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغان، نەتىجىدە قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز①»

* * * * *

غەربلەشتۈرۈش پائالىيىتىدە بارلىق ۋاستىلەر قوللىنىلدى: يەنى مائارىپ پروگراممىلىرى، ئاخبارات ۋاستىلىرى، جۇملىدىن گېزىت، كىنو، ئوپېرالار، «ئاياللار ئازادلىقى»، دېڭىز ساھىللىرىدىكى يالىڭاچلىقلار، مىسسىئونېرلار مەكتەپلىرى، رولچى، ناخشىچى ۋە ئۇسسۇلچىلار «ئۆمىكى»، غەرب ئەدەبىياتلىرىنى تەرجىمە قىلىش، دارۋىنىزمنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات ئىدىيىسىنى كەڭ تارقىتىش، ئوغۇل-قىزلار ئارىلىشىپ ئۆتۈش تەشەببۇسلىرى، ئىسلام بايرىقى ئاستىغا جەم بولۇشقا قارشى ھالدىكى مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك چاقىرىقلىرى ئىشقا سېلىندى.

بىر ئەسىر ئىچىدە مەيلى كۆرۈنۈش ياكى ماھىيەتتە بولسۇن مۇسۇلمان بىلەن غەيرى مۇسۇلماننى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. پەقەت بىرلا ئىشتا پەرق ساقلاندى. يەنى ھەممىدە «خوجايىنلار» ئاساس سالغۇچى، «مۇسۇلمانلار» بولسا تەقلىدچى بولدى.

بۇ قىسقا سەھىپىلەردىكى سۆزىمىزنىڭ ئاساسى تېمىسى «لاإله

① سۈرە كەھف: 103-104- ئايەتلەر.

«لاإلــــه الاالله» ۋە ئۇنــىڭ تەلەپلــرى بولغاچقــا، بــز يۇقىرــدا «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللەردە مۇسۇلمانلارنىڭ روھى دۇنياسىدا ئېغىر دەرىجىدە ئارقىغا چېكىنگەنلىكىنى ۋە روھتىن خالىي قۇرۇق ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. شۇنداقتىمۇ، بارلىق چېكىنىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر ئاخىرقى بىر «توسۇق» ساقلىنىپ قالدى. ئىسلام ئۇممىتى ئۇزاق مەزگىل ئاشۇ «توسۇق»نىڭ قېشىدا توختاپ تۇردى. ئۇ بولسا اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئىدى... ھەقىقەتەن دۈشمەنلەر ئاخىرقى قېتىم ئىسلامنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇش ۋە يەر شارىدا ئىسلامنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويماسلىق مەقسىتىدە ئاشۇ توسۇقنى مۇسۇلمانلار ھاياتىدىن ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى.

دۈشمەنلەر شەرىئەتنى يوقۇتۇش ئۈچۈن قوللىنىشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان «ۋاستىلەر»نى تولۇق ئىشقا سالدى.

دۈشمەنلەر مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە جىنايى ئىشلاردا شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلىدىغان «سوت مەھكىمىلىرى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پەقەت خۇسۇسىي ئىشلاردىلا شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلىدىغان «مەھكىمىلەر»نى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن شەرىئەتنىڭ ھۆكۈم قىلىش دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى رىئاللىقنى پەيدا قىلدى... خۇسۇسىي ئىشلار «سوت مەھكىمىسى»گە «شەرىئەت مەھكىمىسى» دېگەن يوغان «ۋىۋىسكا»نى ئاستى ھەمدە مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە جىنايى ئىشلاردا يەرلىك قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان يېڭى «سوت مەھكىمىلىرى»نى قۇرۇپ چىقتى. ئەرز-شىكايەت ئىشلىرىنى يېڭى «مەھكىمىلەر»گە سۇنۇشنى خىرىستىئان ھەربىي ئىشغالىيەتنىڭ

كۈچى بىلەن خەلققە مەجبۇرىي تاڭدى. دۈشمەنلەر بۇنىڭلىق بىلەنلا بولدى قىلماستىن، بەلكى، بىر تەرەپتىن «نارازىلىق» ئاۋازلىرىنى يوشۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن: «بۇ دېگەن "تەرەققىيات"، تەرەققىيات بىزنى "ياۋرۇپاغا ئوخشاش" ھالەتكە ئېلىپ بارىدۇ» دەپ كىشىلەرنى ئالدىدى. روھىي ۋە ھەربىي جەھەتتە مەغلۇب بولغان خەلق ھەر قانداق ئىشتا «ياۋروپادەك» بولۇشتىنمۇ يۇقىرراق بىر نىشانغا كۆز تىكەلەيتتىمۇ؟ دۈشمەنلەر ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن شەرىئەتنى «كەمتۈك»، «قالاق»، «قاتمال»، «دەۋرنىڭ تەرەققىياتى»غا ماسلىشالمايدۇ دەپ تۆھمەت چاپلىدى.

ئەمما، ناماز ـ ياكى روزا، زاكات، ھەج ـ نى يوقۇتۇش ئۈچۈن كىشىلەرنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭدىن توسىدىغان ئاتالمىش «ئىنسان»لارنى جەمئىيەتتە گەۋدىلەندۈردى ۋە باشقۇرغۇچى قىلىپ بېكىتتى.

ھېكايە، كىنو ۋە ئوپېرالاردا ئىزچىل تۈردە «دىندار»نىڭ ـ ناماز ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ ـ ئوبرازىنى مەسخىرە قىلاتتى. ئۇنى مەتو، گالۋاڭ، بېكىنمە، ئىدىيىسى قالاق، ئىككى يۈزلىمە، قارا كۆڭۈل قىلىپ تەسۋىرلەيتتى ھەمدە ئۇنىڭ دىندارلىقىنى گەۋدىلەندۈرەتتى. گېزىت، ھېكايە، كىنو، ئوپېرا ۋە دېگىز بويلىرىدىكى يالىڭاچلىق قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقنى قەستەن تارقىتاتتى. دۈشمەنلەر بۇ خىل ۋاستىلەر بىلەن «تەرەققىيات»، «ئازاتلىق»، «كونا ئەنئەنىلەر»نى پاچاقلاپ تاشلاش، «زەنجىر ـ كىشەنلەر»دىن ئازات بولۇش، «ناماز»نى ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتكەن بىر خوراپى «قەۋم»نىڭ سىماسى دەپ قارايدىغان يېڭى بىر تۈركۈم

ئەۋلادلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى.

بىر ئەسىر جەريانىدا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەمدى «لاإله الاالله»دىن نېمە قالدى؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن راست ئېيتتى:

﴿لتنقضن عرى هذا الدين عروة عروة، كلما نقضت عروة تمسك الناس بالتي بعدها، فأولهن نقضا الحكم، واخرهن نقضا الصلاة﴾

«سىلەر بۇ دىنىنىڭ تۇتقىسىنى بىردىن-بىردىن ئاجرىتىسىلەر. ھەر قاچان بىر تۇتقا ئاجراپ كەتسە، كىشىلەر ئۇنىڭ كەينىدىكى يەنە بىر تۇتقىغا ئېسىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلى ھۆكۈمنىڭ بۇزۇلۇشى، ئاخىرقىسى بولسا نامازنىڭ بۇزۇلىشىدۇر.[1]»

@ @ @ @ @

---

① ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

# «لاإله الاالله»نى بۇزىدىغان ئامىللار

مەن نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ «تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار» ھەققىدىكى سۆزىمىزنىڭ «”لاإله الاالله“نى بۇزىدىغان ئامىللار» ھەققىدىكى سۆزىمىزدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

بۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بىز -ھەق ئۈچۈن- شەيخ ئىسلام ئىبنى تەيمىييە ۋە ئىبنى قەييۇم ئەل جەۋزى قاتارلىق ئالىملارنىڭ «”لاإله الاالله“نى بۇزىدىغان ئامىللار» مەيلى بەدەننىڭ ئەمەللىرى بولسۇن ياكى قەلبنىڭ ئەمەللىرى بولسۇن، بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلىگەنلىكىنى ئېنىق خاتىرىلىشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە ئۇلار «”لاإله الاالله“نى بۇزىدىغان ئامىللار» ھەققىدە ھەر قايسى تەرەپتىن كەڭ دائىرىلىك توختالدى ۋە بايان قىلدى.

دېمىسىمۇ، قەدىمقى فىقھىي ئالىملىرى بۈگۈنكى دەۋر مۇسۇلمانلىرى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ئەمەس. چۈنكى، دەسلەپكى مۇسۇلمانلاردا بۇ خىل ھادىسە («لاإله الاالله»“نىڭ بۇزۇلۇش ھادىسىسى)نىڭ يۈز بېرىشى ھەقىقەتەن كەمدىن-كەم كۆرۈلىدىغان ئىش ئىدى. مۇبادا ئاشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە، مۇرتەد بولغۇچىلار الله ئۇلارغا بەلگىلىگەن جازا بىلەن جازالىناتتى. ئەمما، ئاخىرقى ئەسىردە ئەھۋال خەتەرلىك

باسقۇچقا كىردى. مەسىلە ئەسلىتىش ۋە بايان قىلىشقا مۇھتاج بولۇپ قالدى.

مەن ئىلگىرى «مۇسۇلمانلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالى» ۋە «تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر» ناملىق ئەسەرلىرىمدە «"لاإله الاالله"نى بۇزىدىغان ئامىللار» ھەققىدىكى سۆزىمىزدىن كىشىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىشنى مەقسەت قىلمايدىغانلىقىمىزنى ئېنىق بايان قىلغان ئىدىم①. دېمىسىمۇ «كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش» بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەس. بەلكى، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز: كىشىلەرگە «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىدىن ئۇلار بىلمەيدىغان تەرەپلەرنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت. چۈنكى، ئەگەر ئۇلار بۇنى بىلمىسە، ئۆزىنى قانداق ئۆزگەرتىدۇ؟ ئەگەر ئۇلار ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىسا، الله ئۇلارنىڭ بۇ ناچار ھالىنى قانداق ئۆزگەرتىدۇ؟

﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾

«ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.②»

كىشىلەر تىلى بىلەن «لاإله الاالله» دەپ، دىلى بىلەن اللهنىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈپ قويۇپلا، (ھېچبىر ئەمەلسىز) ئىزچىل تۈردە ئۆزىنى بىز «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىۋاتىمىز، دەپ ئويلىسىلا، ئۇنداقتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ناچار ھالىتىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدۇ.

---

① ئاپتورنىڭ «كيف ندعوا الناس؟» (كىشىلەرنى قانداق دەۋەت قىلىمىز؟) ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن! (تەرجىمە قىلىنغۇچىدىن).

② سۈرە رەئد: 11ـ ئايەت.

«لاإله الاالله»نـى بۇزـدىغان ئـامىللار ھەققـدىكى سۆزنى ئـۆچ كۆرىدىغانلار يالغۇز بىر تۈركۈم كىشىلەرلا ئەمەس. بەلكـى، «لاإله الاالله»نـىڭ تەلەپلىرىـدىن ئـۆزىنى قاچۇرىـدىغانلار، «لاإلـه الاالله»نىڭ ماھىيىتىدىن چېكىنگەنلەر ئـۆز ئەپتـى ـ بەشىرىسىنىڭ ئېچىلىپ قىلىشىنى ياكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ قىلىشىنى خالىمايدۇ ـ دە، شـۇڭا، «لاإلـه الاالله»نـى بۇزىدىغان ئامىللار ھەققىدىكى سۆزنى ئۆچ كۆرىدۇ.

ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە، ئەينى چاغدا تولىمۇ كۆلكىلىك بىر ئىش يـۈز بەرگەن ئىدى... 1959 ـ يىلى مېنىڭ «بىز مۇسۇلمانمۇ؟» ناملىق ئەسىرىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بىر يىگىت مېنى زىيارەت قىلىپ كەلدى ۋە ماڭا: «ئاڭلىسام سىز ”بىز مۇسۇلمانمۇ؟“ دەپ بىر كىتاب يېزىپسىز، مەن بۇ كىتابنى ئوقۇشقا قىزىقىۋاتىمەن. ماڭا ئەسىرىڭىزدىن بىرنى ئارىيەت بەرسىڭىز، ئوقۇۋالغان بولسام» دېدى. مەن: «ئەلۋەتتە بولىدۇ» دېدىم ـ دە، ئۇنىڭغا كىتابتىن بىرنى بەردىم. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى يىگىت يەنە كەلدى ۋە ماڭا كىتابىمنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ: «تاغا، كىتابىڭىزنى ئېلىڭ، مەن بۇ كىتابنى ئوقۇشنى خالىمايمەن. چۈنكى، مەن بۇ كىتابنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئۆزۈمنى ”مۇسۇلمان“ ھېسابلايتتىم. ئەمما، بۇ كىتابتىن ئازراق ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ مۇسۇلمان بولماي قىلىشىمدىن ئەنسىرەپ قالدىم. كىتابىڭىزنى ئېلىڭ، مېنى ”مەن مۇسۇلمان“ دېگەن گۇمانىم بىلەن ياشىغىلى قويۇڭ» دېدى.

تـوغرا يولـدىن ۋە دىنىنىڭ تەلەپلىرىدىن بەكلا يىراقلاپ كەتكەن بۇنداق نادان ۋە غاپىل ياشلار يالغۇز بۇ بىرسىلا ئەمەس. بەلكى، يۈزلىگەن ۋە مىڭلىغان ياشلار ئۆزىنىڭ رېئال ھەقىقىتىگە

يۈزلىنىشتىن قاچىدۇ. بىرەر كىشىنىڭ ئۆزىگە ھەقنى ئەسلىتىپ قويۇشىنى ئۆچ كۆرىدۇ. باشلىرىنى رومال بىلەن، يەنى ئىرجائىي ئىدىيىسىنىڭ زەھەرلىك روملى بىلەن چىڭ چۈمكىۋالىدۇ.

ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «زەھەرخەندىلەر» بولسا ئۆزلىرىنىڭ «لاإلــه الاالله»غا نىسبەتەن قانداق پوزتسىيىدە ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ «لاإلــه الاالله»نىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى، مۇمكىن بولسا ئۇنى يىقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش لازىملىقىنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. بىراق، باشقىلارنىڭ ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ «لاإلــه الاالله»نىڭ دۈشمىنى بولغان يەھۇدىي-خرىستىئانلارغا قىلىۋاتقان مالايلىقىنىڭ ھەقىقىتىنى باشقىلارنىڭ ئۇقۇپ قىلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى ئېچىپ تاشلايدىغان «نۇر»لارنى ئۆچ كۆرىدۇ. نۇر چاچقۇچىلارنىڭ يۈزىگە قاراپ گويا غالجىر ئىتتەك قاۋايدۇ. ئۇلارغا «ئاشقۇن» دەپ تۆھمەت چاپلايدۇ. تۈرلۈك سۈپەتلەر بىلەن كىشىلەرنى ئۇلاردىن «نەپرەتلەندۈرىدۇ»... ئېھتىمال ئۇلار قاراڭغۇ زۇلمەتلەر ئىچىدە چۆرگىلەۋاتسا كېرەك!

﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَمَا هُمْ بِمُؤْمِنِينَ، يُخَادِعُونَ اللَّهَ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَمَا يَخْدَعُونَ إِلَّا أَنْفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ، فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ فَزَادَهُمُ اللَّهُ مَرَضًا وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ بِمَا كَانُوا يَكْذِبُونَ، وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لَا تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ قَالُوا إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ، أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ الْمُفْسِدُونَ وَلَكِنْ لَا يَشْعُرُونَ، وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ آمِنُوا كَمَا آمَنَ النَّاسُ قَالُوا أَنُؤْمِنُ كَمَا آمَنَ السُّفَهَاءُ أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ السُّفَهَاءُ وَلَكِنْ لَا يَعْلَمُونَ، وَإِذَا لَقُوا الَّذِينَ آمَنُوا قَالُوا آمَنَّا وَإِذَا خَلَوْا إِلَى شَيَاطِينِهِمْ قَالُوا إِنَّا مَعَكُمْ إِنَّمَا نَحْنُ مُسْتَهْزِئُونَ، اللَّهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ وَيَمُدُّهُمْ فِي طُغْيَانِهِمْ يَعْمَهُونَ، أُولَئِكَ الَّذِينَ اشْتَرَوُا

الضَّلَالَةَ بِالْهُدَى فَمَا رَبِحَتْ تِجَارَتُهُمْ وَمَا كَانُوا مُهْتَدِينَ﴾

«كىشىلەر ئارىسىدا اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ). ئۇلار اللەنى ۋە مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، الله ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى؛ يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى (يەنى يالغاندىن ئىمانىنى دەۋا قىلغانلىقلىرى ۋە اللەنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارغا: ”يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار“ دېيىلسە، ”بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز“ دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ. ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا): ”ئىمان ئېيتقان كىشىلەردەك (يەنى ساھابىلەردەك چىن كۆڭلۈڭلار بىلەن) ئىمان ئېيتىڭلار“ دېيىلسە، ”بىز ئىمان ئېيتقان ئەخمەقلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتامدۇق؟“ دەيدۇ. بىلىڭلاركى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەر، لېكىن (بۇنى) ئۇلار تۇيمايدۇ. ئۇلار مۇئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقىنىدا: ”بىز ئىمان ئېيتتۇق“ دېيىشىدۇ، شاياتۇنلىرى (يەنى مۇناپىق كاتتىباشلىرى) بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقاندا بولسا ”بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز، پەقەت (تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ) مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز“ دەيدۇ. مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن الله ئۇلارنى جازالايدۇ، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ. ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ گۇمراھلىقنى ئالدى. شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار

ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى.①»

بىر تۈركۈم «ئەسكى ئالىملار» باركى، ئۇلارنىڭ مەقستى يېيىش، ئىچىش ۋە راھەت-پاراغەتتە ياشاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر ئۇلار «لاإلـــه الاالله»نىڭ ھەقىقىتىدىن غەزەپلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلسا، بارلىق «مەنپەئەت»لەردىن مەھرۇم قېلىشتىن قورقىدۇ. بۇلار ھەققىدە الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنْزَلَ اللَّهُ مِنَ الْكِتَابِ وَيَشْتَرُونَ بِهِ ثَمَنًا قَلِيلًا أُولَئِكَ مَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ إِلَّا النَّارَ وَلَا يُكَلِّمُهُمُ اللَّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلَا يُزَكِّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾

«الله كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) نازىل قىلغان نەرسىلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنا پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ قارنىغا يېگىنى پەقەت ئوتتۇر (چۈنكى ئۇلارنىڭ يېگەن شۇ ھارام مېلى ئۇلارنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ)، قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.②»

يەنە بىر تۈركۈم «ئاقكۆڭۈل» كىشىلەر بار... ئۇلار باشقىلارغا ئىشنىڭ ھەقىقىتى بىلەن يۈزلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشنى خالىمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى «توغرا چۈشىنىپ»، ئۇلارنى «ئەللەيلىتىدۇ». بۇ خىل «ئاقكۆڭۈل» كىشىلەر بۇنداق قىلىش دەۋەتكە ۋە باشقىلارنىڭ

① سۈرە بەقەرە: 8-16- ئايەتلەر.
② سۈرە بەقەرە: 174- ئايەت.

دەۋەتكە ئاۋاز قوشۇشىغا پايدىلىق دەپ قارايدۇ. ھەتتا، بۇنداق قىلىش الله «*پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز- نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن*[1]» دېگەن سۆزى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەمىر قىلغان «ھېكمەت ۋە ياخشى نەسىھەت»نىڭ تەلىۋىگە تامامەن ئۇيغۇن دەپ ئويلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ اللەنىڭ مەقسىتىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ۋە اللەنىڭ ئەمرىگە ئەڭ بەك بويسۇنىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپلا قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيشلەرگە ئېيتقان سۆزلىرى قۇرەيشلەرنىڭ: «مۇھەممەد بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى ئەيىبلىدى، ياشلىرىمىزنى گالۋاڭغا چىقاردى» دېيىشىگە سەۋەپ بولدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولمىسۇن، بىز مۇئەييەن بىر كىشىگە ھۆكۈم قىلمايمىز. بۇنداق قىلىش بىزنىڭ نىشانىمىز ئەمەس. بەلكى، بىزنىڭ نىشانىمىز گەدىنىمىزدىكى ئامانەتنى ھېس قىلىش، شۇنداقلا، ئەگەر كىشىلەرگە ھەقىقەتلەرنى ئېنىق بايان قىلىش ئارقىلىق گەدىنىمىزدىكى ئامانەتنى ئادا قىلمىساق، قىيامەت كۈنى اللەنىڭ بىزدىن ھېساپ ئالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتىن ئىبارەت... كىشىلەرگە ھەقىقەتلەرنى ئېنىق بايان قىلغاندىلا ئاندىن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن اللەنىڭ دىنى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بايقىيالايدۇ. الله توغرا يولغا يېتەكلەشنى ئىرادە قىلغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ پوزتسىيىسىنى توغرىلىيالايدۇ.

* * * * *

---

① ﴿ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ﴾ [سۈرە نەھل: 125 - ئايەت].

كۆپلىگەن كىشىلەر ـ ئىرجائىي ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ـ كىمكى «لاإله الاالله» دېسە، بىر ئۆمۈر «مۇسۇلمان» ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مەيلى قانداق گەپلەرنى دېسۇن ياكى قانداق ئىشلارنى قىلسۇن، ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇق ئۆزىنىڭ «كاپىر» ئىكەنلىكىنى جاكارلىمىغىچە ياكى كاپىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مەلۇم بىر ئىشنى قىلمىغىچە «مۇسۇلمانلىق» سۈپەت ئۇ كىشىدىن ئاجراپ كەتمەيدۇ دەپ قارايدۇ.

تەبىئىيكى، جەمئىيەت كاپىرلىشىپ، ئىنسان ـ مەيلى كاپىر ياكى ئاتېئىزىمچى بولسۇن ـ شەھەدلەرنىڭ بېشىغا دەسسەپ تۇرۇپ، ھېچقانداق خەتەر ھېس قىلماستىن، خاتىرجەم ھالدا مەن «كاپىر» دەپ ۋارقىرىيالىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتمىسە، زەررىچىلىك ئەقلى بار ئىنسان بۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. يەنى ئۆزىنىڭ «كاپىر» ئىكەنلىكىنى ھەرگىز جاكارلىمايدۇ.

ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىچە، ئېغىزىدىن كۇپرى كەلىمىسىنى چىقارمىغان ھەر قانداق كىشى مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ. ئىرجائىي ئىدىيىسىدە ئۇنىڭ قىلغان ھەر قانداق گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، گۇناھ ـ مەئسىيەت ئىماننى زىيانغا ئۇچرىتالمايدۇ.

بىز بۇ يەردە سەلەپلەرنىڭ «ئىمان دىگەن سۆز ۋە ئەمەلدۇر» دەيدىغان بايانىغا ئوچۇقتىن ئوچۇق قارشى كېلىدىغان ئىرجائىي ئىدىيىسىدىكى ئەمەلنى ئىماننىڭ دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىش مەسىلىسىگە قارىتا مۇنازىر قىلماقچى ئەمەسمىز. بەلكى، بىز ئېغىزىدىن ئوچۇقتىن ئوچۇق كۇپرى كەلىمىسىنى چىقارمىسا «لاإله الاالله» بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ دەيدىغان «گۇمان»دىن ئىبارەت

تولىمۇ ناچار بىر مەسىلىگە قارىتا مۇنازىرە قىلماقچىمىز.

ئىمام ھەسەنۇل بەننا تەلىمات رىسالىسىنىڭ ئاخىرقى ماددىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىككى شاھادەتنى ئىقرار قىلغان، يەنى " لاإله الاالله محمد رسول الله" دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلغان، پەرزلەرنى ئادا قىلغان (قۇرئان ھەدىسىنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولسۇن ياكى بولمىسۇن) مۇسۇلماننى كاپىر دېمەيمىز. بىراق، قاچانكى، ئۇ كۇپرى كەلىمىسىنى ئىقرار قىلسا ياكى دىنىنىڭ بىرەر مەلۇماتلىرىنى ئوچۇق ئىنكار قىلسا ياكى قۇرئاننى يالغان دېسە ياكى قۇرئاننى ئەرەب تىلىنىڭ ئۇسلۇبىغا قارشى ھالدا تەپسىر قىلسا ياكى كۇپرىنىڭ قىلمىشى دېگىلى بولىدىغان بىرەر ئەمەلنى قىلسا، ئۇنداقتا، ئۇنى شۇ چاغدا كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىمىز».

ئىمام ھەسەنۇل بەننا بۇ ماقالىسىدا سەلەپلەرنىڭ ئىمان ۋە «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىماننىڭ زۆرۈرىيەتلىرى ھەققىدىكى سۆزىنى چىڭ تۇتقان ھەمدە «لاإله الاالله»نى بۇزىدىغان بىر بۆلۈك سۆزلەر بولۇپ، ئەگەر بىر كىشى بۇ سۆزلەرنى ئېغىزىدىن چىقارسا، گەرچە ئۇ «ئىماننىڭ بەك مۇستەھكەملىكى»نى ھەر قانچە دەۋا قىلسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ ئىماندىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئوچۇق تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

دېمەك، ئىمان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ياكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ خىيالىدىكىدەك ئېغىزدىكى قۇرۇق دەۋا ئەمەس.

مۇرجىئىيلار دەلىل قىلىدىغان «سەن ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ باقتىڭمۇ» دېگەن ھەدىستىن ھەرگىزمۇ ئۇلار مەقسەت قىلىۋاتقان مەنا چىقمايدۇ. بەلكى، بۇ ھەدىس ـ مەن «تۇزىتىشكە تېگىشلىك

چۈشەنچىلەر» ناملىق كىتابىمدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك- «لاإله الاالله»نى مەيلى چىن قەلبىدىن دېسۇن ياكى ئېغىزنىڭ ئۇچىدىلا يالغاندىن دەپ قويسۇن، ئىشقىلىپ ئۇنى دېگەن كىشىدىن قىلچىنى كۆتۈرىدۇ. شۇڭا، «لاإله الاالله محمد رسول الله» دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرۈش دۇرۇس بولمايدۇ. گەرچە بۇ كىشى شاھادەت كەلىمىسىنى چىن دىلىدىن ئىشەنمەستىن، بەلكى، ئۆزىنى قوغداش ئۇچۇنلا يالغاندىن دەۋالسىمۇ، ئوخشاشلا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. بەلكى، ئۇ كىشىنىڭ شاھادەت كەلىمىسىنى يالغاندىن دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرساقمۇ، بىراق، ئۇ كىشى بۇ كەلىمىنى دېگەن ئىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

بىراق، ئۇ كىشى «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلمايلا، ئۇنى ئېغىزىدا دەپ قويۇش بىلەن مەڭگۈلۈك مۇسۇلمان بولالمايدۇ. (ئەمما، بەزىلەر «”لاإلــه الاالله“ دېگەن ئىكەن، ئېغىزىدا دېسىمۇ، ئوخشاشلا مۇسۇلمان بولىۋېرىدۇ» دەپ قارايدۇ.)

توغرا، ئەگەر بىر كىشى «لاإلــه الاالله» دېسە، ئۇ مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ ۋە قىلچىتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتۈپ، ناماز ۋاقتى كەلگەندە، ئۇ نامازغا چاقىرىلسا، نامازنى ئوقۇشنى رەت قىلسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ھۆكۈمى قانداق بولىدۇ؟ ئۇ ناماز ئوقۇشنى رەت قىلغاندىن كېيىن، «مۇرتەد» ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا اللەنىڭ مۇرتەدلەرگە بېرىلىدىغان جازاسى بېرىلىدۇ. جازا ئالدىغا كەلگەندە ئۇ: «مەن ”لاإله الاالله محمد رسول الله“ دېدىم» دېسە، ئۇنىڭغا بۇ كەلىمىنىڭ پايدىسى بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇ «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلىۋىگە رىئايە قىلمىسا،

ھېچبولمىغانـدا كىـشىلەرنىڭ ئالدىـدا يالغانـدىن بولـسىمۇ، نامـاز ئوقۇپ قويمىسا، بۇ كەلىمە ئىككىنچى قېتىم ئۇ كىشىنى قىلىچتىن قۇتقۇزالامدۇ؟

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىـڭ «لاإله الاالله محمد رسول الله» دېگەن، ناماز ئوقۇغان، روزا تۇتقان، ھەج قىلغان، بىراق، «لاإله الاالله»نىـڭ زاكـاتتىن ئىبـارەت بىـرلا تەلىپىـدىن بـاش تارتقـان مـۇرتەدلەرگە قارشـى قىلغـان جـازا يۈرۈشـى بـۇ نـۇقتىنى ئېنىـق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ئەبـۇ بەكرىـدىن پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ”لاإله الاالله محمـد رسـول الله“ دېـسە ئـۆز ھەققى بىلەن مېلىنى ۋە جېنىنى مەندىن ساقلاپ قالىـدۇ» دېـگەن تۇرسـا، سـەن ”لاإله الاالله محمـد رسـول الله“ دېـگەن قەۋم بىـلەن قانداقـسىگە ئـۇرۇش قىلىـسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئەبـۇ بەكـرى: «زاكـات مالنىـڭ ھەققـى، الـله بىـلەن قەسـەمكى، نامـاز بىـلەن زاكاتنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋەتكەن كىشى بىلەن ئەلۋەتتە ئـۇرۇش قىلىـمەن» دېـدى. ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ: «الـله بىـلەن قەسـەمكى، مەن اللەنىـڭ ئەبـۇ بەكرىنىـڭ قەلبىنـى ئۇرۇشـقا ئاچقانلىقىنى كـۆرۈپ، ئۇنىـڭ قىلغانلىرىنىـڭ تـوغرا ئىكەنلىكىنـى بىلدىم» دېدى.

ئۇلار دىندىكى ئېنىق بىر مەلۇمـات (زاكـات)نـى ئىنكـار قىلىـش ئارقىلىق «لاإله الاالله»نى بۇزدى. شـۇڭا ئـۇلار گەرچە كۆنـدە بەش قېتىم «لاإله الاالله»دېيىشتىن تۇختاپ قالمىغـان بولـسىمۇ، بىـراق، «لاإله الاالله» ئۇلارغـا پايـدا ئېلىـپ كېلەلمـدى. ئـۇلارنى قوغـداپ قالالمىدى ۋە ئۇلارغا ئىسلام سۈپىتىنى بېرەلمىدى.

بىز «لاإله الاالله»نى بۇزىدىغان ئامىللارغا قايتايلى!...

كۇپرى كەلىمىسىنى ئېغىزىدىن چىقارغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى ئېنىق مەسىلە. شۇڭا بۇ مەسىلىدە ھېچكىشى، جۈملىدىن مۇرجىئىيلارنىڭ ئۆزىمۇ تالاش-تارتىش قىلمايدۇ. (ئەمما، مۇرجىئىيلار «ئوچۇقتىن-ئوچۇق كۇپرى كەلىمىسىنى دەۋاتقان كىشىدىن، "سەن مۇشۇ گەپ بىلەن راستلا مۇشۇ مەنانى مەقسەت قىلىۋاتامسەن ياكى باشقا بىر مەنانى ئىرادە قىلدىڭمۇ؟" دەپ سوراپ بېقىشىمىز لازىم» دەپ قارايدۇ.)

پەقەتلەر كاپىردىن باشقا كىشى قىلمايدىغان قىلمىشلارنى ساناپ، ئۇلارنى بۇتقا سەجدە قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللاش، قۇرئاننى ھاقارەتلەش، اللەنى قويۇپ ھالال ۋە ھارام قىلىش... قاتارلىقلار دەپ كۆرسەتتى.

بۇ مەسىلىدە مەيلى قەدىمقى زاماندا بولسۇن ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن ئالىملار ئوتتۇرىسىدا بىردەكلىك مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. چۈنكى، بۇ ئىككىلىنىپ قالغۇدەك تۇتۇق مەسىلە ئەمەس بولماستىن، بەلكى، ناھايىتى سۈزۈك مەسىلە ئىدى.

ئەمما، اللەنى قويۇپ ھالال ۋە ھارام قىلىش -يەنى اللەنىڭ قانۇنىنىڭ غەيرىنى قانۇن قىلىش- مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ مەسىلىدىكى بەس-مۇنازىرە (ئىختىلاپ) مۇشۇ دەۋرنىڭ ئاپتىگە ئايلاندى.

ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ﴿إنه كفر دون كفــر﴾ «دىنىدىن چىقىرىۋەتمەيدىغان كۇپرى» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىشىدۇ.

مەن «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» ۋە «تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر» ناملىق كىتابلىرىمدا كۆپلىگەن

ئورۇنلاردا مۇشۇ مەسىلىگە قارىتا يېتەرلىك جاۋاپ بەرگەن ئىدىم. يەنە بۇ يەردىمۇ مۇشۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

كىشىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇمەۋىيە ھۆكۈمرانلىرى اللەنىڭ قانۇنىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشىۋاتىدۇ. سەن ئۇلار ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ دەپ سورىغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ﴿إنه كفر دون كفر﴾ «ئۇلارنىڭ قىلمىشى دىنىدىن چىقىرىۋەتمەيدىغان كۇپرى، يەنى سىلەر كۇپرى دەپ تۇنۇغان كۇپرى ئەمەس» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئېيتقان.

ئىبنى ئابباس ھەقىقەتەن توغرا ئېيتقان. چۈنكى، ئۇمەۋىيىلەرنىڭ زالىملىقى ۋە شەرىئەتكە خىلاپ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ھېچكىشى ئۇلارنى «كاپىرلار» دېگەن ئەمەس.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ سۆزى ھەرگىزمۇ قۇرئان كەرىمدىكى ﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾ «كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر[1]» دېگەن ئايەتكە قارشى كەلمەيدۇ. (بۇنداق خاتالىقنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستەك ئۇلۇغ كىشىدىن سادىر بولۇشتىن اللە ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!). شۇنداقلا، بۇ سۆزدىن قانداقتۇر بۇ ئايەت پەقەت ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ھەققىدىلا چۈشكەن دەيدىغان بۇرمىلاشمۇ كېلىپ چىقمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەت ﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ ...﴾ «ھۆكۈم قىلمىغان ھەر بىر كىشى...» دەپ بارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئايەتتىن بۇ مەناغا قارشى بولغان يەنە بىر مەنانى چىقارغىلى

---

① سۈرە مائىدە: 44ـ ئايەت.

بولمايدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ مەشھۇر سۆزىنىڭ ئارقا كۆرنۈشىگە كەلسەك، ئەينى چاغدا ئۇمەۋىيە ھۆكۈمرانلىرى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى بىكار قىلغان ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان ياكى ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ئەمەس. شۇنداقلا، ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابىغا خىلاپ ھالدا ھۆكۈم قىلىشتەك خاتالىقنى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن ياكى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئالدىغا قويۇۋالغان ياكى بىزنىڭ قىلغانلىرىمىز ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە قارىغاندا شارائىتقا بەكرەك مۇۋاپىق كېلىدۇ دەپ قارىغانمۇ ئەمەس. بەلكى، ئۇلار پەقەت شەرىئەتنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاشتا قۇرئان-ھەدىسكە خىلاپلىق قىلغان. بۇ خۇددى ئوغرى ياكى زىنا قىلغۇچىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوغرى ياكى زىنا قىلغۇچى بۇنىڭلىق بىلەن كاپىر بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئوغرىلىق ياكى زىناخورلۇقنى قانۇن قىلىۋالمىدى، يەنى بىزنىڭ بۇ قىلمىشىمىز شەرىئەتتە يوللۇق، ئاللاھنىڭ ھارام قىلىشى توغرا ئەمەس دەپ قارىمىدى. شۇنداقلا، بۇ قىلمىشقا جازا بېرىش توغرا ئەمەس ياكى جازا بەرگەندىمۇ ئاللاھ بەلگىلىگەن جازادىن باشقىچىرەك جازا بېرىش كېرەك دەپ قارىمىدى. ئەگەر بىر كىشى ئوغرىلىق ياكى زىناخورلۇق قىلماي، پۈتكۈل ھاياتىدا بۇنداق قىلىشنى ئويلاپمۇ باقماي تۇرۇپ، ئاشۇنداق كۇپرى كەلىمىسىنى دېسە، ئۇنداقتا، بۇ كىشى شەكسىز كاپىر بولىدۇ.

دېمەك، ئاللاھنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان كىشىنى كاپىر دېيىش مەسىلىسى، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپ ھالدا قىلغان قىلمىشىغا ئالاقىدار مەسىلە بولماستىن، بەلكى، ئاللە ھارام

قىلغاننى ھالال دەپ بىلىش ياكى اللە ھالال قىلغاننى ھارام دەپ بىلىشكە، يەنى ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ خاھىشىنى قانۇن قىلىۋېلىشقا... اللەنى قويۇپ ھالال-ھارام قىلىشقا... ئالاقىدار مەسىلىدۇر.

﴿وَقَالَ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا عَبَدْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ نَحْنُ وَلَا آبَاؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ﴾

«مۇشرىكلار: "مۇبادا اللە خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمىز اللەنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق. اللە ھارام قىلمىغان (يەنى اللەنىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق" دېدى.①»

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇشرىكلارنىڭ مۇشرىك بولۇشىدىكى تۈپ ئامىل ئۇلارنىڭ سىرتقى ھەرىكىتى بولماستىن، بەلكى، اللەنىڭ ھۆكۈمىگە خىلاپ ھۆكۈملەرنى قانۇن قىلىۋالغانلىقىدۇر. ئۇلار اللە ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال (قانۇنلۇق) قىلدى. ئەكسىچە اللە ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام (قانۇنسىز) قىلدى. بۇنداق قىلغانلىق ئۆزىنى اللەنىڭ شېرىكى قىلىۋالغانلىقتۇر. گويا ئۇلار: «اللە ئۇنداق دەپتىكەن، بىز مۇنداق دەيمىز؛ اللە ئۇنداق ھۆكۈم قىلىپتىكەن، بىز مۇنداق ھۆكۈم قىلىمىز» دېگەندەك بولىدۇ. مانا بۇ «ھۆكۈم» مەسىلىسى بولۇپ، «ھۆكۈم»نى رېئال دۇنيادا يولغا قويۇش ياكى يولغا قويماسلىق، بۇ «ھۆكۈم»نىڭ «قانۇن» بولۇشقا سالاھىيىتى توشىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى شەك-شۈبھىسىزدۇر.

ئەگەر بۇ مەسىلە ئايدىڭلاشقان بولسا، ئۇنداقتا، اللەنىڭ

① سۈرە نەھل: 35- ئايەت.

شەرىئەتنىڭ غەيرىنى قانۇن قىلىشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىنى دەلىل قىلماقچى بولغانلارنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى تامامەن بىكار بولدى. يەنە كېلىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستەك ئۇلۇغ كىشىدىن بۇنداق خاتالىقنىڭ سادىر بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بۇ قۇرئاننىڭ ئايىتىگە ئوچۇقتىن-ئوچۇق خىلاپتۇر.

﴿أَمْ لَهُمْ شُرَكَاءُ شَرَعُوا لَهُمْ مِنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنْ بِهِ اللَّهُ﴾

«ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟[1]»

ئۇمەۋىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قۇرئان-ھەدىسكە خىلاپ ھالدا چىقارغا ھۆكۈملىرىدىن ئالاقزادە بولغان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا مەسىلە ئارىلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇمەۋىيە ھۆكۈمرانلىرىنى دىندىن چىقىپ كەتتى دەپ ئويلاپ قالدى. ئىبنى ئاببارس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا شۇنى ئېنىق بايان قىلىپ بېرىپ دېدىكى، ئۇمەۋىيىلەر تېخى بۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قالمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتا ھۆكۈملىرىنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئورنىغا قويۇۋالمىدى. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە كاپىر بولۇپ، دىندىن چىقىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇلار ئايەتلەرنى تەۋىل قىلسۇن ياكى تەۋىل قىلمىسۇن (ئايەتتىن ئەسلى مەناغا خىلاپ مەنانى چىقارسۇن ياكى چىقارمىسۇن) پەقەت اللەنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدى. نەتىجىدە ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن گۇناھكار بولدى. بىراق، ئۇلار يەنىلا مۇسۇلمان... باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار اللەنىڭ

---

① سۈرە شۇرا: 21- ئايەت.

شەرىئەتتىن باشقا بىر شەرىئەتنى قانۇن قىلىۋېلىپ، «لاإلــه الاالله»نــى بۇزۇۋەتمــدى. ئۇلارنىــڭ قىلمىــشى پەقەت گۇناھقــا ياتىــدىغان قىلمىش بولــدى. شۇڭا، ئابــدۇللاھ ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى ﴿كفرا دون كفــر﴾ «دىنــدىن چىقىرىۋەتمەيدىغان كۇپرى» دەپ ئاتىدى.

ئەممــا، موڭغــۇللار دەۋرىــدە اللەنىــڭ شــەرىئىتىنىڭ ئورنىــدا «ياساق قانۇنى» بىلەن ھۆكۈم قىلىشتەك غەيرى قانۇننى قانۇن قىلىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن چاغدا، ئىبنــى كەسىر رەھمەتــۇللاھ ئەلەيھــى اللەنىــڭ ﴿أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللّهِ حُكْمًــا لِّقَــوْمٍ يُوقِنُونَ﴾ « ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىــڭ ھــۆكمىنى تەلەپ قىلامــدۇ؟ (اللەغا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمــدە اللەدىنمۇ ئادىل كىم بار؟ ①» دېگەن سۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن:

«اللەنىڭ ھەر بىر ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى، ھەر بىــر يامــانلىقنى چەكلىگــۈچى ھۆكمــدىن كــشىلەرنىڭ اللەنىــڭ شەرىئىتىگە ئاساسلانماستىن تۈزۈپ چىققان تــۈزۈلمە يــاكى كــۆز-قاراشلىرىغا چىقىۋالغان كىشىنى الــله ئىنكــار قىلىــدۇ. جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ نەپسى-خاھىشلىرى ۋە كۆز-قاراشلىرى ئاساسىدا پەيدا قىلىنغــان ئــازغۇن ۋە خاتــا تــۈزۈملىرى بىــلەن ھۆكــۈم قىلىــشى، موڭغۇللارنىــڭ پادىــشاھى چىڭگىزخــان ئۇلارغــا تــۈزۈپ بەرگەن «ياســاق قــانۇنى» بىــلەن ھۆكـــۈم قىلىـــشى... شـــۇنىڭ جۈملىــسىدىندۇر (ياســاق قــانۇنى چىڭگىزخانىنىــڭ پادىــشاھلىق سىياســىتىدە قوللانغــان ھۆكــۈملەر توپلىمــدىن تەركىــب تاپقــان كىتــاب بولــۇپ، چىڭگىزخـــان بـــۇ ھۆكـــۈملەرنى يەھـــۇدىي، خرىستىئان، مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان قاتارلىق كــۆپ خىــل

---

① سۈرە مائىدە: 50- ئايەت.

مىللەتلەردىن قوبۇل قىلغان. چىڭگىزخان ئۇنى پەقەت ئۆزىنىڭ كۆز-قارىشى ۋە كۆڭلى خاھىشىغا تايىنىپلا تۈزۈپ چىققان بولۇپ، كېيىن ئۇ موڭغۇللارنىڭ قانۇنى بولۇپ قالغان. موڭغۇللار ئۇنى اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسىنىڭ ئالدىغا قويۇۋالغان). ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىم شۇنداق قىلسا، ئۇ شەكسىز كاپىردۇر. ئۇ اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىگە قايتىپ كەلمىگىچە، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ۋاجىب بولىدۇ. اللەنىڭ غەيرىنىڭ قانۇنى بىلەن ئازغىمۇ كۆپكىمۇ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ[①]».

موڭغۇللارنىڭ قىلمىشى بىلەن ئۇمەۋىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قىلمىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۇلار بىلەن بۇلاردىن سادىر بولغان قارشىلىقنىڭ «ھەجمى»گە ئالاقىدار بولماستىن، بەلكى، قارشىلىقنىڭ «تۈرى»گە ئالاقىدار بولىدى. يەنى ئۇمەۋىيىلەر شەرىئەتنى يولغا قويۇشتا خاتالىق (گۇناھ) سادىر قىلدى. موڭغۇللار بولسا اللەنىڭ قانۇنىنىڭ غەيرىنى قانۇن قىلىۋالدى.

* * * * *

ئەگەر بۇ ئىش كاللىدا ئايدىڭلاشقان ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ غەيرىنى قانۇن قىلىشنىڭ «لاإله الاالله»نى بۇزىدىغانلىقى ئېنىق بولغان بولسا، ئۇنداقتا، تۆۋەندە اللەنىڭ شەرىئىتىگە خىلاپ قانۇنغا-بىلىپ تۇرۇپ- رازى بولۇشنىڭ ئوخشاشلا «لاإله الاالله»نى بۇزىدىغانلىقىنى بايان قىلىمىز.

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ آمَنُوا بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنْزِلَ مِنْ قَبْلِكَ يُرِيدُونَ أَنْ يَتَحَاكَمُوا إِلَى الطَّاغُوتِ وَقَدْ أُمِرُوا أَنْ يَكْفُرُوا بِهِ وَيُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَنْ يُضِلَّهُمْ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾

---

① تەپسىر ئىبنى كەسىر 2-توم، 68-بەت (ئەرەبچە نۇسخىسى) [ئاپتوردىن].

«ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ.[1]»

﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجًا مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾

«(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ. [2]»

﴿مَا من نبي بعثه الله في أمة قبلي إلا كان له من أمته حواريون وأصحاب يأخذون بسنته ويقتدون بأمره، ثم إنها تخلف من بعدهم خلوف يقولون ما لايفعلون، ويفعلون ما لايؤمرون. فمن جاهدهم بيده فهو مؤمن. ومن جاهدهم بلسانه فهو مؤمن. من جاهدهم بقلبه فهو مؤمن. وليس وراء ذالك من الإيمان حبة خردل.﴾

«مەندىن ئىلگىرى الله ئەۋەتكەن ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتى ئىچىدە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ۋە ساھابىلىرى بولغان. ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى (چىڭ) تۇتۇپ، ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكەن. ئۇلاردىن كېيىن بىر تۈركۈم كىشىلەر مەيدانغا

---

① سۈرە نىسا: 60 ـ ئايەت.

② سۈرە نىسا: 65 ـ ئايەت.

كېلىدۇ. ئۇلار قىلمايدىغان ئىشنى دەيدۇ، بۇيرۇلمايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. كىمكى ئۇلارغا قولى بىلەن جىھاد قىلسا ئۇ مۇئمىندۇر، كىمكى ئۇلارغا تىلى بىلەن جىھاد قىلسا ئۇ مۇئمىندۇر، كىمكى ئۇلارغا قەلبى بىلەن جىھاد قىلسا ئۇ مۇئمىندۇر. ئۇنىڭ كەينىدە قىچىرنىڭ دانىسچىلىك ئىمان يوق.①»

﴿إنه يستعمل عليكم أمراء فتعرفون وتنكرون. فمن كره فقد برئ، ومن أنكر فقد سلم، ولكن من رضي وتابع﴾

«سىلەرگە (بىر تۈركۈم) ئەمىرلەر ھۆكۈمران بولىدۇ. (دەسلەپتە ئۇلارنى) ئېتىراپ قىلىسىلەر. (كېيىن ئۇلارنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇغاندىن كېيىن، ئۇلارنى) ئىنكار قىلىسىلەر. كىمكى ئۇلارنى ئۆچ كۆرسە (گۇناھتىن) پاك بولىدۇ. كىمكى (ئۇلارنى) ئىنكار قىلسا سالامەت قالىدۇ. بىراق، كىمكى ئۇلارغا رازى بولسا ۋە ئۇلارغا ئەگەشسە (ھالاك بولىدۇ).②»

بۇ مەسىلە قارىماققا ئىككى تەرەپلىك (يەنى ئىككى تەرەپكە چېتىلىدىغان) مەسىلىدەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق، ئۇ ماھىيەتتە بىرلا مەسىلىدۇر.

اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ غەيرىنى قانۇن قىلغۇچىلار اللە جاكارلىغانىنىڭ ئەكسىنى جاكارلاپ، اللە ئېلان قىلغانىنىڭ ئەكسىنى ئېلان قىلىپ، اللە ھالال قىلغاننى ھارام، اللە ھارام قىلغاننى ھالال قىلىپ، ئۆزىنى اللەنىڭ شېرىكى قىلىۋالغانلىقى (ئۆزىنى اللە بىلەن تەڭ ئورۇندا قويغانلىقى) ئۈچۈن «لاإله الاالله»نى بۇزغان بولىدۇ... ئەگەر ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ خىل قىلمىشى بىلەن «لاإله

---

① ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

الاالله»نى بۇزغان بولسا، ئۇنداقتا، مۇشۇ قىلمىشقا رازى بولغان، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەرمۇ ئوخشاشلا ئاشۇ قانۇن تۈزگۈچىلەرنى اللەنىڭ شېرىكى قىلىۋالغان ۋە بۇنىڭ بىلەن «لاإله الاالله»نى بۇزغان بولىدۇ (ئەمەلىيەتتە «لاإله الاالله» اللەنىڭ ھېچبىر شېرىكى ۋە تەڭدىشى بولماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ). چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن گويا: «اللە ئۇنداق دەپتىكەن، ماۋۇلار مۇنداق دېدى. بىز مۇشۇلارنىڭ اللەنى قويۇپ ئېيتقانلىرىغا رازى بولدۇق. اللە ھۆكۈم قىلىپ، ھالال ۋە ھارام قىلغان ئىدى. بۇلار ھۆكۈم قىلىپ، اللە ھالال قىلغاننى ھارام، ھارام قىلغاننى ھالال قىلدى. بىز بۇلارنىڭ ھۆكمىگە رازى بولدۇق ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق» دېگەندەك بولىدۇ.

تەبىئىيكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنداق دېمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە: «بىز ”ھاكىم شارائىتتا قاراپ شەرىئەتكە ئەمەل قىلىشنى بىكار قىلالايدۇ“ دەپ ئويلايتتۇق» دەيدىغانلار بار... ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە: «شارائىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن ھاكىم ھۆكۈملەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇ دېگەن رۇخسەت قىلىنغان ”ئىجتىھاد“نىڭ قاتارىدىن» دەيدىغانلار بار... ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە: «ھاكىمغا نېمە ئامال؟ ئۇمۇ مۇشۇنداق قىلىشقا ”مەجبۇر“. چۈنكى، ئۇ ئىسلام دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە ئەمەس» دەيدىغانلار بار... ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە... يەنە... نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىدىغانلار بار[①]...

بىز بۇ يەردە بۇنداق گۇمان ۋە پەرەزلەرنى تەھلىل قىلىپ،

---

① مەن بۇنداق يالغان-ياۋىداق گەپلەرگە «شەرىئەتنى يولغا قويۇش ھەققىدە» (حول تطبيق الشريعة) دېگەن كىتابىمدا يېتەلىك رەددىيە بەرگەن ئىدىم. خالىغانلار ئاشۇ كىتابقا مۇراجىئەت قىلسۇن! (ئاپتوردىن).

ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئۆزرىسى اللەنىڭ نەزىرىدە قوبۇل قىلىنىدۇ؟ قايسىسىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدۇ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئولتۇرمايمىز. چۈنكى، بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۇ گۇمان ۋە پەرەز ئىگىلىرىگە ھۆكۈم قىلىش ئەمەس. بەلكى، بىزنىڭ نىشانىمىز كىشىلەرنىڭ توغرا پوزىتسىيە ۋە توغرا مەۋقەگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئايدىڭلاشقان ھەقىقەت شۇكى، اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ غەيرىنى قانۇن قىلىۋېلىش ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىگە قارشى قانۇنلارغا رازى بولۇش «لاإلــه الاالله»نى بۇزىدۇ. بۇ مەسىلىدىكى ئەڭ ئاجىز ئىمان قەلب بىلەن جىھاد قىلىش بولۇپ، «كىمكى ئۇلارغا قەلبى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۇئمىندۇر». ئەگەر ئۇنىڭ قەلبى بىلەن جىھاد قىلىشتىن چوڭراق ئىمكانىيىتى تۇرۇپ، بۇ ئىمكانىيەتتىن تولۇق پايدىلانمىسا، ئۇنداقتا، ئۇ ئىمانىنى ساقلاپ قالغان ھالدا گۇناھكار بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، قەلبى بىلەن ئىنچىكە تۈردە جىھاد قىلىپ تۇرسىلا، ئىمان دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەڭ ئاجىز ئىمان ھېسابلانغان قەلب بىلەن ئىنكار قىلىش دېگەنلىك ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: «ئى الله! بۇ سەن رازى بولمايدىغان خاتالىق» دەپ قويۇپ، ئارقىدىنلا، ئۇنى بىمالال قىلىۋېرىش ئەمەس. بەلكى، ئىمام غەززالى ئېيتقاندەك «ئىنسان خاتالىققا مەجبۇر قىلىنمىسىلا، ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئورتاقلاشماسلىق ۋە قاتناشماسلىقتۇر!».

* * * * *

اللەنىڭ قانۇنىنىڭ غەيرىنى قانۇن قىلىۋېلىش مەسىلىسىگە ئالاقىدار يەنە بىر ئىش بار... ئۇمۇ ئوخشاشلا «لاإلــه الاالله»نى

بۇزىدۇ. ئۇ بولسا دىننى ھاياتتىن يىراقلاشتۇرىدىغان ياكى ئۇنى تار بىر بۇلۇڭغا چەكلەپ قويىدىغان كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم، ئەلمانىزم، مىللەتچىلىك، دېموكراتىيە... قاتارلىق ئېقىملارنىڭ بىرەرىگە ئېتىقاد قىلىش.

كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزم ئېقىملار مەيدانىدا ئوچۇق «يېمىرىلگەن»دىن كېيىن، بۇگۈن ئۇنى بايان قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق... گەرچە ئىسلام خىزمىتىدە مىنىڭ رەھبىرىم ھېسابلىنىدىغان بىرى ـ الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!ـ چەكتىن ئاشقان ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن: «"لاإله الاالله" دېگەن كىشى گەرچە كوممۇنىست بولسىمۇ، ئۇنى كاپىر دېمەيمىز» دەپ مېنى ھەيران قالدۇرغان بولسىمۇ!... الله بۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن ۋە ئۇنى مەغپىرەت قىلسۇن!...

شۇنداق! كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزم بايان قىلىشقا مۇھتاج ئەمەس...

بىراق، ئەلمانىزم، مىللەتچىلىك ۋە دېموكراتىيە ھەققىدە كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى يېتەرلىك ئەمەس[1]... شۇڭا ئۇ بىر ئاز بايان ۋە چۈشەندۈرۈشكە مۇھتاج!...

ئەلمانىزم دىنغا قارشى چىقمايدىغان ۋە دىن بىلەن ئۇرۇشمايدىغان، بەلكى، پەقەت دىننى سىياسەتتىن ئايرىۋېتىدىغان بەلگىلىك دەۋاغا ئىگە ئېقىم.

سىياسەتتىن؛ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىدىيىۋى مۇئەسسەلەر ھۆكۈمرانلىقىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان دىن گەرچە نام جەھەتتە دىن دەپ ئاتالسىمۇ، بىراق، ئۇ ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر

① «ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيىۋى ئېقىملار» ناملىق كىتابقا قاراڭ! (ئاپتوردىن).

ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان دىن ئەمەس. اللە تونۇشتۇرغان دىن تېخىمۇ ئەمەس.

﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، لَا شَرِيكَ لَهُ...﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر..."[1]»

بۇ دىن بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ۋە ئىمانىي تەلەپ، ئىبادەتتىكى تەلەپ، شەرىئەتتىكى تەلەپ، ئەخلاقىي تەلەپ، ئىدىيۋى تەلەپ، مەدەنىيەتتىكى تەلەپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى تەلەپ... دەپ ئاتىغان «تەلەپلەر»گە ئىگە دىندۇر... ھەر قايسى ئېقىملار بۇ دىننى نوقۇل ئىمانىي تەلەپ ياكى ئىبادەتتىكى تەلەپ ۋەياكى ئەخلاقىي تەلەپ ئىچىگىلا چەكلەپ قويۇپ، باشقا تەلەپلەر، بولۇپمۇ شەرىئەت تەلىپىدىن دىننى ئايرىۋەتمەكچى بولىدۇ. بۇ «لاإلــه الاالله»غا پۈتۈنلەي خىلاپتۇر. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا بۇ دىن ھەرگىزمۇ اللە ئىنسانلارغا نازىل قىلغان دىننىڭ ئۆزى ئەمەس... بولۇپمۇ شەرىئەتتىكى تەلەپتىن دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، «دىننىڭ شەرىئەت تەلىپى» ئىمانىي شەكىللەندۈرىدىغان ئۈچ چوڭ يېلتىزنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئۈچىنىڭ ھەممىسى ياكى بىرى بۇزۇلغان چاغدا، ئىماندىن ھېچنەرسە قالمايدۇ.

ئەلمانىيلار شەرىئەتنى يولغا قويۇشقا جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرسىلا، بۇ دىننى تۈپتىن يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى

---

[1] سۈرە ئەنئام: 162 ـ 163 ـ ئايەتلەر.

ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. گەرچە ئەلمانىيلار ساختىا كۆلكىسى بىلەن كىشىلەرگە: «بىز دىنغا قارشى تۇرمايمىز» دېسىمۇ، بىراق، ئۇلار دىنىنىڭ شەرىئەت تۈتقىسىنى بۇزۇپ تاشلىسىلا، شۇنىڭدىن كېيىن باشقا تۈتقىلارنىڭ ئۆزلىكىدىن بۇزۇپ تاشلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، «ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلى ھۆكۈمرانلىقنى بۇزۇش، ئاخىرقىسى بولسا نامازنى بۇزۇشتۇر».

ئەمما، مىللەتچىلىك، بولۇپمۇ ئەرەب مىللەتچىلىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلار: «ئىنسانىنىڭ مىللىتىنى قوغدىشى ۋە مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى بىلەن دىنىنى قوغدىشى ۋە دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ئوتتۇرىسىدا قانداق قارشىلىق بار؟» دېيىشىدۇ. مىللەتچى ئەرەبلەرنىڭ قارىماققا توغرىدەك كۆرۈنىدىغان، بىراق، ماھىيىتى باتىل بولغان مۇنداق بىر دەۋاسى بار: ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنى يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقاتتى. ئىنسانىنىڭ دىنىدىن پەخىرلىنىشى بىلەن ئەرەب بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىشى ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بار؟

ئىنسانىنىڭ ئەرەب ياكى تۈرك ياكى ھىندى ياكى الله خالىغان بىر مىللەت بولۇشى مەلۇم بىر زېمىندا ئولتۇراقلاشقان، مەلۇم بىر تىلدا سۆزلەيدىغان مۇئەييەن بىر قەۋم ئىچىدە تۇغۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. بۇ مەسىلە ئىنسان ئىرادىسىگە بېقىنمايدۇ. ئىسلامنىڭ بۇ مەسىلە بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق. شۇڭا، ئىسلام ھېچبىر كىشىگە: «سەن پالانى مىللەتكە تەۋە بول» دېمەيدۇ. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامدا «سەلمان پارىسى» دەپ ئاتالدى. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «سۇھەيب رۇمى» دەپ ئاتالدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا «بىلال ھەبەشى» دەپ

ئاتالـدى. گەرچە ئۇلارنىـڭ ئىرقـى، تىلـى ۋە كېلىـپ چىقىـشى ئوخشىمىسىمۇ، بىـراق، بـۇ تەۋەلىكلەرنىـڭ ئـۆزى ئىـسلام بـويىقى بىلەن بويالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى. شۇڭا بــۇ تەۋەلىكــلەر بىــر مۇســۇلماننى يەنە بىــر مۇســۇلماندىن يىراقلاشتۇرىدىغان ياكى بىـر ـ بىرىـدىن ئايرىـدىغان ياكـى ئۇنىـڭ قەلبىــدە ئىــسلامغا خىــلاپ بىــر نەرســە بىــلەن پەخىرلىنىــشنى قوزغايدىغان «توسۇق» بولۇپ قالمىدى.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا ادْخُلُوا فِي السِّلْمِ كَافَّةً﴾

«ئى مۇئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىـڭ پۈتـۈن ئەھكاملىرىغـا بويـسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغـا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار).[1]»

يەنى بارلىقىڭلار بىلەن كىرىڭلار، سىلەردىن ھەر بىـر كىـشى بارلىقى بىلەن كىرسۇن... بارلىق مەۋجۇدىيىتى بىلەن كىرسۇن... ئۇنىڭدىن ھېچبىر نەرسە دىنىنىڭ سىرتىدا قالمىسۇن... ئۇلارنىـڭ ھەممىـسى مۇسـۇلمان بولـدى. ئۇلارنىـڭ ھەممىـسى «لاإلــه الاالله» بـايرىقى ئاسـتىدا بىـر سـەپ بولـۇپ تـۇردى. ئۇلارنىـڭ ھەممىـسى ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىرلا بايراققا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى.

﴿إِنَّ هَذِهِ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَأَنَا رَبُّكُمْ فَاعْبُدُونِ﴾

«(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىنـدۇر. مەن ســـىلەرنىڭ پەرۋەردىگـــارىڭلاردۇرمەن، مـــاڭىلا ئىبـــادەت قىلىڭلار.[2]»

بۇنىڭدا ھېچقانداق زىيان كۆرۈلمىدى...

---

① سۈرە بەقەرە: 208 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەنبىيا: 92 ـ ئايەت.

ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئوتتۇرىسىنى ئىسلام بىرلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، نىجىس يەھۇدىي بۇ ئىككى قەبىلە ئوتتۇرىسىدا بۆلگۈنچىلىك ۋە دۈشمەنلىك پەيدا قىلىش ئۈچۈن كونا قەبىلىۋىي ئاداۋەتنى ئۇلارنىڭ ئېسىگە سېلىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قېشىغا غەزەبلەنگىنىچە چىقىپ كەلدى-دە: «مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تۇرسام، سىلەر جاھىلىيەتنىڭ دەۋالىرىنى قىلىۋاتامسىلەر؟ قويۇڭلار ئۇنى، ئۇ دېگەن بىر سېسىق دەۋا...» دېدى.

مانا بۇ مىزان... مانا بۇ ئۆلچەم...

بۇ ئۆلچەمدە بۈگۈنكى مىللەتچىلىكنىڭ ئورنى قەيەردە؟ بۇ مىللەتچىلىك الله ئۈچۈنمۇ؟ ئىسلام ئۈچۈنمۇ؟ ياكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز-ئارا بۆلۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆچ-ئاداۋەتنى قوزغاش ئۈچۈنمۇ؟

اللەنىڭ مىللەتچىلىك ھەققىدىكى ھۆكمى نېمە؟ بۇ مىللەتچىلەر: «پاكىستانلىق مۇسۇلمانغا قارىغاندا خرىستىئان ئەرەبنى بەكرەك ياخشى كۆرىمەن» دېيىشىدۇ.

مۇسۇلمانلار قارىمامدۇ؟... ئىسلام دۈشمەنلىرى بىر گەۋدە بولۇپ ياشاۋاتقان «ئۇيۇشقاق» مۇسۇلمانلارغا تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن، ئۇلارنى چېچىلاڭغۇ ۋە «ئۇرۇشقاق» مۇسۇلمانلارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مىللەتچىلىك خاھىشىنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسۇلمانلارنى بۆلۈش، پارچىلاش ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىش مەقسىتىگە يەتتى.

بەس!... يېتەر ئەمدى!... سەن يەنە بۇ خىل مىللەتچىلىكنىڭ «لاإلــه الاالله»نى بۇزۇپ، سېنى ئىماندىن

چىقىرىپ تاشلايدىغانلىقىدىن گۇمانلىنامسەن؟!

* * * * *

دېموكراتىيە چوڭ بىر پىتنىدۇر!

كۆپلىگەن دەۋەتچىلەر ئىلگىرى سوتسىيالىزم پىتنىسىگە چۈشۈپ قالغاندەك، بۈگۈن دېموكراتىيە پىتنىسىگە چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ.

مەن بۇ دەۋەتچىلەرنىڭ ئىخلاسمەنلىكىدىن گۇمانلانمايمەن. ئۇلارنى ئاقلاپمۇ كېتەلمەيمەن. بىراق، شۇنى ئۇچۇق ئېيتىمەنكى، ئۇلار دېموكراتىيىگە ئالدىنىپ، ئۇنى ئىسلامغا خىزمەت قىلدۇرىمىز دەپ خام-خىيال قىلىۋاتىدۇ. دېموكراتىيە بىلەن الله ئىسلام ئۈممىتىگە بەلگىلىگەن «شۇرا» (ئۆز-ئارا كېڭىشىش) ئوتتۇرىسىدىكى سىرتقى ئوخشاشلىق سەۋەبىدىن، ئۇلارغا ئىش ئارىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «ئىسلام بىلەن دېموكراتىيە -ئىككىسى- بىر نەرسە ياكى بىر تاۋاقتا ئارىلاشتۇرغىلى بولىدىغان ئوخشاشلىق خۇسۇسىيەتلىك ئىككى نەرسە» دەپ ئويلاۋاتىدۇ.

مېنىڭچە كىشىلەر دېموكراتىيىنى «ئىسلام روھىنىڭ تەدبىقلانغان سۈرىتى» دەپ ئويلاپ قالغۇدەك دەرىجىدە كىشىلەرنى دېموكراتىيىگە ئەڭ بەك جەلىپ قىلغان نەرسە دېموكراتىك تۈزۈمدە خەلقنىڭ هۆكۈمەتنى نازارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن هېساب ئېلىش هوقۇقىغا ئىگە بولغانلىقى ۋە دېموكراتىيىنىڭ دۆلەت ئالدىدا خەلقنىڭ هوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلغانلىقىدۇر. بۇ دەۋەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈرگۈن قىلىنىش، ئازاپلىنىش ۋە ئۆلتۈرۈلۈش

پاجىئەسىگە دۈچ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ۋاي ئىست! بىزنىڭمۇ دەۋەتنى ۋە دەۋەت ساھىبلىرىنى زۇلۇم ۋە ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قوغدايدىغان دېموكراتىك تۈزۈمىمىز بولسىچۇ كاشكى!» دېيىشىدۇ.

بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن دېموكراتىيىگە ئالدىنىپ قېلىشنى ئاقىلغىلى بولمايدۇ.

ھەقىقەتەن مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتىدا ئۇنىڭ ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان تۈپ مەسىلە مەۋجۇت... ئۇ بولسا «مەئبۇد كىم؟» مەسىلىسىدۇر. مەئبۇد اللهمۇ ياكى اللهدىن ئايرىلغان ۋەياكى الله بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن باشقا ئىلاھلارمۇ؟ مانا بۇ مەسىلىدىن يەنە بىر مۇھىم مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ مەسىلىنىڭ ئىمان بىلەن بولغان باغلىنىشچانلىقى ھەرگىزمۇ «مەئبۇد كىم» مەسىلىسىدىن تۆۋەن ئەمەس... ئۇ بولسا «قانۇن تۈزگۈچى كىم؟» دېگەن مەسىلىدۇر.

«مەئبۇد كىم؟» دېگەن مەسىلىنى بايان قىلىش ئۈچۈن دېموكراتىيىدە «ئېتىقاد ئەركىنلىكى» نامى ئاستىدا ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ ئاساسى قانۇنىنىڭ «ئاتېئىزىم ھوقۇقى»غا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتسەكلا كۇپايە.

ئەمما، «قانۇن تۈزگۈچى كىم» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، دېموكراتىيىدە ھالال ۋە ھارام قىلىش ھوقۇقىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ مەنبەسى بولغان «خەلق» ۋە خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان پارلامېنت ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ بىر يالغان دەۋا بولۇپ، ھەقىقى ئېغىرلىق مەركىزى (كونترول قىلغۇچى كۈچ)

يەنىلا كاپىتالىستلاردۇر. ئۇلار پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ، ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. پەردە ئالدىدا بولسا «كومىدىيە» ئوينايدۇ. بۇ كومېدىيىنىڭ نامى «ۋەكىللەر مەجلىسى»، «تاللاش ئەركىنلىكى» ۋە «سۆز ئەركىنلىكى①»دۇر. بىراق، بىز نەزىرىيە جەھەتتىن «پارلامېنت ئەڭ يۇقىرى قانۇن چىقىرىش ئورگىنى، ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمى (قارارى)نى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ» دەپ قارىساق، ئۇنداقتا، ئەگەر بۇ ئورگان پاھىشىنى قانۇنلۇق دەپ قارار چىقارسا ـ ئەمەلىيەتتە پاھىشىنى قانۇنلۇق دەپ قارار چىقىرىپ بولدى ـ شۇ چاغدىمۇ بۇ قارارنى مۇسۇلمان قوبۇل قىلىش كېرەكمۇ؟

مانا بۇ يەرگە كەلگەندە دېموكراتىيىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان دەۋەتچىلەر: «ياق!... ياق!... بىز قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئاساس قىلىدىغان، يېڭىلىنىۋاتقان مەسىلىلەردە شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە رىئايە قىلغان ھالدا ئىجتىھاد قىلىدىغان ئىسلامىي شۇرانى مەقسەت قىلىۋاتىمىز» دەيدۇ.

شۇنداق! مەنمۇ ئۇلارنىڭ شۇنى مەقسەت قىلىۋاتقانلىقىدىن گۇمانلانمايمەن.

بىراق، مەن ئۇلارغا سەمىمىلىك شۇنداق دەيمەنكى، ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ تەشەببۇس قىلىۋاتقىنى دېموكراتىيە ئەمەس، بەلكى، ئىسلام. ئىسلامنىڭ «ئىسلام» دېگەندىن باشقا نامى يوق! (ئىسلامنى الله ئاتاپ بەرگەن توغرا نامى بىلەن ئاتايلى!).

سەن يەر شارىنىڭ قايسى بىر يېرىدىكى دېموكراتىك تۈزۈمنى

---

① ئاپتورنىڭ «ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيىۋى ئېقىملار» ناملىق كىتابىنىڭ «دېمۇكراتىيە» دېگەن بۆلۈمىگە قارالسۇن! (ئاپتۇردىن).

ياقىلغۇچىغا: «بىز دېموكراتىيىنى يولغا قويماقچىمىز، بىراق، بىز هاراقنى چەكلەيمىز» دېسەڭ، ئۇ دەرھال ساڭا: «ياق، بۇ دېگەن شەخسنىڭ ئەركىنلىكىگە تەۋە ئىش، ئاساسى قانۇن بۇنىڭغا يول قويمايدۇ» دەيدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا: «بىز دېموكراتىيىنى يولغا قويماقچىمىز، بىراق، بىز ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشىنى بەلگىلەيمىز» دېسەڭ، ئۇ دەرھال ساڭا: «سېنىڭ بۇنداق ھوقۇقۇڭ يوق، ئاساسى قانۇن سەخسى ئەركىنلىكنى قوغدايدۇ» دەيدۇ.

ئەگەر سەن ئۇنىڭغا: «بىز دېموكراتىيىنى يولغا قويماقچىمىز، بىراق، بىز دىنى تەلىم-تەربىيىگە رېئايە قىلىمىز، جازانىنى بىكار قىلىمىز، زىنانى چەكلەيمىز، ئاخبارات ۋاستىلىرىنى بۇزۇۋقچىلىق ۋە ئاتېئىزىمنى تارقىتىشتىن توسىمىز» دېسەڭ، ئۇ دەرھال ساڭا: «دېموكراتىيە دېگەن سېنىڭ ئەقلىڭگە كەلگىنى بويىچە بولمايدۇ. دېموكراتىيىدە خەلقنىڭ ئىرادىسىدىن باشقىغا رېئايە قىلغىلى بولمايدۇ. سەن خەلقنى رازى قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارغا ھېچنەرسىنى بەلگىلىيەلمەيسەن» دەيدۇ.

بۇ چاغدا ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ ھالبۇكى، الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ﴾

«الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر-ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا

بولمايدۇ).[1]»

مەن دېموكراتىيىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان دەۋەتچىلەرگە سەممىيلىك بىلەن شۇنداق دەيمەنكى، بۈگۈن يەر شارىدا مەۋجۇت بولغان بۇ خىل سۈرەتتىكى دېموكراتىيە ھەرگىزمۇ ئۇلارنى ئىسلامغا يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن رىئايە قىلىش پرىنسىپى جەھەتتىن الله تەرەپتىن كەلگەن تەلىماتلارغا تۈپتىن قارشى كېلىدۇ. بەلكى، دېموكراتىيە تۇنجى بولۇپ «اللەنىڭ پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىش»نى چۆرۈپ تاشلىدى.

ئۇلارغا سەممىيلىك بىلەن يەنە شۇنداق دەيمەنكى، دېموكراتىيە يەنە بىر تەرەپتىن ھەرگىزمۇ ئۇلارنى ئىسلامغا يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، دېموكراتىيە «ئويۇنى»غا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىلار زېمىندىكى ھەر قانداق بۇزۇقچىلىق ئۈچۈن ئىشىكلەرنى كەڭرى ئېچىۋېتىدۇ. بىراق، بۇ ئىشىكلەرنى ئىسلام ئۈچۈن ھەرگىز ئاچمايدۇ. ئالجىرىيە مەسىلىسى ھېلىھەم ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. ئىنسانلاردىن قايسى بىر گۇرۇھ پارلامېنتتا يۇقىرى ئاۋازغا ئېرىشسە، ھوقۇقنى يۈرگۈزەلەيدۇ. ئەمما، ئىسلام پائالىيەتچىلىرى مەيلى قانچىلىك يۇقىرى ئاۋازغا ئېرىشسۇن، ئۇلار ھەرگىزمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

شۇڭلاشقا، بىز ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا دادىل بولايلى! بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئىسلام... ئىسلامنىڭ «ئىسلام» دېگەندىن باشقا نامى يوق.

بۇ دەۋەتچىلەر «ئەگەر بىز دېموكراتىيىنىڭ قالپىقىنى كىيىپ،

---

[1] سۈرە ئەھزاب: 36 ـ ئايەت.

”سالاھىيتىمىز“نى يوشۇرساق، خاتىرجەم ئۆتۈپ كېتەلەيمىز» دەپ ئويلاپ قالمىسۇن! ھەرگىز ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىتنىڭ پۇراش سېزىمى بەك كۈچلۈك. يىراقتىنمۇ پۇراپ تاپالايدۇ.

﴿فَاصْدَعْ بِمَا تُؤْمَرُ وَأَعْرِضْ عَنِ الْمُشْرِكِينَ﴾

«ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار(نىڭ مەسخىرىلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن.[1]»

* * * * *

«لاإله الاالله»نى بۇزىدىغان ئامىللار ھەققىدە يەنە بىر مەسىلە بولۇپ، ئۇ اللهنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دوستلىشىش مەسىلىسىدۇر.

﴿لَا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآَخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَوْ كَانُوا آَبَاءَهُمْ أَوْ أَبْنَاءَهُمْ أَوْ إِخْوَانَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ أُولَئِكَ كَتَبَ فِي قُلُوبِهِمُ الْإِيمَانَ وَأَيَّدَهُمْ بِرُوحٍ مِنْهُ وَيُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ أُولَئِكَ حِزْبُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ حِزْبَ اللَّهِ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

«اللهغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـ ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان

---

① سۈرە ھىجر: 94 ـ ئايەت.

روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، اللە ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، اللە ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، اللەدىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار اللەنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، اللەنىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.①»

گەرچە قۇرئان ئايەتلىرى بۇ مەسىلىدە شۇ قەدەر ئېنىق ۋە كەسكىن بولسىمۇ، بىراق، ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى بىر تەرەپتىن، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە قىلغان سۇيىقەستى يەنە بىر تەرەپتىن ـ بۇ ئىككىسى ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا مەسىلىنىڭ كەسكىنلىكىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى ھەمدە مۇسۇلمانلارنى بۇ خىل كەسكىنلىك ئۆتمۈشتە مۇئەييەن شارائىت سەۋەبىدىن شۇنداق بولغان، ھازىر دەۋر ئۆزگەردى، بۈگۈنكى دۇنيادا مەسىلىنىڭ بۇنداق كەسكىن بولۇشىنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى قالمىدى دېگەن گۇمانغا كەلتۈرۈپ قويدى.

دۇنياۋىيلىق... ئىنسانپەرۋەرلىك... بىر كەنت...

بىر كەنت ئاۋازىنى ئاڭلىساملا، بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادا داۋاملىشىۋاتقان ۋەھشىيانە كۆرۈنۈشلەر، ۋەھشىيانە كۆرۈنۈشلەر ئالدىدا پۈتكۈل دۇنيانىڭ تاماشىبىن سۈپىتىدە خاتىرجەم ھالدا «ئويۇن» كۆرۈپ تۇرۇشى، بەلكى، زوراۋاننى جازالاشقا قارشى مەيداندا چىڭ تۇرۇشى، مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى قاتارلىق ئازاپلىق كۆرۈنۈشلەر خاتىرەمدە ئەكس ئېتىدۇ... بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى «يېڭى دۇنياۋى

---

① سۈرە مۇجادەلە: 22 ـ ئايەت.

تەرتىپ» سايىسىدا «بىر كەنت» ئىچىدە يۈز بېرىۋاتىدۇ.

بىر كەنتتىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تەۋەلىكى ۋە ئوبرازى بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ... بىراق، مۇسۇلمانلارغىلا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مەۋجۇدىيەت ئىچىدە ئاسمىلاتسىيە بولۇپ كېتىشى ۋە ھەممە كىشى بىلەن دوست بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەتتا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، قورساقلىرىنى يېرىۋاتقان، بۇرۇن-قۇلاقلىرىنى كېسىپ تاشلاپ، ئىززەت-ئابرۇيىنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلارغىمۇ دوستلۇق ئىزھار قىلىشى كېرەك. بولمىسا مۇسۇلمانلار «مۇتەئەسسىپ» بولۇپ قالىدۇ.

بوزەك قىلىنغانلار، روھى جەھەتتە مەغلۇب بولغانلار ۋە خارلىق ئىچىدە ئاسمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەنلەر مۇنداق دەپ ۋارقىرماقتا: بىرەر كىشى سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلار، ئىدىيەڭلار، ھەتتا، تۇيغۇلىرىڭلاردىكى «مۇتەئەسسىپلىك» ئىپادىلىرىنى بىلىپ قالمىسۇن. بولمىسا ئەيىب بولىدۇ. ھازىر ئىنسانلار بىر كەنت ئاھالىسىدەكلا بولۇپ قالدى. سىلەر «دۇنياۋىي تەرتىپ»كە قارشىلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، بولمىسا «مۇتەئەسسىپ» دېگەن تۆھمەتكە قالىسىلەر. ئىسلام دىنى كەڭ قورساقلىقنىڭ دىنى. شۇڭا، مۇسۇلمانلار دۇنيا ئىنسانىيىتىنىڭ ئۇلاردىن رازى بولۇشى ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنياغا ئىسلامىي ئالىيجانابلىقنىڭ سەھىپىلىرىنى كەڭرى يايدى.

﴿وَلَنْ تَرْضَى عَنْكَ الْيَهُودُ وَلَا النَّصَارَى حَتَّى تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ﴾

«سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ.①»

① سۈرە بەقەرە: 120 - ئايەت.

﴿وَلَا يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّى يَرُدُّوكُمْ عَنْ دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُوا﴾

«ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ.[1]»

توغرا، ئىسلام كەڭ قورساقلىقنىڭ دىنى، ھەرگىزمۇ خارلىقنىڭ دىنى ئەمەس...

ئىسلام ئىنسانىيەت تارىخىدىكى باشقا دىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ھۆرمەتلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ دىنى سەۋەبلىك ئۇلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلمىغان يىگانە دىندۇر. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا كىرگەن چاغدا، خرىستىئان دىندىكى شاملىقلار ئەبۇ ئۇبەيدىگە: «سىلەر بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىساڭلارمۇ، بىزگە ئۆزىمىزنىڭ دىندىكىلەردىن كۆپ مېھرىبان ئىكەنسىلەر» دېگەن ئىدى. ياۋروپا خرىستىئانلىرى يەھۇدىيلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىسلام ئېلى ئەندەلۇستىن باشقا جايدا ئۆزىگە ماكان تاپالمىدى. ئەندەلۇس (ئىسپانىيە) يىمىرىلگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلار خرىستىئانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە تۈركىيىگە كۆچۈپ كەلدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئۇلارغا ئۆز زېمىنىدىن جاي بەردى. كېيىن ئۇلار سىلانىكقا كۆچۈپ، شۇ يەردە ياشىدى. ئاخىرى ئۆزىگە جاي بەرگەن دۆلەتنى يوقۇتۇش، خاراب قىلىش، پارچىلاش، دۆلەت ۋە دىنىنىڭ ئىزناسىنى ئۆچۈرۈش ئارقىلىق ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە ناھايىتى ياخشى «جاۋاب» قايتۇردى.

---

[1] سۈرە بەقەرە: 217 ـ ئايەت.

توغرا، ئىسلام كەڭ قورساقلىقنىڭ دىنى... بىراق، بۇ كەڭ قورساقلىق ئىمان بىلەن شەرەپلەنگەن، ھىدايەت يولىنى بىلىدىغانلىقى، ئازغۇنلار ۋە تېڭىرقاپ قالغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، بەلكى، تەقۋادار مۇئمىنلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىدىغانلىقى بىلەن پەخىرلەنگەن ئىززەت ئىچىدە بولىدۇ.

ئىسلام دىنى بۇ دىنغا كىرمىگەنلەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. بىراق، ياخشىلىق قىلىنغۇچىلار تاجاۋۇزچى بولماسلىقى شەرت.

﴿لَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ أَنْ تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ، إِنَّمَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ قَاتَلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَأَخْرَجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ وَظَاهَرُوا عَلَى إِخْرَاجِكُمْ أَنْ تَوَلَّوْهُمْ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾

«(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، اللە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، اللە ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. اللە دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر.①»

مۇسۇلمانلار بۇگۈن بوزەك قىلىنىۋاتىدۇ. يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كىشىلەر ئۇلارنى بۆلەك-تالاڭ قىلىۋاتىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ رەددىيە قايتۇرۇشقا كۈچى يەتمەيۋاتىدۇ... ئاجىزلىق

---

① سۈرە مۇمتەھىنە: 8-9- ئايەتلەر.

هالەتتە اللە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئاداۋەتنى ئاشكارا قىلماسلىقىغا رۇخسەت قىلدى. بىراق، ئۇلارغا دوستلۇق ئىزهار قىلىشقا رۇخسەت قىلمىدى... دۈشمەنلىكنى ئاشكارا قىلماسلىق ئايرىم بىر ئىش، ئۇلارغا دوستلۇق ئىزهار قىلىش ئايرىم بىر ئىش... دوستلىشىش قەلبنىڭ مۇھەببىتىنى، ھەمكارلىقنى ۋە ياخشى كۆرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ... بۇ خىل مۇناسىۋەت پەقەت مۇئمىنلەر ئوتتۇرىسىدىلا بولۇشى كېرەك.

﴿لَا يَتَّخِذِ الْمُؤْمِنُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ الْمُؤْمِنِينَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَلَيْسَ مِنَ اللَّهِ فِي شَيْءٍ إِلَّا أَنْ تَتَّقُوا مِنْهُمْ تُقَاةً وَيُحَذِّرُكُمُ اللَّهُ نَفْسَهُ وَإِلَى اللَّهِ الْمَصِيرُ﴾

«مۇئمىنلەر مۇئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ اللەنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزهار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. اللە سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي اللەنىڭ دەرگاھىدۇر.[1]»

شۇنداق، اللە سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ. چۈنكى، اللە كۆڭۈللەردىكىنى، شەيتاننىڭ كۆڭۈللەرگە كىرىش ئېغىزلىرىنى، شەيتاننىڭ ئاجىزلىق ۋە قورقۇنچاقلىق دەرۋازىسىدىن كۆڭۈللەرگە قانداق كىرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. شەيتان: «سىلەر كاپىرلارنىڭ ئەزىيىتىگە ئۇچرىماسلىقىڭلار ۋە ئۇلاردىن خاتىرجەم بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن دوستلاشساڭلار سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ» دەپ مۇئمىنلەرنى ئالدايدۇ.

ياق!... ياق!... ئاجىزلىق ھالەتتىمۇ كاپىرلار بىلەن

① سۈرە ئال ئىمران: 28- ئايەت.

دوستلىشىشقا بولمايدۇ... كاپىرلارغا رەددىيە قايتۇرۇشقا قادىر بولالمايدىغان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن پەقەت ئۇلارغا دۈشمەنلىكنى ئاشكارا ئىپادىلىمەسلىككە، ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويماسلىققىلا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئەمما، قەلبتىكى دوستلۇق ھەرگىز دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئۇ «لاإله الاالله»نى بۇزىدۇ. مۇئمىننى اللەنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان روھىي (پىسخىكىۋىي) توسۇقنى ئېرىتىپ تاشلايدۇ. ئاندىن مۇئمىن كاپىرلارغا مايىل بولىدۇ. نەتىجىدە دىنىنى ئۇنتۇپ، شۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

﴿الَّذِينَ يَتَّخِذُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ الْمُؤْمِنِينَ أَيَبْتَغُونَ عِنْدَهُمُ الْعِزَّةَ فَإِنَّ الْعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا، وَقَدْ نَزَّلَ عَلَيْكُمْ فِي الْكِتَابِ أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ آيَاتِ اللَّهِ يُكْفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ بِهَا فَلَا تَقْعُدُوا مَعَهُمْ حَتَّى يَخُوضُوا فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ إِنَّكُمْ إِذًا مِثْلُهُمْ إِنَّ اللَّهَ جَامِعُ الْمُنَافِقِينَ وَالْكَافِرِينَ فِي جَهَنَّمَ جَمِيعًا﴾

«ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ؟ (يەنى كۇففارلارنىڭ دوستلۇقىدىن ئىززەت ۋە غەلىبە تىلەمدۇ؟) ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ ھەممىسى اللەغا خاستۇر. اللە كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر اللەنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى اللەنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر، اللە ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ[1]»

① سۈرە نىسا: 139 ـ 140 ـ ئايەتلەر.

اللە قەلبىنىكى دوستلۇققا رۇخسەت قىلمىغان يەردە، ئۇلار بىلەن ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىق ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش مەقسىتىدە ھەمكارلىشىشقا قانداقمۇ رۇخسەت قىلسۇن؟!

* * * * *

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى **«لاإله الاالله»نى بۇزىدىغان ئامىللار** بولۇپ، ھازىرقى دەۋرىمىزدە كۆپلىگەن كىشىلەر بىلمەستىن ئۇنىڭغا چۈشۈپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ـ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ اللە «ئەقتاب» ۋە «ئەبدال»لارنى ئۆزىنىڭ ھۆكمىگە شېرىك قىلغان ياكى زېمىننىڭ ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆز مەئرىپىتى بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئۇلارغا تاپشۇرغان ياكى مەخلۇقاتلار تەدبىرسىز ۋە غايىسىز تاسادىپى پەيدا بولغان، ھەممە نەرسىنى «تەبىئەت» ياراتقان، تەبىئەتنىڭ يارىتىش قۇدرىتى چەكسىز، شامال، يامغۇر، ئىسسىق، سوغۇق، يانار تاغ، يەر تەۋرەش قاتارلىقلار «تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى» بويىچە بولىدۇ، بۇنىڭدا اللەنىڭ ئىرادىسى يوق... دەپ ئېتىقاد قىلىشتەك **ئەقىدىنى بۇزىدىغان ئامىللار** مەۋجۇت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دۇئا قىلىش، ياردەم تەلەپ قىلىش، مەدەت تىلەش، نەزىر قىلىش، قۇربانلىق قىلىش قاتارلىق اللەنىڭ غەيرىگە قىلىش دۇرۇس بولمايدىغان ھەر تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى باشقىلارنىڭ ئەمەس، ھەتتا، ئۆزىنىڭمۇ قىلچىلىك پايدا ـ زىيىنىغا ئىگە بولالمايدىغان ئۆلۈكلەرگە يۈزلەندۈرۈشتەك... **ئىبادەتنى بۇزىدىغان ئامىللار** مەۋجۇت.

ئەگەر بىز بۇ «لاإلــــه الاالله»نى بۇزىدىغان، ئەقىدىنى بۇزىدىغان ۋە ئىبادەتنى بۇزىدىغان ئامىللارنى بىر يەرگە

جەملىسەك، ئۇنداقتا، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا «لاإلــه الاالله»نى قاپلاپ تۇرغان يوغان بىر «دۆۋە» ھاسىل بولىدۇ. «لاإله الاالله»غا ئۇنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدىكى تەسىر كۆرسەتكۈچى جانلىق ئېنېرگىيىسىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن بۇ «دۆۋە»نى يوقىتىشقا ۋە «لاإله الاالله»نى سۈزۈلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى ۋەزىپىسىدۇر.

@ @ @ @ @

# ئىسلام ئۆيغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەجبۇرىيىتى

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى بۇندىن ئىلگىرىكى ھېچبىر «ئىسلاھات ھەرىكىتى» دۇچ كېلىپ باقمىغان مۇشەققەتلىك ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى... بۇنداق «دۆۋە» تارىختىن بۇيانقى ھېچبىر مەزگىلدە بۇنداق ئومۇمىي شەكىلدە ۋە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى دائىرىسىدە جۇغلىشىپ قالغان ئەمەس.

شۇنداق، ئۆتمۈشتە مۇسۇلمانلار كۆپلىگەن خاتالىقلارنى سادىر قىلغان. خاتالىق سادىر قىلغۇچىلار خاتالىقى سەۋەبلىك ئالماشمايدىغان، ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ھېچبىر كىشىگە يان باسمايدىغان ئىلاھىي قانۇنىيەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان... يەنى خىرىستىئانلار كېلىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ خىلى كۆپ جايلىرىنى بېسىۋالغان. موڭغۇللار كېلىپ ئىسلام دۆلىتىنى ۋەيران قىلغان. ئىسپانىيە قولدىن كېتىپ، ئۇ يەردىن مۇسۇلمانلار قوغلاپ چىقىرىلغان... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇممەتكە چوشكەن قاقشاتقۇچ زەربە بولغان. بىراق، بۇ ھادىسىلەر بۈگۈنكى كۈندىكى ھادىسىلەردىن كۆپ يەڭگىل بولغان. چۈنكى، ئۇ ھادىسىلەر ئۇممەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ بىر قىسمىنى ۋەيران قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا بىر قىسمى سالامەت قالغان ياكى ئۇ ھادىسىلەر ئىسلام دۇنياسىدىكى مەلۇم بىر جاينى خاراب قىلغان بولسىمۇ، بىراق، مەلۇم جايلار يەنىلا ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قالغان...

ئەمما، بۈگۈن مەيلى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە بولسۇن ياكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە بولسۇن «يوقۇلۇش» ئومۇمىيۈزلۈك بولدى.

بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزدا بۇنىڭ ئاشكارا سەۋەبى ئۇممەتنىڭ «لاإله الاالله»غا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

«لاإله الاالله، محمد رسول الله» مۇشۇ ئۇممەتنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بۇ يىلتىز ئۇممەتنىڭ يەر شارىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەيدۇ.

﴿يُثَبِّتُ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا بِالْقَوْلِ الثَّابِتِ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ وَيُضِلُّ اللَّهُ الظَّالِمِينَ وَيَفْعَلُ اللَّهُ مَا يَشَاءُ﴾

«اللە مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم سۆز (ئىمان) بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. اللە زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ، اللە خالىغىنىنى قىلىدۇ.①»

مۇستەھكەم سۆز «لاإله الاالله، محمد رسول الله» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىدۇر.

ئۇممەت بۇ كەلىمىنىڭ مەزمۇنىنى قانچىلىك ئاڭلىق چۈشەنسە، ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە قانچىلىك ئەمەل قىلسا، ئۇممەت زېمىندا شۇنچىلىك قۇدرەت تاپىدۇ. چۈنكى، «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرى كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ بارلىق ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، اللە ئۇممەتنى زېمىندا شۇ ئامىللار بىلەن قۇدرەت تاپقۇزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمان ئۇممەت «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلغان چاغدا، اللە ئۇنىڭغا بېرىدىغان قۇدرەت رازىلىق قۇدرىتى (اللەنىڭ رازى بولۇشى نەتىجىسىدە كەلگەن كۈچ-

① سۈرە ئىبراھىم: 27- ئايەت.

قۇۋۋەت) بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ تەدرىجى ھالدا گۇناھقا پاتۇرۇش قۇدرىتى ئەمەس. كاپىرلار كۈچ ـ قۇۋۋەت ئامىللىرىنى قوللانغان چاغدا، الله ئۇلارنى زېمىندا قۇدرەت تاپقۇزىدۇ. بىراق، بۇ ھەرگىزمۇ اللهنىڭ مەرھەمىتى بولماستىن، بەلكى، اللهنىڭ غەزىپى بولۇپ، الله بۇ ئارقىلىق كاپىرلارنى تېخىمۇ ئېغىرراق گۇناھ ئىچىگە غەرق قىلىدۇ.

﴿كُلًّا نُمِدُّ هَؤُلَاءِ وَهَؤُلَاءِ مِنْ عَطَاءِ رَبِّكَ وَمَا كَانَ عَطَاءُ رَبِّكَ مَحْظُورًا﴾

«بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ.[1]»

﴿مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَالَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لَا يُبْخَسُونَ، أُولَئِكَ الَّذِينَ لَيْسَ لَهُمْ فِي الْآخِرَةِ إِلَّا النَّارُ﴾

«(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر.[2]»

﴿فَلَمَّا نَسُوا مَا ذُكِّرُوا بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ حَتَّى إِذَا فَرِحُوا بِمَا أُوتُوا أَخَذْنَاهُمْ بَغْتَةً فَإِذَا هُمْ مُبْلِسُونَ، فَقُطِعَ دَابِرُ الْقَوْمِ الَّذِينَ ظَلَمُوا وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

«ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا

---

① سۈرە ئىسرا: 20 ـ ئايەت.

② سۈرە ھۇد: 15 ـ 16 ـ ئايەت.

(سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى. زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇسانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ، كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهغا خاستۇر!①»

ئەمما، مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىقىغا ئوخشىمايدۇ.

﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا﴾

«اللە ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ.②»

﴿رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ ذَلِكَ لِمَنْ خَشِيَ رَبَّهُ﴾

«اللە ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ اللەدىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ.③»

---

① سۈرە ئەنئام: 44 ـ 45 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە نۇر: 55 ـ ئايەت.
③ سۈرە بەييىنە: 8 ـ ئايەت.

* * * * *

كىشىلەر ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئاجىزلىقى، قالاقلىقى، كۈچ-قۇۋۋىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، بىچارىلىكى ۋە خارلىقىنى قايسى خىل سەۋەبلەر بىلەن چۈشەندۈرسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى ئۇممەتنىڭ «لاإلـه الاالله»نىڭ تەلەپلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدەك بىرلا سەۋەبكە باغلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ سەۋەبلەردىن ھېچبىرى بۇ تەلەپلەرنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

كىشىلەر ئەسكىرىي كۈچنىڭ ئاجىزلىقى (ياكى ھەربىي جەھەتتىكى قالاقلىق)، ئىقتىسادىي ئاجىزلىق (ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىق)، ئىلمىي جەھەتتىكى قالاقلىق، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىق، ئەخلاقىي جەھەتتىكى قالاقلىق... دېيىشىدۇ. مانا بۇلار ئەمەلىيەتتە مەيلى پەرز ئەيىن بولسۇن ياكى پەرز كىپايە بولسۇن مۇشۇ تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرى ئەمەسمۇ؟!

ئەمما، ئۇممەتنىڭ ئاخىرقى يىمىرىلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئەسىرلەر جەريانىدا توپلىنىپ، بىر يەرگە جۇغلاشقان يوغان «دۆۋە» بولۇپ، بۇ دۆۋە «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنى قاپلىدى. ئىمانىي تەلەپ، ئىبادەتتىكى تەلەپ ۋە شەرىئەتتىكى تەلەپ... تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ يىلتىزنى قۇرۇتۇشقا باشلىدى... نەتىجىدە دەرەخ يىقىلاي دەپ قالدى. ئەگەر اللهنىڭ مەرھەمىتى بولمىغان بولسا، دەرەخ زېمىن ئۈستىدىن قومۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغان ئىدى.

اللهنىڭ مەرھەمىتى ئۇممەتنى «لاإلـه الاالله»نىڭ ھەقىقىتىگە

قايتۇرۇپ كېلىشكە باشلىغان «ئويغىنىش ھەرىكىتى»دە ئەكس ئېتىدۇ.

ئۇ يەردە كېسەل بولسا.... بۇ يەردە اللەنىڭ ئىزنى بىلەن شىپا بولدى...

بىراق، ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ـ بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ ئېغىر بىر يۈكنى ئۈستىگە ئېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ ھەرىكەت يۈكنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ۋە ئۇنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ كېتىدىغانلىقىنى ئېنىق بايقىشى لازىم.

ئەگەر ئۇممەت «لاإلــه الاالله»نىڭ بىرلا تەلپىنى ئورۇنلاشتا ئاجىزلىق قىلغان بولسا ئىدى، ئۇنداقتا، بۇنى ھەل قىلماق ئۇنچىلىك تەس بولۇپ كەتمەيتتى... ئەگەر بۇ ئاجىزلىق ياكى بۇزۇلۇش ئۇممەتنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنە بىر جامائەتتىكى ئەھۋال بولغان بولسا ئىدى، ئۇنداقتا، بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇمۇمى ئۇممەتنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلالمىغان بولاتتى.

بىراق، بۇ ئومۇميۈزلۈك ئاجىزلىق، زور بۇزۇلۇش... تەسەۋۋۇر ۋە ھەرىكەتتىكى بۇزۇلۇش...

ھەقىقەتەن ئويغىنىش ھەرىكىتى ھاياتنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپىنى ياكى مۇئەييەن بىر قانچە تەرىپىنى «ئىسلاھ قىلىش» ئالدىدا ئەمەس، بەلكى، «قايتا قۇرۇپ چىقىش» ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

تۇنجى قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە كىراملار بىنا قۇرۇش ئۈچۈن مۇشەققەتلىك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئەمما، بۇ قېتىم بىنا قۇرۇشتا ۋەزىپىنىڭ قانچىلىك قىيىن

بولىدىغانلىقىنى مەن بىلمەيمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا: «سىلەرنىڭ كەينىڭلاردا سەبىرى كۆنلىرى بار. ئاشۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سىلەر ماڭغان يولدا چىڭ تۇرغۇچىلار ئۇچۇن سىلەردىن ئەللىك ئادەمنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ» دېدى. ساھابىلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەللىك ئادەمنىڭ ئەجرىمۇ؟» دېيىشىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەللىك ئادەمنىڭ ئەجرى» دېدى①.

مەيلى تىرىشچانلىق ۋە جاپا-مۇشەققەت قانداق بولسۇن، اللەنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن ئويغىنىش مەيدانغا كەلدى. اللەنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ نىشانلىرى ئەمەلگە ئاشقان، اللەنىڭ يەنە بىر قېتىم ئىسلام ئۈممىتىگە غەلىبە ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسى ئىشقا ئاشقانغا قەدەر ئويغىنىش ھەرىكىتى ئۆز يولىدا ئالغا قاراپ مېڭىۋېرىدۇ.

بىراق، بۇ ھەرىكەت ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېنىق بىلىشى لازىم... چۈنكى، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن بۇ ھەرىكەت اللەنىڭ ئىزنى بىلەن ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە مەيدانغا كېلىدۇ. يولدا ئالدىراقسانلىق قىلمايدۇ. يولنى ئۇزۇن ھېسابلاپ قالمايدۇ. غەلىبىنى كېچىكىپ كەلدى دەپ قارىمايدۇ. بىر قىسىم بىشارەتلەردىن ئالدىنىپ، مېۋە پىشتى، ئەمدى ئۈزسەكلا بولىدۇ دەپ ئويلاپ قالمايدۇ.

بەلكى، ئالدىمىزدا نۇرغۇن ئىشلار بىزنىڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزنى، تەر، قان ۋە كۆز ياشلىرىمىزنى

---

① ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

تۆكۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ... يولدا نۇرغۇن داۋانلار بار... ئاندىن كېيىن اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن غەلىبە كېلىدۇ.

* * * * *

ئۇيغۇنلۇق ھەرىكىتىنىڭ تۈنجى ۋەزىپىسى -بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك- كىشىلەرگە «لاإلــه الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنى ئۇچۇق بايان قىلىپ بېرىشتۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئويغىنىش ھەرىكىتى مۇشۇ يۇزلىنىشتە ئالقىشلاشقا تېگىشلىك تىرىشچانلىقلار ئارقىسىدا مەيدانغا كەلدى... «”لاإلــه الاالله“ تىل بىلەن تەلەپپۇز قىلىپ قويۇسلا بولىدىغان قۇرۇق ”گەپ“ ئەمەس، ئىمان سۆز ۋە ئەمەلدۇر، يەنى ”لاإله الاالله“نىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىشتۇر» دېگەندىن ئىبارەت ياشلارغا تارقىلىۋاتقان بۇ خىل ئاڭ دەل ئاشۇ ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىراق، ئويغىنىش ھەرىكىتى ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلاپ بولدى، كېلىڭلار! ئەمدى باشقا «ھەرىكەت»كە كۆچەيلى!... دېگەن گۇمان رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئالدامچى گۇماندۇر...

ئەمەلىيەتتە كىشىلەر «لاإلــه الاالله»نى بۇزىدىغان ئامىللارنى ئېنىق بىلمىگىچە، بۇ ھەرىكەت ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلىغان بولمايدۇ.

﴿فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِنْ بِاللَّهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى لَا انْفِصَامَ لَهَا وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾

«كىمكى تاغۇت (يەنى اللەدىن باشقا بارچە مەبۇد)نى ئىنكار

قىلىپ، اللەغا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، اللە (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.[1]»

اللەغا ئىمان كەلتۈرۈشنى سۆزلەشتىن ئىلگىرى تاغۇتقا كاپىر بولۇشنى سۆزلەشتىكى ھېكمەت شۇكى، ئەگەر ئىنسان تاغۇتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسە، ئۇنىڭغا ئاڭلىق تۈردە كاپىر بولمىسا (ئىنكار قىلمىسا)، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئىمانىدا ئېنىق تۈردە بىر «ئارىلاشما» مەۋجۇت بولىدۇ. ئېنىق تۈردە ئۇنىڭ ئىمانى سۈزۈك ۋە اللە ئۈچۈن خالىس بولمايدۇ. بۇ خىل ئۇل ئۈستىگە مۇستەھكەم بىنا قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ.

تاغۇت ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە شەرىئەتتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ يىلتىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك... ئەگەر كىشىلەر مۇشۇ ئۈچ چوڭ ساھەدە «لاإله الاالله»نى بۇزىدىغان ئامىللارنى ئېنىق بىلىۋالمىسا، ئۇنداقتا، ئۇلار تاغۇتقا ھەرگىزمۇ -اللە بۇيرىغاندەك- كاپىر بولالمايدۇ. دىنىنى اللە ئۈچۈن -اللە بۇيرىغاندەك- خالىس قىلالمايدۇ.

بۇ مەسىلە كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئايدىڭلاشتىمۇ؟ ياكى دەۋەتچىلەر -«ئاۋام خەلق» دېمەي تۇرايلى- ئىرجائىي ئىدىيىسى ياكى سوپىزم ئىدىيىسى ياكى ئەلمانىزم ئىدىيىسىنىڭ ناچار تەسىرى بىلەن «لاإله الاالله»غا باغلانغان ۋە «لاإلــه الاالله»دىن كېلىپ چىققان كۆپ مەسىلىلەردە ھېلىھەم ئىككىلىنىۋاتامدۇ؟!

* * * * *

ئەگەر مەسىلىنى يورۇتۇش (ئېنىق بايان قىلىش) ئىسلام

---

[1] سۈرە بەقەرە: 256- ئايەت.

ئۇيغىنىش ھەرىكىتىنىڭ تۈنجى ۋەزىپىسى بولسا، ئۇنداقتا، نوقـۇل بايانىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ.

تـوغرا، بايانـسىز ھېچنەرسـە پۈتمەيـدۇ... تـارىختىكى بـارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىمۇ بايان قىلىش ۋە يەتكۈزۈش بولغان.

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوْمِهِ لِيُبَيِّنَ لَهُمْ﴾

«قانداقلا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمەيلى، ئۇنى بىز ئۆز قەۋمىگە (اللەنىڭ شەرىئىتىنى) بايان قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن (سۆزلەيدىغان) قىلىپ ئەۋەتتۇق.[1]»

﴿وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾

« بىـز سـاڭا قۇرئـاننى ئىنـسانلارغا چۈشـۈرۈلگەن شـەرىئەتنى بايـان قىلىــپ بەرسـۇن، ئـۇلار (بـۇ قۇرئـاننى) پىكـىر قىلىــپ (ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق.[2]»

بىراق، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئاغزاكى بايان ياكى نوقـۇل يەتكۈزۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. چۈنكى، الـله بىلـىدۇكى، يــالغۇز زېھنــي بىلــش بىلەنــلا ئىنــسانلارنىڭ رېئاللىقــدا ھېچنەرسـىنى ۋۇجۇدقـا چىقـارغىلى بولمايـدۇ. ئەگەر بـۇ بىلـش كاللىدا «بىلىم» سۈرىتىدە تۇرىۋەرسە، گەرچە بۇ بىلىم كۈچلۈك، چوڭقۇر ۋە غالىـپ بولـسىمۇ، بىـراق، زېھنـدىن قەلـبكە كۆچـۈپ، قەلبكە لىق تولغان جانلىق تۇيغۇغـا ئايلانمـسا، ئۇنىڭـدىن كېـيىن قەلبـتىن جىـسمانى ئەزالارغـا كۆچـۈپ، يەر شـارى رېئاللىقـىدىكى ئەمەلـىي ھەرىكەتــكە ئايلانمــسا، ئۇنـــداقتا، كاللـــدىكى بــۇ «مەلۇمات»نىڭ رېئال ئالەمدە ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ.

---

① سۈرە ئىبراھىم: 40- ئايەت.

② سۈرە نەھل: 44- ئايەت.

ئىماننىڭ ھەقىقىتى: ئېتىقاد، تۇيغۇ ۋە ئەمەلدۇر.

زېھىندىكى مەلۇماتلارنى قەلبكە يۆتكەيدىغان، ئاندىن ئۇنى رېئال ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدىغان قايتا قۇرۇش ھەرىكىتى ئاغزاكى بايان - ياكى يەتكۈزۈش- بىلەنلا پۈتمەيدۇ، بەلكى، پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى دەۋەتچىلەر ئېلىپ بارغان بايانىنىڭ يەنە بىر تۈرىگە مۇھتاج!... ئۇ بولسا تەربىيىدۇر.

بىز بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى تەربىيىلەپ چىققان تەربىيە پرىنسىپىنى ۋە بۈگۈنكى دەۋەتچىلەر تەربىيىدە قوللىنىشقا تېگىشلىك تەربىيە ئۇسۇلىنى تەپسىلى سۆزلەپ بولالمايمىز. (چۈنكى، بۇ مەخسۇس بىر مۇستەقىل تەتقىقات تېمىسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ[1]).

بىراق، بۇ قىسقا سەھىپىلەردە ئالدى شۇندىق دېيىمىزكى، چوقۇم ئۈلگە بولۇش كېرەك. چۈنكى، تەربىيە ئۈلگىسىز پۈتمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا ۋە ئۈممەتكە ئەڭ ياخشى ئۈلگە ئىدى.

﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾

«سىلەرگە-اللەنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللەنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە-رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.[2]»

اللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بارلىق ئىنسانىي سۈپەتلەر

---

① «كىشىلەرنى قانداق دەۋەت قىلىمىز؟» دېگەن نامدا بىر ئەسەر يېزىشنى ئويلاۋاتىمەن، اللەدىن بۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلىشنى سورايمەن (ئاپتوردىن). ئاپتورنىڭ مەزكۇر كىتابىغا قارالسۇن (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

② سۈرە ئەھزاب: 21- ئايەت.

بىلەن مۇكەممەللەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ سۈپەتلەر ئۇنى تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ تەربىيىچىگە ئايلاندۇردى. بىراق، رەسۇلۇللاھنىكى ئۈلگىلىك ئىنسانىنىڭ كۈچى يېتىدىغان ئىنسانىي تاقەت دائىرىسىدە بولدى.

﴿لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا لَهَا﴾

«اللە ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.[1]»

شۇنداقتىمۇ، رەسۇلۇللاھنىكى ئۈلگىلىكنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىدۇر.

تەربىيە ـ قايتا قۇرۇپ چىقىش ھەرىكىتىنىڭ بېشىدىلا ـ بىرلا قېتىمدا كەڭ دائىرىدە ـ «ئاۋام خەلق» دائىرىسىدە ـ تاماملىنىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى، ئالدى بىلەن «بازا[2]»... بىنانى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان كۈچلۈك بازا... تەربىيىلەش تاماملىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ بازا ئۈلگە بولىدۇ. باشقا كىشىلەر بۇ بازا (ئۈلگە) ئارقىلىق تەربىيىلەپ چىقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بازا ئادەتتىكى سەۋىيىدە ئەمەس، بەلكى، ئۈلگە بولۇشقا يارايدىغان ئەڭ يۈكسەك سەۋىيىدە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ قانداقتۇر ئۆز ئىچىدە توغرا يولدا مېڭىش ئۈچۈنلا تەربىيىلەپ چىقىلمايدۇ. بەلكى، ئۆزى توغرا يولدا مېڭىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش

---

① سۈرە بەقەرە: 286ـ ئايەت.

② بۇ يەردىكى «بازا» سۆزى قانداقتۇر ئوقۇرمەنىنىڭ كاللىسىغا دەرھال كېلىۋالىدىغان «ھەربىي بازا»نى ئەمەس، بەلكى، مۇھاجىر ـ ئەنسارلارغا ئوخشىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئالدىدا تىز پۈكمەي، دىنىنىڭ ۋە قېرىنداشلىقىنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىغا ئورۇنغا قويۇپ، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇچۇن تەربىيىلەپ چىقىلىدۇ. شۇڭا بۇ بازا ئۇلگە بولۇشقا ۋە تەسىر كۆرسىتىشكە يارايدىغان يۈكسەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

مانا بۇ ئويغىنىش ھەرىكىتى دۇچ كېلىدىغان ۋەزىپە... بايان ۋە تەربىيە ۋەزىپىسى... ھەقىقىدىكى قىسقىچە كۆرسەتمە...

ئويغىنىش ھەرىكىتى شۇنى ئېنىق بىلىشى كېرەككى، بۇ ئىككى ئىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. شۇنداقلا، بۇ ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئۆگىتىش (تەلىم) ياكى يېتىلدۈرۈش (تەبلىغ) شەكلىدىكى بايانىنىڭ ئالدىدا بىر مۇنچە داۋانلار مەۋجۇت... بۇ داۋانلارنى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا چۆكمىگە ئايلانغان ئىرجائى، سوپىزم ۋە ئاخىرقى ئەسىردىكى ئەلمانىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ تەسىرلەرنى يوقۇتۇش تولىمۇ قىيىن. چۈنكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئېتىراپ قىلىنغان «ھەقىقەتلەر»نىڭ سۈرىتىگە كىرىۋالغان. ئەگەر سەن ئۇلارنى سەلەف سالىھىنلار تونۇغاندەك قۇرئان ۋە ھەدىسكە قايتۇرماقچى بولساڭ، ئۇلارنىڭ كۆپى ھەيرانلىقتىن ئېغىزىنى ئېچىپ، سەندىن: «دىنىنى خاراب قىلىدىغان بۇ پىكىرنى سەن قەيەردىن ئېلىپ كەلدىڭ؟» دەپ سورىشىدۇ.

بۇ يەردىكى داۋاننى يالغۇز ئاشۇ چۆكمىلەرلا ھاسىل قىلغان ئەمەس. بەلكى، بۇ يەردە يەنە ئاشۇ داۋاننى پەيدا قىلغان ئىككى قىرلىق «ئاخبارات» مەۋجۇت: يەنى سەتلەشتۈرۈش ياكى خۇنۇكلەشتۈرۈش رولى بىلەن بۇزۇش رولىغا ئىگە ئاخبارات. سەتلەشتۈرۈش ياكى خۇنۇكلەشتۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ

ئاخبارات ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى كىشىلەرگە داۋاملىق سەت قىلىپ كۆرسىتىدۇ ياكى ھەرىكەتنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. ھەرىكەتكە رادىكال، ئاشقۇن، قالاق دېگەندەك ئاللىقانداق ناچار سۈپەتلەر بىلەن تۆھمەت چاپلايدۇ... بۇ بولسا جاھىلىيەتنىڭ «لاإلـــه الاالله» دەۋىتى بىلەن بولغان كۆرەشتىكى داۋاملىق ئادىتىدۇر.

﴿وَقَالَ فِرْعَوْنُ ذَرُونِي أَقْتُلْ مُوسَى وَلْيَدْعُ رَبَّهُ إِنِّي أَخَافُ أَنْ يُبَدِّلَ دِينَكُمْ أَوْ أَنْ يُظْهِرَ فِي الْأَرْضِ الْفَسَادَ﴾

«پىرئەۋن ئېيتتى: "مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن، مۇسا (ئۆزىنى مەندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن) پەرۋەردىگارىنى چاقىرسۇن، مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى زېمىندا (يەنى دۆلەتتە) قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن قورقىمەن".[1]»

ئەمما، بۇزۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئاخبارات كىشىلەرنىڭ ئاللەنى ۋە ئاخىرەتنى ئەسلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئۇلارنى ئۆلارنىڭ تەبىئىتىنى بۇزىدىغان مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئەڭ پەس ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ-دە، ئۆرلەشنى، يۇقىرى ئالەمدە پەرۋاز قىلىشنى ئۈچ كۆرىدۇ. سېسىق پاتقاقنى ھاۋالىق «جاي» ھېسابلايدۇ. ئۇلارنى پاتقاقتىن چىقارماقچى بولغانلارنى خۇددى ئەۋرەزدىكى قۇرت سېسىقچىلىقتىن چىقىشنى ئۈچ كۆرگەنگە ئوخشاش يامان كۆرىدۇ. ئۇلارنى پاتقاقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارغا جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدۇ.

---

① سۈرە غافىر: 26- ئايەت.

ئەمما، تەربىيە خىزمىتى ئالدىدىكى داۋانلارغا كەلسەك، ئاخىرقى ئەسىرلەردە ئۇممەتنىڭ ھاياتىدا پەيدا بولغان تەلەپلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئەمەلىيىتىنى «داۋان» دېيىشكە بولىدۇ. ئۆزىنى قاچۇرۇش ھەقىقەتەن كەڭ دائىرىلىك بولدى. ھەر قانداق بىر ئىسلامىي ھەرىكەت ساھەسى مەۋجۇت بولسىلا، «ئۆزىنى قاچۇرۇش» شۇ ساھەگە كىرىپ كەلدى... شۇڭا، كىشىلەرنى توغرا بىر ئىسلامىي ھەرىكەتكە ئادەتلەندۈرۈش، بازا قۇرۇشتا ئادەتتىكى سەۋىيىدىن يۇكسەك بىر سەۋىيىگە يۈكسەلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىگە ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ تىرىشچانلىق ۋە كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئەھۋالىمۇ تەربىيە خىزمىتى ئالدىدىكى بىردىنبىر داۋان ئەمەس. بەلكى، بۇ يەردە يەنە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ داۋانلار بار...

بىزنىڭ ئىسلام دۇنيايىمىزدا «ئۈلگە»لەرنى ئۇچراتماق ناھايىتى تەس... ئالدىنقى ئەللىك يىل-ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت-جەريانىدا ھەرىكەت خەلقنى تەربىيىلەش ئۈچۈن يېتەرلىك ساندىكى تەربىيىچىلەرنى تەييارلىماي تۇرۇپ، ئالدىراقسانلىق قىلىپ، خەلققە يۈزلەندى... مانا بۇگۈن بىز ئىسلامغا يۈزلىنىۋاتقان ياشلارنىڭ كۆپلىكى، ئۇلارنى يېتەكلەيدىغان تەربىيىچىلەرنىڭ ئاز بولۇشىدەك («يېتىشسىزلىك، باشباشتاقلىق ۋە ئورۇنسىز بەدەل تۆلەش»نىڭ) ئاشكارا جاپاسىنى چېكىۋاتىمىز... شۇڭا، بۈگۈنكى زامان ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ئالدىنقى يىرىم ئەسىر جەريانىدا قولدىن بېرىپ قويغان كەمچىلىكلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشى، كۆنسىرى ئىسلامغا

يۈزلىنىۋاتقان ياشلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالىغۇدەك ساندىكى تەربىيىچىلەرنى شەكىللەندۈرۈشكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشى لازىم... بولمىسا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئىسلامىي ھەرىكەتتە «كۆپۈكلەر» پەيدا بولۇپ، سۇ يۈزىگە ئۆرلەپ چىقىدۇ. پاخپىيىپ يوغىنايدۇ ۋە دولقۇن بىلەن بىرلىكتە ئېقىپ تۈگەپ كېتىدۇ.

﴿ فَأَمَّا الزَّبَدُ فَيَذْهَبُ جُفَاءً وَأَمَّا مَا يَنْفَعُ النَّاسَ فَيَمْكُثُ فِي الْأَرْضِ﴾

«كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ.[1]»

تەربىيىچىلەر ئاز بولغاندىن باشقا، «تەربىيە» چۈشەنچىسى كۆپلىگەن تەلىم-تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ زېھنىدا تولۇق ئايدىڭلاشمايۋاتىدۇ.

بىر قىسىم جامائەتلەر يالغۇز «جىھادىي» تەربىيىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقا تەرەپلەرگە سەل قارايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تۇيغۇسىنى ئىسلامىي ھەرىكەتكە قارشى داۋاملىشىۋاتقان كۈرەش ۋە ئىسلامىي ھەرىكەتتىن بۇ كۈرەشنىڭ ئەزىيىتىنى تۇختىتىش ئۈچۈن قوراللىق جىھاد بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى چۇلغىۋالدى.

مەن «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» ناملىق كىتابىمدا ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ھېلىھەم ياقلاۋاتقان «بۇ جامائەتلەرنىڭ ۋاقتى كېلىشتىن ئىلگىرى ئالدىراقسانلىق قىلىپ كۈرەشكە قاتنىشىشى»دىن ئىبارەت بۇرۇنقى كۆز-قارىشىمنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، بۇ يەردە «پرىنسىپ» ھەققىدە سۆزلەيمەن ۋە دەيمەنكى، تەربىيىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن پەقەت بىرلا

---

① سۈرە رەئد: 17 ـ ئايەت.

تەرەپنى مەركەز قىلىش ـ مەيلى ئۇ جىھادىي تەرەپ ياكى باشقا تەرەپ بولسۇن ـ تەربىيە خىزمىتىدىكى ئېغىر خاتالىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، بۇنىڭ بىلەن قۇرۇشقا تېگىشلىك «كۆچلۈك بازا»نى ھەرگىز قۇرغىلى بولمايدۇ.

بىر قىسىم جامائەتلەر بولسا يالغۇز روھىي تەربىيىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقا تەرەپلەرگە... بولۇپمۇ سىياسىي تەرەپكە سەل قارايدۇ... روھىي ئۇل ئۈستىگە قۇرۇلمىغان ھەر قانداق بىنانىڭ ئېگىزلىگەنسىرى يىمىرلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىغانلىقى شەك ـ شۈبھىسىزدۇر. بىراق، روھىي تەربىيە ماھىيەتتە غايە ئەمەس، بەلكى، ئۇ بىنانى مۇستەھكەملەش، ئاساسلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە تۈۋرۈكلىرىنى كۆچەيتىشنىڭ ۋاستىسىدۇر... ئەگەر بىز روھىي تەربىيىنى غايە قىلىۋالساق ۋە ئۇل ئۈستىگە ھېچنەرسە قۇرمىساق، ئۇنداقتا، بىز رېئال دۇنيادا نېمە ئىش قىلغان بولىمىز؟!

بىر قىسىم جامائەتلەر بولسا يالغۇز ئىلمىي تەربىيىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقا تەرەپلەرگە سەل قارايدۇ.

دېمىسىمۇ ئىلمىي تەرەپ ھەر قانداق بىر ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ بىناسى ئۈچۈن ھەقىقەتەن زۆرۈر... چۈنكى، «ئىلىم» بۇ دىنىنىڭ ئاساسى. اللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۇنجى قېتىم ئوقۇشقا بۇيرۇپ، مۇنداق دېگەن:

﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ، خَلَقَ الْإِنْسَانَ مِنْ عَلَقٍ، اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ، الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ، عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾

«ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنسانني لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ

كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.[1]»

﴿فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ﴾

«بىلگىنكى، اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر.[2]»

بىراق، ـ ئاشۇ جامائەتلەرنىڭ ئۇسۇلى ئاساسىدىكى ـ ئىلىم رېئال دۇنيادا ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. بەلكى، ئۇ ئىلىمنىڭ غايىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى، ھەدىسلەرنىڭ سەھىي ۋە زەئىپلىرىنى، قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئېلىنغان ئەھكاملارنى بىلىدىغان «پەقىھ» ۋە «ئالىم»لارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس... بۇ ئارقىلىق بىرەر ئالىمنىڭ ياكى بىر قانچە ئالىمنىڭ كۆپەيتىلمە نۇسخىسى مەيدانغا كېلىدۇ خالاس... بىراق، بۇ ئالىملارنىڭ كىتاب جاھازلىرىغا تىزىپ قويۇلغان دۆۋە ـ دۆۋە كىتابلاردىن ھېچبىر پەرقى يوق. ئۇلار رېئال دۇنيادا ھېچبىر ھەرىكەتنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇلار ھەرىكەتلەنگەن ھالەتتىمۇ زېمىندىكى بۇزۇلۇشنى ئىسلاھ قىلىشقا يارىمايدىغان تولىمۇ چەكلىك دائىرىدە ھەرىكەتلىنىدۇ.

بىر قىسىم جامائەتلەر بولسا سىياسىي ئاڭ تەربىيىسىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقا تەرەپلەرگە سەل قارايدۇ... دېمىسىمۇ، سىياسىي ئاڭ ئىسلامىي ھەرىكەت ئۈچۈن ھەقىقەتەن زۆرۈر... كۆپىنچە ۋاقىتتا ئىسلام ھەرىكىتى سىياسىي ئېڭى ۋە ھەرىكەت ئېڭىنىڭ كەملىكىدىن ئۆز ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ۋە ئۇممەتنى تەربىيىدىكى مۇھىم ۋەزىپىسىدىن قايتۇرۇپ، ئۆز كۈچىنى پارچە ـ

[1] سۈرە ئەلەق: 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە مۇھەممەد: 19 ـ ئايەت.

پۈرات ئىشلارغا سەرپ قىلىپ تۈگىتىشى ئۈچۈن ئۇنى ئالداۋاتقان سۈيقەستلەرنىڭ چېكىنى بايقىيالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن توغرا بىر ھەرىكەتنى دەل مۇناسىپ ۋاقىتتا ئېلىپ بارالماي، دۈشمەننى چۆچۈتۈپ قويىدۇ-دە، زەربىگە ئۇچرايدۇ ياكى دۈشمەنلەر ئالدىدىن پىلانلىغان سۈيقەستنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بىراق، لاياقەتلىك ھەرىكەتنىڭ بىناسى ئۈچۈن يالغۇز سىياسىي ئاڭنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ.

مەسىلەن، يۈكسەك سىياسىي ئاڭغا ئىگە بىر جامائەتنىڭ ئەخلاقى ياخشى بولمىسا، ئۇنىڭ بۇ يولدا مېڭىشقا سالاھىيىتى توشامدۇ؟

ياكى يۈكسەك سىياسىي ئاڭغا ئىگە بىر جامائەتتە دەۋەتچى ۋە تەربىيىچىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئىخلاسمەنلىك (اللە ئۈچۈن خالىس بولۇش) بولمىسا... بۇ يولدا ئاخىرغىچە ماڭالامدۇ؟

ياكى سىياسىي ئاڭ بولسىمۇ، بىراق، سىناقتا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك چىدامچانلىق ياكى كىشىلەرگە ھەقنى يەتكۈزۈش ئىقتىدارى ياكى دەۋەتكە خىزمەت قىلىشتا زۆرۈر بولغان «پاراسەت» بولمىسا، ئۇنداقتا، بىنانىڭ ئاساسلىرى تېخى قۇرۇلۇپ بولمىغان شارائىتتا، بۇ خىل ئاڭنىڭ نېمە پايدىسى؟!

تەربىيىنىڭ كۆپلىگەن تەرەپلىرى بولۇپ، مەۋجۇت بولغان بىر قىسىم ھەرىكەتلەر بىر بولسا باشقا تەرەپلەرنى مەركەز قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سەل قارىدى. يەنە بىر بولسا تەربىيە ئەمەلىيىتىدە ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجنى ئەسلا ھېس قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سەل قارىدى.

مەن «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» ناملىق ئەسىرىمدە

تەربىيىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە بولغان ئېھتىياجنى ھېس قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكى ھەققىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەرنى كەلتۈرگەن ئىدىم. ئەمدى بۇ يەردە ئۇ مەسىلىلەرنىڭ بىر قىسمىلىرىنى «"لاإلـه الاالله"نىڭ تەلەپلىرى» نۇقتىسىدىن سۆزلەپ ئۆتىمەن. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى بۇ تەلەپلەرنى ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ روھىيىتىدە جانلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

اللەنىڭ رىزىق بەرگۈچى، كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسى، پايدا-زىيان يەتكۈزگۈچى، تىرىلدۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى، ھەممىگە قادىر... ئىكەنلىكىگە بولغان كەسكىن ئىشەنچ... بىز تەربىيىدە بۇنىڭغا قانچىلىك ئەھمىيەت بەردۇق؟! بىز-كۆپىنچە ۋاقىتتا-مۇئمىنىنىڭ ئىمان ئېيتقان دەسلەپكى باسقۇچىدا ئۇنىڭدا پەيدا بولىدىغان زېھنىي ئىشەنچ بىلانلا توختاپ قالىمىز... بىراق، بۇ زېھنىي ئىشەنچ سىناقتا تەۋرەپ قالىدۇ. ھالبۇكى، سىناق اللەنىڭ ئۆز مەخلۇقلىرىدىكى قانۇنىيەتلىرىدىن بىر قانۇنىيەت.

﴿الم، أَحَسِبَ النَّاسُ أَنْ يُتْرَكُوا أَنْ يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ، وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ﴾

«ئەلىف، لام، مىم. ئىنسانلار "ئىمان ئېيتتۇق" دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، اللە (ئىمانىدا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىمانىدا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.[1]»

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت: 1-3- ئايەتلەر.

بىز بۇ ئىماننى مۇستەھكەملەشكە قانچىلىك ئەھمىيەت بەردۇق؟ ئەگەر بىز يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىسەك، بۇ ئىمان قانداقسىگە زىھنىي ئىشەنچتىن اللەنىڭ تەقدىرىدىن خاتىرجەم بولغۇدەك دەرىجىدە قەلبىكە لىق تولغان قەلبىي ئىشەنچكە ئايلىنالايدۇ؟ ھادىسىلەر ئالدىدا تەۋرەپ قالماستىن، ئۆزى دۈچ كەلگەن سىناقتا مۇستەھكەم ئىشەنچ ۋە تەۋرەنمەس قەدەم بىلەن يۈزلىنەلەيدۇ؟

كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئىسسىق بەلۋاغ ۋە مۆتىدىل ئىسسىق بەلۋاغ رايونلىرىدا ياشايدۇ. بۇ خىل مۇھىتنىڭ ناچار تەسىرى: ئىنتىزامنى ئۆچ كۆرىدىغان قالايمىقانچىلىق، پىلاننى ياقتۇرمايدىغان چۇۋالچاقلىق، يىراقنى كۆرەلمەسلىك ۋە تېزلا قىزىپ، تېزلا سوۋۇيدىغان ئىرادىسىزلىكتۇر. مانا بۇلار اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ئىسلام تارقالغان مۇھىتنىڭ تەسىرلىرىدۇر... بىراق، ئىسلام كىشىلەرنى بۇ خىل مۇھىتتىن ئۇلارنىڭ ئاشۇ خىل رىئاللىقى بىلەن بىللە تاپشۇرۇپ ئالدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن «ئىنسانلار ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۇممەت»نى چىقاردى. ئىسلامنىڭ كونتروللۇقى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئاستا-ئاستا مۇھىتنىڭ ناچار تەسىرلىرى ئىچىگە قايتىپ كەلدى. مانا ئەمدى ئۇلار ئىنتىزامنى ئۆچ كۆرىدىغان، پىلاننى ياقتۇرمايدىغان چۇۋالچاقلارغا، تېزلا قىزىپ، تېزلا سوۋۇيدىغان ئىرادىسىزلارغا ئايلاندى. بىز بۇ ئەيىبلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلدۇق؟! ھالبۇكى، كىشىلەر بۇ ئىللەتلەرنى تۈزىتىشنى «مەدەنىيەت» دەپ ئاتايدۇ. بىز بولساق «"لاإله الاالله"نىڭ تەلەپلىرى» دەپ ئاتايمىز. چۈنكى، «لاإله الاالله»نىڭ بۇ ئەيىبلەرنى داۋالايدىغان مەدەنىيەت

جەھەتتىكى تەلپى بار...

شۇنداقلا، بىز تەربىيە يولىدىكى داۋانلارنىڭ تىزىملىكىدە ئىسلام ھەرىكەتلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ۋەھشىيانە قاباھەتنى، خەلقئارالىق يەھۇدىي-خرىستىئانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى مالايلىرى ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ بوينىغا سىرتماق سېلىپ، ئۇنىڭ تىنىقىنى توختىتىش ئۈچۈن پىلانلاۋاتقان رەزىل سۈيقەستنى قويىشىمىز كېرەك.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى... مەيلى تەبلىغ ئەھكام ئىشلىرى بولسۇن ياكى تەلىم-تەربىيە پائالىيىتى بولسۇن... بىردەك ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان داۋانلاردۇر.

بىراق، قانداق قىلىمىز؟ بىزنىڭ نېمە ئامالىمىز بار؟

داۋاننى چوڭ كۆرۈپ، بۇ ئىشلاردىن قولىمىزنى يىغامدۇق؟... ئەگەر شۇنداق قىلساق، قىيامەت كۈنى اللە ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟

ياق!... بىز داۋاننىڭ چوڭلۇقىنى بىلگەن چېغىمىزدىلا ئاندىن، كېرەكلىك تىرىشچانلىقنىڭمۇ چوڭ بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. غەلبىنى كېچىكىپ كەلدى دەپ قارىمايمىز. قەدەمدە ئالدىراقسانلىق قىلمايمىز. ھېرىپ-چارچاش ھېس قىلمايمىز. يولنى ئۇزۇن دەپ قارىمايمىز...

يەنە بىر تەرەپتىن داۋانلارغا قارىغاندا خۇشخەۋەرلەرنىڭ چوڭراق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز.

ئويغىنىش ھەرىكىتى ئۆز ماھىيىتىدە ئۇممەت گىرىپتار بولغان ھەر بىر ئېغىش ۋە دۈشمەنلەر پىلانلىغان ھەر بىر سۈيقەستتىن

كېيىنكى اللەنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىر مۆجىزە.

ئۇممەت گىرىپتار بولغان ئېغىپ كېتىشنىڭ «لاإلــه الاالله»نى ئۇنىڭ پۈتكۈل جانلىق مەزمۇنىدىن قۇرۇقداپ، ئۇنى پەقەت تىل بىلەن دەپ قويسىلا بولىدىغان قۇرۇق «گەپ»كە ئايلاندۇرۇپ قويالىغۇدەك دەرىجىدىكى چوڭلۇقىنى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئاخىرقى ئەسىرلەردە ئىسلام ئۇممىتىگە قىلغان سۇيقەستىنىڭ شۇ قەدەر چوڭلۇقىنى كۆرگەن كىشى بۇ ئۇممەتنىڭ ئەمدى مەڭگۈ ئورنىدىن دەس تۇرالمايدىغانلىقىغا ۋە بۇ دىنىنىڭ ئەمدى مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەنلىكىگە كەسكىن ئىشىنىدۇ.

بىراق، اللەنىڭ غالىب تەقدىرى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى... يەنى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى.

ئۇممەت بېسىپ ئۆتكەن ياكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپە -ئۆلۈك بوشلۇقتىن جانلىق ھەرىكەتكىچە- ھەقىقەتەن ناھايىتى زور بىر مۇساپىدۇر... ئەگەر بىز بۈگۈن: «ئالدىمىزدىكى مۇساپە تولىمۇ يىراق» دېسەك، ئۇنداقتا، ئۇممەتنىڭ ئالدىدىكى مۇساپە ئۇممەت ئەمەلىيەتتە بېسىپ بولغان مۇساپىدىن ھەرگىز يىراق ئەمەس... ئۇممەتنىڭ بۇنىدىن ئىلگىرىكى خىزمىتى ئوخلاۋاتقۇچىنى ئويقۇسىدىن ئويغىتىپ، ئۇنىڭ ئىككى قەدىمىنى يولغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش بولغان بولسا، ئۇنداقتا، بۇندىن كېيىنكى خىزمىتى ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى توغرىلاش ۋە ئۇنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تېخىمۇ بەكرەك قوزغاش ئۈچۈن كېرەكلىك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش بولىدۇ...

(دېمەك، بۇندىن ئىلگىرى بېسىپ بولغان مۇساپە بىلەن

بۇندىن كېيىن باسماقچى بولغان مۇساپىنىڭ پەرقى مانا مۇشۇ).

بۇ يەردە يەنە بىر خۇشخەۋەر باركى، ئۇنى ئۆز ھەقىقتى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك... ئۇنىڭ سالمىقىنىمۇ كىچىك دېگىلى بولمايدۇ.

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى يېڭىدىن باشلانغان چاغدا، غەرب جاھىلىيىتى پۈرەكلەپ ئېچىلىۋاتقان بىر گۈل ئىدى. ئۇ پۈتكۈل يەر شارىنى قاپلىغان ئىدى. ئۇنىڭ غالىب نۇرلىرى ھەر قايسى مەيدانلاردا كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ دۈشمەنلىرى غالىب ئىدى... مانا بۈگۈن ئەھۋال ئۆتمۈشتىكىگە قارىغاندا تۈپتىن ئۆزگەردى!.

جاھىلىيەتنىڭ يىرىمى يىمىرىلىپ بولدى... اللەنىڭ پەزلى بىلەن ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئافغانىستان جىھادىدىكى بىر «شېخى[1]» جاھىلىيەتنىڭ بىر قىسمىنىڭ يىمىرىلىشىدىكى كۈچلۈك ئامىللارنىڭ قاتارىدىن بولدى. ئەپسۇسكى، گەرچە ئەرەب ئاخباراتلىرى بۇ ھەقىقەتنى گەۋدىلەندۈرۈشكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەكتە يوق، ئەكسىچە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە ئافغانىستان مەسىلىسىنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇرغان بولسىمۇ، بىراق، نېكسون ئۆزىنىڭ «Seize the Moment ئۇلار پۇرسەتنى غەنىمەت بىلدى» ناملىق ئاخىرقى كىتابىدا بۇلارنى ئېتىراپ قىلدى.

جاھىلىيەتنىڭ ئىككىنچى يىرىمى ھېلىھەم ئاشكارا نوپۇزى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ... بىراق، ماھىيەتتە ئۇمۇ يىمىرىلىشكە قاراپ كېتىۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆسمە

---

(1) ﴿وَمَثَلُهُمْ فِي الْإِنْجِيلِ كَزَرْعٍ أَخْرَجَ **شَطْأَهُ** فَآزَرَهُ فَاسْتَغْلَظَ فَاسْتَوَى عَلَى سُوقِهِ﴾ «ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا (ئۇلار) **شاخ** چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان... بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ» (سۈرە فەتىھ: 29_ئايەت).

كەبى قاپلاپ كەتكەن بۇزۇقچىلىق ئاممىللىرى اللەنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن ئۇنىڭ «دۇنياۋىي نىزام» سۈپىتىدە ياشاش ئىمكانىيىتىنى يوق قىلىدۇ.

جاھىلىيەتنىڭ يىمىرىلىشى اللەنىڭ غالىب تەقدىرى بولۇپ، ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۇنى توسۇپ قىلىشقا ياكى ئۇنىڭ تەسىرلىرىنى زېمىن رېئاللىقىدىن.... ئىسلام رېئاللىقىدىن... يوشۇرۇپ قىلىشقا قادىر ئەمەس.

بۈگۈن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئىسلام كىرىشى جاھىلىيەتنىڭ يىمىرىلىشكە باشلىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ، بۇمۇ خۇشخەۋەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ... يەنە كېلىپ ئىسلامغا كىرىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى دوختۇرلار، ئىنژىنېرلار ۋە ئىلىم-پەن خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان زىيالىيلاردۇر.

بىز ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەھۋالى ئۇلارنى ئىسلامغا جەلپ قىلىدى دېمەيمىز. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۇلارنى ئىسلامغا تارتىشتىن كۆپرەك، ئۇلارنى ئىسلامدىن نەپرەتلەندۈرىدۇ ۋە ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ياۋروپالىقلارنى ئىسلامغا ئېلىپ كىرگىنى ئىسلامدىكى سۆزۈك، نۇرانە ھەقىقەتلەردۇر. بۈگۈن جاھىلىيەت قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چوڭقۇر پاتقانسېرى ئىسلام ھەقىقەتلىرىنىڭ شۇ قەدەر سۈزۈك ۋە ساپلىقى نامايان بولۇۋاتىدۇ... جاھىلىيەت بىر قانچە ئەسىرلەردىن بېرى ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئىسلامدىن يىرگەندۈرۈش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق، ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئىسلامغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، ئاچچىقىدىن بوغۇلۇپ، ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قېلىۋاتىدۇ... ھەيرانلىقتىن ئېغىزىنى ئېچىپ تۇرىۋاتىدۇ...

جاھىلىيەت ھەر قانچە غەزەپلەنسىمۇ، بىراق، ئۇلارنى ـ بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاياللارنى ـ چەكلەشكە كۈچى يەتمەيۋاتىدۇ. چۈنكى، بۇ ئاياللار جاھىلىيەتنىڭ ئىسلامغا قارشى ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق ساختا دەۋا ۋە تۆھمەتلىرىگە ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن جەڭ ئېلان قىلىۋاتىدۇ.

بىز ئەڭ مۇھىم ۋە تۇنجى خۇشخەۋەرنىڭ... ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش، سۈرگۈن قىلىش ۋە ئازاپلاش ئارقىلىق ئىسلامغا قىلىۋاتقان ۋەھشىيانە سۇيىقەست ئىككەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىم... مانا بۇنىڭ نەتىجىسى ئىسلامنىڭ يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كەڭ كۆلەملىك تارقىلىشى بولدى.

﴿وَاللَّهُ غَالِبٌ عَلَى أَمْرِهِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾

«الله (خالىغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ.[1]»

* * * * *

ئىسلام كېلىۋاتىدۇ...

بۇنى بىزلا دەۋاتمايمىز... بەلكى، ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق دەۋاتىدۇ...

ئۇلار بۇنى قورقۇپ تۇرۇپ دەۋاتىدۇ...

بىز بولساق اللهنىڭ ۋەدىسىدىن خۇشاللىنىپ دەۋاتىمىز.

﴿لاتقوم الساعة حتى يقتتل المسلمون واليهود، فيقتل المسلمون اليهود، حتى يقول

---

① سۈرە يۈسۈف: 21ـ ئايەت.

الحجر والشجر: يا مسلم يا عبدالله! هذا يهودي خلفي فتعال فاقتله!﴾

«مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئۇرۇش قىلمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ھەتتا، تاش ۋە دەرەخ: "ئى مۇسۇلمان، ئى اللەنىڭ بەندىسى! ئارقامدا يەھۇدىي بار، كەل ئۇنى ئۆلتۈر!" دەيدۇ.[1]»

﴿إنه تكون فيكم نبوة، فتبقى في الأرض ماشاء الله لها أن تبقى ثم ترفع. ثم تكون خلافة راشدة فتبقى في الأرض ما شاء الله لها أن تبقى ثم ترفع. ثم تكون ملكا عاضا فيبقى في الأرض ماشاءالله أن يبقى ثم يرفع، ثم تكون ملكا جبرية، فيبقى في الأرض ماشاءالله له أن يبقى ثم يرفع. ثم تكون خلافة راشدة على منهاج النبوة﴾

«ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا پەيغەمبەرلىك بولىدۇ. ئاندىن بۇ پەيغەمبەرلىك زېمىندا اللە خالىغان مۇددەتكىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرلىك كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلىك بولىدۇ. خەلىپىلىك زېمىندا اللە خالىغان مۇددەتكىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئاندىن خەلىپىلىك كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چىشلىگەك (پاسىق) پادىشاھلىق بولىدۇ. ئۇ زېمىندا اللە خالىغان مۇددەتكىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن زالىم پادىشاھلىق بولىدۇ. زالىم پادىشاھلىق زېمىندا اللە خالىغان مۇددەتكىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرنىڭ يولىدىكى توغرا خەلىپىلىك بولىدۇ.[2]»

بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئۇيغىنىش ھەرىكىتىنىڭ

---

① ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ئۆشنىسگە ئېغىر بىر يۈكنى تاشلايدۇ. شۇڭا، بۇ ھەرىكەت كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىدا «لاإلــه الاالله»غا ئۇنىڭ يەر شارى رېئاللىقىدا تەسىر كۆرسەتكۈچى بولغان كۈندىكى جانلىق ئېنېرگىيىسىنى قايتۇرۇپ كېلىشى كېرەك.

بۇ ھەرىكەت ئۇزاق ئەسىرلەر جەريانىدا رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ۋە ھەق يولدىن ئېغىشتەك «لاإله الاالله»نى قاپلىۋالغان دۆۋىلەرنى يوقۇتۇشى كېرەك.

بۇ ھەرىكەت «لاإلــه الاالله»نى اللە تەرەپتىن نازىل بولغان كۈندىكىدەك پارقىرىتىشى كېرەك... «لاإله الاالله» نازىل بولغان كۈندە -ئۆزىنىڭ بارلىق تەلەپلىرى بىلەن- مۇسۇلمان ئۇممەتىنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى بولغان ئىدى. ئاندىن ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن نۇر بولغان، ئىنسانىيەت بۇ نۇر بىلەن يولنى يورۇتقان ۋە قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىققان ئىدى. ھەتتا، ئىسلامغا كىرمەي، ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغانلارمۇ بۇ نۇرنىڭ ھارارىتىدىن بەھرىمان بولغان ئىدى.

«لاإله الاالله»نى اللە ئۆزى قوغداشقا كېپىل بولغاچقا، اللە تەرەپتىن قانداق نازىل بولغان بولسا، نازىل بولغان كۈندىن باشلاپ تا ھازىرغا قەدەر قۇرئان ۋە ھەدىستە شۇ پېتى قوغدىلىپ كەلدى.

بىز پەقەت ئۇنىڭغا قەلبلىرىمىزنى ئاچساق ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلساقلا بولىدۇ.

ئەنە شۇ چاغدا قەلبلەر نۇر تامچىلىرىنى سۈمۈرىدۇ، ئاندىن ئىنسانلار ئۈچۈن يولنى يورۇتىدىغان مەشئەللەرگە ئايلىنىدۇ.

مانا بۇ ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەجبۇرىيىتى.

بەزىلەر مۇساپىنى ئۇزاق ساناپ: «”لاإله الاالله“دىن كېيىن نېمە ئىش بار؟ بىزنىڭ ”لاإله الاالله“دىن باشقا بىر تېمىغا كۆچىدىغان ۋاقتىمىز تېخى كەلمىدىمۇ؟» دەپ سورىشىدۇ.

مەن بۇ سەھىپىلەرنى بۇ يەردە باشقا بىر تېمىنىڭ يوقلۇقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن يازدىم. كىشىلەر «باشقا تېما» دەپ قارىغان ھەر قانداق تېما قارىماققا «لاإله الاالله»دىن پۈتۈنلەي يىراق ياكى «لاإله الاالله» بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوقتەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق، ئۇ ماھىيەتتە «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئەمما، «قويۇڭلار بۇ ”لاإله الاالله“نى، زېرىكتۇق بۇ گەپلەردىن، باشقا بىر ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسى ئىزدەپ باقايلى» دەيدىغان كىشىلەرگە دەيمىزكى، بىز سىلەرنى ئەھمىيەتسىز ئىش قىلدى دەپ قارىمايمىز. قىلىڭلار! سىلەر يەتمەكچى بولغان غايەڭلارنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ دەپ قارىغان ئىشىڭلارنى قىلىڭلار! بىراق، بىز شۇنىڭغا كەسكىن ئىشىنىمىزكى، سىلەر ئۇزاق ئۆتمەي قايتىپ كېلىسىلەر. ئاخىرقى ھېسابتا: «بىزنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىمىز بىكارغا كەتتى... ئەخلاقسىز، پرىنسىپسىز كىشىلەر ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، پارىخورلۇق ۋە خىيانەت بىلەن شوغۇللىنىۋاتىدۇ... بىر-بىرىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىۋاتىدۇ. ئۇلار شەخسنىڭ مەنپەئەتىنى ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئالدىغا قويىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىمىز بىكار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمدى بىز ئىشنى باشتىن باشلىمىساق بولمىدى... بىز ئىشنى نۆلدىن باشلايلى» دەپ توۋلاپ قالىسىلەر!

ئى «ئەمەلىيەتچىل» قېرىنداشلار! بىز سىلەرنى ئىشتىن توختاتمايمىز...

ئەمما، بىز اللەنىڭ كىتابىدىن ۋە پەيغەمبەرنىڭ پرىنسىپىدىن ئۆگەنگەنلىرىمىزگە ئاساسەن، سىلەرگە مۇنداق دەيمىز: «ئىشنى ”لاإله الاالله“نىڭ ئىمانىي تەلىپىدىن باشلاڭلار، كىشىلەرنى ئۇنىڭ تەلىپى (تەقەززاسى) بويىچە تەربىيىلەڭلار. ئاندىن بارلىق نىشانىڭلارنى ”لاإله الاالله“ دىن كېلىپ چىققان ۋە كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ”لاإلـه الاالله“ بىلەن يوغۇرۇلۇپ كەتكەن ”ئىمانىي نىشان“غا ئايلاندۇرۇڭلار... ئاندىن كېيىن سىلەر ”ئەمەلىي ھەل قىلىش ئۇسۇلۇڭلار“نى ”لاإله الاالله“نىڭ سىرتىدا قويۇپ تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ ”لاإله الاالله“دىن ئۇرغۇپ چىققان ۋە ھەر بىر يۈزلىنىشتە ”لاإله الاالله“نىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇنغان ”ھەل قىلىش چارىسى“ بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى ”پەرق“كە قاراڭلار!...»

بىز سىلەرگە ھەرگىز: «كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدە ”لاإلـه الاالله“نى قۇرۇپ بولمىغىچە ھېچ ئىش قىلماي جىم تۇرۇڭلار، تەييارلىق قىلماڭلار، زېمىننى خاراب ھالىتىدە تاشلاپ قويۇڭلار» دېمەيمىز.

بەلكى، سىلەرگە مۇنداق بىر رېئال ھەقىقەتنى ئۇقتۇرىمىز: «دۈشمەنلىرىڭلار تەييارلىقىڭلارنىڭ پۇختا بولۇشىنى، زېمىنىڭلارنىڭ گۈللىنىشىنى خالىمايدۇ. ئەكسىچە داۋاملىق خار ۋە بىچارە بولۇپ، ئۇلارنىڭ چەمبىرىكىدىن چىقالماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ.»

سىلەر «لاإلـه الاالله»غا قايتمىغىچە ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتتىن ھەرگىز قۇتقۇزالمايسىلەر... سىلەر ئۆزۈڭلارنى «لاإلـه الاالله»نىڭ تەلەپلىرى بويىچە تەربىيىلەپ، ئۆزۈڭلارنى «لاإله الاالله» بايرىقى ئاستىدىكى جىھادقا ئەسكەر قىلىپ تاپشۇرغان ۋاقتىڭلاردا ئاندى

يەر شارى رىئاللىقى ئۆزگىرىدۇ.

قەلبىڭلار «لاإله الاالله»غا ئىمان كەلتۈرگەن هالدا، سەۋەپلەرنى قوللانغان چېغىڭلاردا ئاندىن تەييارلىقلار پۈتۈپ، زېمىن هەقىقى گۈللىنىدۇ.

﴿وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْقُرَى آمَنُوا وَاتَّقَوْا لَفَتَحْنَا عَلَيْهِمْ بَرَكَاتٍ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ وَلَكِنْ كَذَّبُوا فَأَخَذْنَاهُمْ بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾

«(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن هالاك قىلىنغان) شەهەرلەرنىڭ ئاهالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناهلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان-زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن هالاك قىلدۇق[①]»

* * * * *

ئىسلام ئۈيغىنىش هەرىكىتى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى تونۇپ يېتىشى، «ئەمەلىي پروگراممىلىرىڭلار قەيەردە؟ قىينچىلىقلارنى ئەمەلىي هەل قىلىش ئۇسۇلۇڭلار قانداق؟» دېگەندەك سوئاللىرى بىلەن ئۇلارنى ئەسلى غايىسىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى باشقا ياققا بۇراشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلارغا پەرۋا قىلماسلىقى لازىم.

بۇ ئۇممەتنىڭ ئىسلامغا قايتىشتىن باشقا هېچقانداق ئەمەلىي هەل قىلىش چارىسى يوق.

الله ئىسلام تارقالغان جايلارنىڭ يەر قاتلاملىرىدا

① سۈرە ئەئراف: 97- ئايەت.

ئورۇنلاشتۇرغان تەبئىي بايلىقلار ھەقىقەتەنمۇ يەر شارى مىقياسىدىكى ئەڭ زور بايلىقلاردۇر... بىراق، مۇسۇلمانلار «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىدىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن بۇ بايلىقلار ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن چىقىپ كەتتى... مانا بۈگۈن بۇ بايلىقلاردىن دۈشمەنلەر پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالدۇرماقتا. مۇسۇلمانلار «لاإله الاالله»غا قايتىپ، ئۇنىڭ «ئىمانىي تەلىپى»دىن باشلاپ، بارلىق تەلەپلىرىگە، جۈملىدىن الله يولىدا جىھاد قىلىش... تەلىپىگە تولۇق ئاۋاز قوشمىغىچە بۇ بايلىقلارنى دۈشمەننىڭ قولىدىن تارتىپ ئالالمايدۇ.

بىز كىشىلەرگە «لاإله الاالله»غا قايتىڭلار دېگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇلارغا ئەمەلىي، توغرا ھەل قىلىش چارىسىنى كۆرسىتىپ بېرىمىز. بۇ چارە ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ، ئۇلارنىڭ زېمىنىدىكى ئېگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلارنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزىدۇ... بىراق، بۇنىڭ شەرتى ئۇلار «لاإله الاالله»نىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا﴾

«الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك

كەلتۈرمەيدۇ.①»

دۈشمەنلەر مەيلى قوشۇلسۇن ياكى رەت قىلسۇن ھامان كەلگۈسى ئىسلامغا مەنسۇپ!

﴿إِنَّ اللَّهَ بَالِغُ أَمْرِهِ قَدْ جَعَلَ اللَّهُ لِكُلِّ شَيْءٍ قَدْرًا﴾

«اللە ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، اللە ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى.②»

بەلكى، مەن دەيمەن: ئىسلامنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئىشىنىدۇ.

بىراق، ئاتالمىش «مۇسۇلمانلار» ئىشەنمەيدۇ.

ئۇيغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىسى مۇشۇ «ئىشەنچ»نى كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدە بىخلاندۇرۇپ، ئۇنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇش ۋە جانلىق ئۇرۇقچا... «لاإله الاالله، محمد رسول الله» ئۇرۇقچىسىنى يېڭىدىن ئۇندۇرۇشتىن ئىبارەت.

﴿أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاءِ، تُؤْتِي أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍ بِإِذْنِ رَبِّهَا وَيَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ﴾

«اللەنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان. پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ. اللە كىشىلەرگە ۋەز-

---

① نۇر: 55- ئايەت.

② سۈرە تەلاق: 3- ئايەت.

نەسـسـھەت ئالـسۇن دەپ، ئۇلارغـا نۇرغـۇن تەمـسىللەرنى كەلتۈردۇ.[1]»

ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن كىتابنىڭ تەرجىمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى... جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

@ @ @ @ @

---

① سۈرە ئىبراھىم: 24 ـ 25 ـ ئايەتلەر.